شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال، شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا ئائىل ژۇرنال

2011

1

# BULAK



# بۇلاق

ISSN 1005-0876

源泉 (布拉克) • BULAK




مۇڭ (رەسسام: ئەسقەر تۇردى)



تالششش جېڭى (رەسسام: ئەسقەر تۇردى)

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ قوش ئايلىق ژۇرنىلى


# بۇلاق



32 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 136 - سان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



# نەۋائىي خوتەن توغرىسىدا

خوتەن مۇلكىكى جەننەتتىن نىشاندۇر،
سۇۋادى ئۇزرە جەننەت جان فىشاندۇر

ھەم ئاندا ئۆرەت باغى رەۋزە ئايىن،
ئىچىدە تۆرت قەسرى خۇلد تەزيىن،

كى بولمىش ئەردى ھولادىن مۇھەييا،
گۈلۈ ئەسمايى ئاندا قىسمى سۇرەييا

ئوتەردە جىلۋەگاھىڭ بولغۇسىدۇر،
يانادا خاكى راھىڭ بولغۇسىدۇر

(فەرھاد ۋە شىرىن) داستانىدىن

خەتتات:

# بۇلاق

2011 ـ يىللىق 1 ـ سان

باش مۇھەررىرى: ئابلەت ئىمىن    مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت


## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


خوجا مۇھەممەدشەرىف پىر تەزكىرىسى ........................................ (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەھەد مۇھەممەدئۇللا

تائام بىلەن گال ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە ........................................ (20)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مامۇتجان ئىمىن

مىرئاتى شەرق ........................................ **غىياسىددىن** (35)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **بارات تۇرسۇنباقى**


### ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر


«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ پەرغانە نۇسخىسى .................... **ئەمەك ئۇشەنمەز (تۈركىيە)** (43)

تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىغا ئاغدۇرغۇچى: **يۇسۇپجان ياسىن**

«فەرھاد ـ شىرىن» داستانىدا خوتەن تەسۋىرى ۋە فەرھاد ئوبرازى .................... **ئابلەت ياسىن بابا** (50)

سۇلتانۇل ـ ئارىفىن خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي ........................ ھەمدخان ئىسلامىي (61)
ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇسالام مۇھەممەد

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

تۇرپان توي ـ مۇراسىم قوشاقلىرى ........................................ (86)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: بوغدا ئابدۇللا
سېھىرلىك قاپاق (چۆچەك) ........................................ (89)
توپلاپ رەتلىگۈچى: راجەھ ئابدۇرېشىت ئىبراھىم

※

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: **نىگاھ** (رەسسام: مەھمۇد فەرشچىيان)

※ ※ ※

مەسئۇل مۇھەررىرى: **مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت**

مەسئۇل كوررېكتورى: **گۈلشەھەر نىغمەت**

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: **مەمەت نەۋبەت**

خەتتاتلار: **قۇربانجان شەيدائى، مەمەت نەۋبەت**

**تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2815971 ـ 0991**
ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: bulak@yahoo . cn
**تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 ـ 0991**



# خوجا مۇھەممەد شەرىف پىر تەزكىرىسى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەھەد مۇھەممەدۇللا

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللا ئۆزۈڭنىڭ پەزىلەتلىرى بىلەن ياردەم بەرگەيسەن.

ھەزرىتى خوجا مۇھەممەدشەرىف پىر — ئاللا ئۇ ئەزىزنىڭ روھىنى پاك قىلغاي — نىڭ تەزكىرىسى بۇدۇر. ئارىپلارنىڭ ئەلاسى، تەسەۋۋۇپ ئەھلىنىڭ پېشۋاسى، سېخىيلارنىڭ سەرخىلى، يولباشچىلارنىڭ يولباشچىسى، بەندىلەرنىڭ مۆلايىمى، يەنى ھەزرىتى خوجا مۇھەممەد شەرىف — ئاللا ئۇنىڭ روھىنى پاك، قەبرىسىنى نۇرلۇق، ئۇنىڭ تاۋابىئاتلىرىنى كۆپ قىلغاي — نىڭ يۈكسەك مەرتىۋىلىرى رىسالىسىدە، بۇ بۇزرۇكۋار خوجامنىڭ ماختاشقا سازاۋەر بولغان سۈپەتلىرىنى مۇنداق بايان قىلىپتۇ. بۇ بۇزرۇكۋار يەتتە يېشىدا دادىسى بۇ پانىي ئالەمدىن ئاخىرەتكە سەپەر قىلدى. خوجام يېتىم قالدى، ئانىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى قىلىشتا ھېچ سەۋەنلىك ئۆتكۈزمىدى. ئانىسى بۇ بۇزرۇكۋارنى مەكتەپكە بەردى ۋە چاقتا يىپ ئېگىرىپ سېتىپ، بالىسىنىڭ خەجلەيدىغان پۇلى ۋە ئوقۇش پۇللىرىنى بېرىپ ئوقۇتاتتى. خوجام 10 ياشقا كىرگەندە ساۋادىمۇ ئوبدانلا چىقىپ، ئىش ئۇققۇدەك بولۇپ قالدى. ئوقۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئانىسىمۇ ئالەمدىن ئۆتتى. خوجام يېتىم قالدى. پەرىشانلىقتا ئاچ - زار ئوقۇپ يۈردى. مۇشۇنداق قىلىپ خېلى ئۇزاق ۋاقىتلار ئۆتتى. بىر كۈنى پەرىشان بولۇپ يىغلاپ ئولتۇرسا، بىر بوۋاي كىرىپ سالام قىلىپ:

— ئەي بالا، يېتىملىكتە پەرىشان بولما، غەم يېمىگىن. خۇدانىڭ يولىدا بولغىن، سەمەرقەندكە بارغىن. ئىشىڭ ئۇ يەردە راۋاج تېپىپ مۇرادىڭغا يېتىسەن. بىزمۇ ساڭا مەدەتكار بولىمىز — دەپ غايىب بوپتۇ. خوجام بۇ سىرنى كۆرۈپ: «غايىب ئالەمدىكى روھ - ئەرۋاھلار، ماشايىخلار ماڭا خەۋەر بەردى بولغاي» دەپ ئويلاپ، سەمەرقەندكە بارماقچى بولۇپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ مازىرىدا تۈنىدى. شۇ كېچە ئاتا - ئانىسى بېشارەت بېرىپ: «ئەي بالام، ھەر ئىشنى شۇ بوۋاي بىلىدۇ، دېگىنىدەك قىلغىن، ھەرقانداق يەردە بولساڭ، خۇدانى يادىڭدىن چىقارمىغىن. مېھنەت، مۇشەققەت ۋە رىيازەت تارتىشقا بەل باغلىغىن. سەمەرقەندكە بارغۇچە ئىلىم ئۆگىنىشتىكى تىرىشچانلىقىڭنى يوقاتمىغىن. ئۇلۇغلارنىڭ روھلىرى سېنى تەربىيىلەيدۇ. بىزنىڭمۇ ساڭا قىلغان دۇئالىرىمىز ئىجابەت بولىدۇ. مۇرادىڭغا يەتكەيسەن» دېدى.

بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ ھەزرىتى خوجام بار نەرسىلىرىنى يىغىپ، ئاتا-ئانىسىنىڭ ھەققىدە نەزىر قىلدى.

(ئاندىن) كىتابلىرىنى ۋە ئازغىنا يول ئوزۇقلىرىنى ئېلىپ سەمەرقەند تەرەپكە راۋان بولدى. سەمەرقەندكە يېتىپ بارغان چاغدا، كەچ كىرگەن بولۇپ، ھۈنەرۋەنلەر، ھۈنەرسىز كىشىلەر بازار، دۇكانلىرىنى يىغىپ بولغانلىقىنى، (كوچىدا) ھېچ كىشىنىڭ قالمىغانلىقىنى كۆردى. ھەزرىتى خوجام ھەيران بولۇپ، نەگە بارارمەن دەپ تۇرۇشىغا، ئەتراپتىن، مۇساپىر بولساڭ ئۆزۈڭنى پاناھقا ئالغىن! دەپ تۈۋلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ھەزرىتى خوجام بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، (بۇ يەردە) ھەم ھېچ كىشىنى تونۇمايمەن دەپ پەرىشان بولدى. ھەزرىتى خوجام ھەيران قېلىپ، ئامالسىز مەسچىتكە كىردى. مۇئەززىن كېلىپ:

— ئەي بۇرادەر، قوپۇڭ، چىقىپ باشقا بىر يەرگە بېرىپ يېتىڭ، مەسچىتنىڭ بىساتى يىتسە تۆلەمگە قالىسىز — دېدى. ھەزرىتى خوجام:

— ئەي بوۋا، مەن ئوغرى ئەمەس، ئىلىم ئەھلى مۇساپىرىدۇرمەن. بۇ شەھەردە ھېچ كىشىنى تونۇمايمەن. كۈن كەچ بولدى، ئامالسىزلىقتىن ئىلاجىم يوق خۇدايىتائالاغا سېغىنىپ بۇ مەسچىتكە پاناھ تارتىپ كىردىم، — دېدى. مۇئەززىن:

— مۇساپىر بولسىڭىز، كېرەكلىك نېمىلىرىڭىزنى ماڭا بېرىڭ، ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قوياي، ئەتە كېلىپ ئېلىۋېلىڭ، — دېدى. خوجام كىتاب، بوغچىلىرىنى بەردى. مۇئەززىن بۇلارنى ئېلىپ مەسچىتنىڭ ئىشىكىنى مەھكەم ئېتىپ كەتتى. ھەزرىتى خوجام خۇدايىتائالانىڭ دەرگاھىدا تائەت - ئىبادەت، نالە ۋە زارى بىلەن مەشغۇل بولدى. تاڭ ئېتىپ، مۇئەززىن كېلىپ ئەزان ئوقۇدى. جامائەت كېلىپ ناماز ئۆتىدى. خەلق نامازدىن يېنىپ، بىر مۇساپىر يىگىتنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. موللا ئىمام:

— ئەي يىگىت، نەدىن كەلدىڭىز، قەيەردىن بولىسىز؟ — دەپ سورىدى. ھەزرىتى خوجام:

— مەن سايرامدىن بولىمەن، ئاتا - ئانامدىن كىچىك قېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بىچارە غېرىبمەن. ھېچ تونۇشۇم يوق. كۈن كەچ بولۇپ كېتىپ، مۇشۇ مەسچىتكە كىرىپ قوندۇم، — دەپ جاۋاب بەردى. موللا ئىمام:

— ئەي مۇساپىر يىگىت، مىرزا ئۇلۇغ بەگنىڭ مەدرىسەسىنىڭ ئاخۇنىغا ئەھۋالىڭىزنى دەڭ، ئەلۋەتتە سىزگە ھۇجرا راسلاپ بېرىدۇ. گاھى بىزنىڭ ئۆيلەرنىمۇ سوراپ تېپىپ كېلەرسىز، — دەپ سەمەرقەند تەكلىپىي قىلىپ تارقاپ كېتىشتى.

ھەزرىتى خوجام مەسچىتتىن چىقىپ، ئاخۇننىڭ ئۆيىنى سوراپ بېرىپ، ئىشىكتە ساقلاپ ئولتۇردى. دەرس ۋاقتى بولغاندى. ئاخۇن ئۆيىدىن چىقىپ مەدرىسەگە قاراپ ماڭدى. خوجام ئاخۇننى كۆرۈپ، سالام قىلىپ ئورنىدىن تۇردى. ئاخۇن ئاتنى توختىتىپ تۇرۇپ:

— ئەي يىگىت، نەدىن كەلدىڭىز، كىمنىڭ بالىسى بولىسىز، نېمە ئىشقا كەلدىڭىز؟، — دەپ سورىدى. ھەزرىتى خوجام ئەھۋالىنى بايان قىلدى. خوجامنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ بىر ھۇجرا بەردى. خوجام بۇ ھۇجرىنى تازىلاپ كىرىپ ئولتۇردى. ئەمما، خوجامنىڭ تازىلاپلا ھۇجرا قىلاي دېسە، سالغۇدەك ھېچنېمىسى يوق ئىدى. خوجام ۋەيرانىلەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، بىر كونا ئۆرۈق، بىر كونا بورا بىلەن بىر پۇچۇق خىش تېپىپ، پاكىز يۇيۇپ ھۇجرىغا سالدى. كېچىسى پۇچۇق خىشنى بېشىغا قويۇپ ياتاتتى. خوجام ھەر كۈنى چىقىپ ئاخۇندىن دەرس ئېلىپ ھۇجرىغا كىرىپ، ئىشىكنى مەھكەم ئېتىپ كىتاب ئوقۇش بىلەن كۈننى كەچ قىلاتتى. كېچىنى ئۈچ ھەسسىگە بۆلۈپ، بىر ھەسسىدە مۇتالىئە، بىر ھەسسىدە تائەت - ئىبادەت ۋە يەنە بىر ھەسسىدە تاڭ ئاتقۇچە تىلاۋەت قىلاتتى. ھەزرىتى خوجام گاھى مۇتالىئەگە قىزىقىپ، تائەت - ئىبادەتنىڭ زوقىدا ئۈچ كېچە - كۈندۈز ھېچنېمە يېمەيتتى. ھەتتا

ئۆزىنىڭ ئاچ ـ توقلۇقىنىمۇ بىلمەيتتى. گاھى نەپسى غەلىبە قىلسا، يېيىشكە ھېچنېمە يوق بولغاچقا، سەۋر قىلىپ، دەرھال خۇدايىتائالاغا تەشەككۇر بىلدۈرۈپ مەدھىيە ئېيتاتتى. مۇشۇنداق رىيازەت بىلەن 30 يىل مۇشۇ مەدرىسەدە ئوقۇدى. گاھى ئاچلىقتا چىدىماي، تاماق يېگۈسى كەلسە، ئاشخانىغا بېرىپ بىرەر سائەت تۇراتتى. دىماغلىرىغا ئاشنىڭ پۇرىقى ئۇرۇلغاندىن كېيىن، بىرئاز ئارام ئېلىپ، ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتەتتى. كىشىدىن بىرنېمە تىلىمەيتتى ھەم تەلەپمۇ قىلمايتتى. بۇنىڭ بىلەن 13 ـ 14 كۈن ئۆتەتتى. بىر قېتىم خوجام نەپسىنى يىغىپ 14 كۈن بولغۇچە بىر لوقمىمۇ تائام يېمىدى. خوجامدا ماغدۇر قالمىدى. بىر كېچىسى تۈن يېرىم بولغاندا، بىر كېنىزەك توققۇز ناننىڭ ئۈستىگە قويۇلغان چوڭ قاچىدىكى چۆچۈرىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. سالام قىلىپ، ھەزرىتى خوجامنىڭ ئالدىغا قويدى. خوجام:

— ئەي كېنىزەك، نەدىن كەلدىڭ ۋە كىمنىڭ خىزمەتكارى بولىسەن؟ — دەپ سورىدى. بۇ كېنىزەك:

— مەن خوجا مەئسۇد دېگەن سودىگەرنىڭ خىزمەتكارىمەن. خوجام سەپەرگە بېرىپتىكەن، خانىمنىڭ چۈشىدە بېشارەت بوپتۇ، شۇ زامانلا تاماق تەييار قىلىپ ھۇجرىنى نىشان بېرىپ ئەۋەتتى. سورا ـ سورا تېپىپ كەلدىم، — دېدى. خوجام بۇ تاماقلارنى شۇنداق ئىشتىھا بىلەن يېدى، ئاشقىنىنى كېنىزەككە ياندۇرۇپ بەردى. كېنىزەكمۇ تويغۇچە يەپ خۇش بولدى. خوجام ئىنئامدىن كۆڭلى شادلىقتا تولۇپ دۇئا ـ تەكبىر قىلدى. ئۇ كېنىزەك قايتىپ بېرىپ خوجامنىڭ ئەھۋالىنى خانىمغا بايان قىلدى. ئۇ خانىم ئېتىقاد بىلەن (خوجامغا) مۇرىت بولدى. بەش كۈندە، ئون كۈندە پاكىز تاماقلارنى پىشۇرۇپ ئەۋەتىپ بېرەتتى. خوجام كەلگەن تاماقلارنى ئۆزىگە ئوخشاش مۇساپىر، نامراتلارنى چاقىرىپ ئۇلارغا بېرەتتى. يەنە بىر قېتىملىق تاماق كەلگۈچە خۇدايىتائالاغا شۈكۈر ـ سەنا ئېيتىپ، تەۋەككۇل قىلىپ ئولتۇراتتى. ھەزرىتى خوجام شۇنداق ئىلىم ھاسىل قىلغانىدىكى، ھەر خىل ئىلىمدىن ۋە ھەر بابدىن ياخشى سۆزلەپ بېرەلەيتتى. شۇڭا، ئەل ئارىسىدا بىلىملىكلىكى بىلەن تونۇلغانىدى. ئىلىم ئۆگىنىش جەريانىدا چەككەن جاپا ـ مۇشەققەت ۋە رىيازەتلىرى شۇنچىلىك كۆپ ئىدىكى، پاك كۆڭلىدە ھېچقانداق غەشلىك قالمىدى. رىيازەت تارتقان سەۋەبتىن ھەممە غەشلىكتىن پاك بولدى. ئىشلىرى شۇ مەرتىۋىگە يەتكەنىدى. بۇنىڭ ئارىسىدا نەچچە ۋاقىت ئۆتتى. تومۇز ۋاقتى، ھەممەيلەن سەيلىگە كەتكەن بولۇپ، مەدرىسەدە ھېچ كىشى يوق ئىدى، تۆت ـ بەش كۈن ئۆتۈپ ھەزرىتى خوجام غۇسلى ـ تاھارەت قىلىپ، مۇتالىئەگە قىزىقىپ ھۇجرىدا ئولتۇراتتى، ئوتتۇرا ھال ئاۋازدىكى ئات تىۋىشى ئاڭلاندى. ھەزرىتى خوجام بېشىنى كۆتۈرۈپ «بۇ ۋاقىتتا كەلگەن كىمدۇ» دەپ ئولتۇراتتى، — «ئەي موللا مۇھەممەدشەرىف بۇياققا چىقىڭ» دېگەن بىر ئاۋاز كەلدى. خوجام بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز يۈگۈرۈپ چىقتى. بىرى قارا قاشقا ئارغىماق مىنگەن، يەنە بىرى ئاق ئارغىماق مىنگەن ئىككى بۇزرۇكۋارنى كۆردى. ئۈستىبېشىغا كىيگەن كىيىملىرى پۈتۈنلەي ئاق بولۇپ، باشلىرىغا ئاسماندىن نۇر يېغىپ تۇراتتى. ھەزرىتى خوجام سالام قىلدى. بۇ ئىككى بۇزرۇكۋارمۇ سالامنى ئىلىك ئېلىپ:

— ئەي موللا مۇھەممەدشەرىف، ئەھۋالىڭىز قانداق؟ ھارماڭ، ئاچماڭ، قايسى ھالەتتە رىيازەت تارتتىڭىز؟ — دەپ سوراپ قويۇنلىرىدىن بىرنەچچە جەۋەن ناننى چىقىرىپ بەردى. خوجام تۆۋەنچىلىك بىلەن:

— ئەي بۇزرۇكۋارلار سىلەر كىم بولىسىلەر؟ تونۇيالماي قالدىم، — دەپ سورىدى. قارا قاشقا ئارغىماق مىنگەن كىشى؛

— مېنى سۇلتان سوتۇق بۇغراخان غازى دەيدۇ، مېنىڭ تۇرار جايىم قەشقەر زېمىنىدا. بۇ كىشىنىڭ ئېتى سۇلتان خوجا ئەھمەد يەسەۋىدۇر. بۇ كىشىنىڭ تۇرار جايى تۈركىستاندىدۇر. ئىككىمىز روھىي ئالەمنى سەيلە قىلىپ، بىر مەردى قابىل كىشىنى ئىزدەپ چىققانىدۇق، ئالەمنى كەزدۇق، بىراق سىزدىن ياخشىراق قابىل ۋە لايىق كىشىنى تاپالمىدۇق. بىز ئۇنى تەربىيەلىمەكچىدۇق. قولىڭىزنى بېرىڭ، كۆزىڭىزنى يۇمۇڭ، — دېدى. (ئارقىدىنلا)، — كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، — دېگەن ئاۋاز كەلدى. خوجام كۆزلىرىنى ئاچتى، ئۆزىنىڭ بىر دەشتى - باياۋاندا تۇرغانلىقىنى كۆردى. بۇ ئىككى بۇزرۇكۋار مۇ تۇرۇپتۇ، ئۇلار:

— ئەي موللا مۇھەممەدشەرىپ، بۇ مېھنەت - مۇشەققەت ۋە رىيازەتنى تارتتىڭىز، رەھمەت سىزگە. ئۆزىڭىزنى قابىلىيەتلىك قىلىپ چىقىپسىز. ئەگەر مېنى ئىزدەپ كەلسىڭىز، قەشقەر زېمىنىغا كېلىڭ، بۇ كىشىنى ئىزدەپ بارسىڭىز، تۈركىستانغا بېرىڭ، — دەپ غايىب بولدى. خوجام بۇ ۋەقەلەرنى كۆرۈپ ئاجايىپ خۇشال بولدى. (ئۇ) سەمەرقەند تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇن كۈندە سەمەرقەندكە يېتىپ كېلىپ، مەدرىسەگە كىرىپ ھۇجرىسىنى كۆردى. چىققاندا يېرىم ئوچۇق قالغان بولۇپ، قايتىپ كەلسە يەنە شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. ھېچنېمىسى يىتمەپتۇ. خوجام ھۇجرىغا كىرىپ جابدۇنماقچى بولۇپ كۆردىكى، ھۇجرىدا بىرنەچچە پارچە كىتابتىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. ھەيران قېلىپ بىرنەچچە كۈن غەم - ئەندىشىگە چۈشتى. بىر كۈنى قورسىقى ئېچىپ ئاچ ئولتۇراتتى، ھېلىقى سودىگەرنىڭ خىزمەتكارى بىر قاچىدا ئاش، توققۇز ناننى داستىخانغا يۆگەپ، يەنە بىر بوغچا كىيىم - كېچەك، بىر ھەمياندا بەش يۈز تەڭگە خان پۇلى ئېلىپ كىرىپ كەلدى. سالام قىلىپ خوجامنىڭ قېشىغا ئەكىلىپ قويدى. خوجام تاماقنى يېدى. خۇداغا شۈكۈر قىلدى. كىيىم - كېچەكنى كىيدى. بىر ئېشەك ئالدى، سەكسەن خالتا دۇكىنى قىلىپ، خۇرجۇن تەييارلاپ، يول ئوزۇقىنى ئېلىپ، ئاشقىنىنى مەدرىسە ئەھلىگە نەزىر قىلدى. شۇ يىغىلىشتا بەزى يارانلار خوجامنى قانچىلىك (بىلىم) ئىگىلىگەندۇ دەپ، سىناپ بېقىش ئۈچۈن ھەر كىتابتىن ۋە ھەر بابتىن بەس - مۇنازىرە قىلدى. خوجام بىر مۇنازىرىگە بەش دەلىل بىلەن جاۋاب بەردى. ئۇلار خوجامغا ئاپىرىن ئېيتىپ، قول قويۇپ، ئۆزرە ئېيتتى. بارلىق ئالىي مەرتىۋىلىك زاتلار، ھۈنەرۋەنلەر، ھۈنەرسىزلەر، چوڭ - كىچىكلەر بىردەك:

— ئەي خوجام نەگە بارىدىلا؟ بىلىملىك ئالىم بولۇپلا، قايسى مەدرىسەنى كۆڭۈللىرى خالىسا مۇدەررىس بولۇپ دەرس ئۆتكەيلا، بىر بۆلەك بەندە ئارزۇ - ئىستىكىگە يېتىپ بەھرە ئالسۇن، — دەپ كۆپ ئۆتۈندى. خوجام دەرھال بۇ ۋەقەنى ئىزھار قىلماي:

— ئەي دوستلار، ئەمدى بېشىمغا سەپەر قىلىش ھەۋىسى چۈشتى. قالغان مەقسىتىمنى سەپەردە تاپقايمەن، — دېدى. ھەزرىتى خوجام دوستلىرى بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بولدى. «قەيەرگە باراي ۋە قايسى تەرەپكە بارسام بولار» دېگەن خىيالغا چۆمدى. ئاخىرى كۆڭلى قەشقەر تەرەپنى تارتتى. ھەزرىتى خوجام: «مېنى تەربىيەلەيدىغان قەشقەردىكى بۇزرۇكۋار ئوخشايدۇ» دەپ قەشقەر تەرەپكە راۋان بولدى.

ھەزرىتى خوجام شەھەرمۇ شەھەر، تاغمۇ تاغ سەيلە قىلىپ قەشقەرگە كەلدى. ناماز شام بولغاندا بىر سارايغا كېلىپ چۈشتى. ئەتىسى بۇ سارايۋەندىن:

— ئەي بوۋا، سۇلتان سوتۇق بۇغراخان غازىنىڭ قەبرىسى نەدە؟ — دەپ سورىدى. سارايۋەن مەشھەدنى نىشان قىلىپ كۆرسەتتى. (خوجام) مەشھەدكە راۋان بولدى. بىر بايىنىڭكىدە قوندى. ئەتىسى بۇ بايدىن:

— ھەزرىتى سۇلتان سوتۇق بۇغراخان غازى پادىشاھنىڭ مەقبەرىسى قەيەردىدۇر؟ — دەپ سورىدى.

بۇ باي (خوجامنى) باشلاپ كېلىپ مەقبەرىنى كۆرسىتىپ قويۇپ ياندى. ھەزرىتى خوجام ئۈچ كۈن ئىزچىل شۇ يەردە (مەقبەرىگە) يۈزلىنىپ ئولتۇردى. ئۈچىنچى كېچىسى ھەزرىتى سۇلتان سوتۇق بۇغراخان غازى پادىشاھ چىقتى. سەمەرقەند مەدرىسەسىدە قانداق كۆرگەن بولسا، شۇ سۈرەتتە كۆردى. ھەزرىتى پادىشاھ:

— ئەي موللا مۇھەممەدشەرىف، نېمە قىلىپ ئولتۇرىسىز؟ ھارماڭ، — دېدى. ھەزرىتى خوجام:

— ئەي پادىشاھىئىسلام، ئەينى چاغدا ھەزرەتلىرى پېقىرنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ بېشارەت بېرىپ كەتكەنىدىلە، مۇبارەك قەدەملىرىنى ئىزدەپ كېلىپ، تاپالماي ھەيران بولۇپ تۇرغانىدىم، — دېدى. ھەزرىتى پادىشاھ:

— ئەي موللا مۇھەممەدشەرىف، رەھمەت سىزگە. بىزمۇ سىزنى ئىزدەپ كېلىپ قالارمىكىن دەپ كۆز تۇتۇپ تۇرغانىدۇق، ياخشى كېلىپسىز. ئەي موللا مۇھەممەدشەرىف، بىزنىڭ تۇرار جايىمىز مۇشۇ، — دەپ كۆرسەتتى ۋە يەنە، — بىز ياردىمىڭىزدە بولىمىز، — دەپ غايىب بولدى.

ھەزرىتى خوجام ئىزچىل بىر ئايغىچە كۈندۈزى نەرسە - كېرەكلىرىنى ساتسا، ئاخشىمى بۇ باينىڭكىگە كېلەتتى. يۈكلىرىنى قويۇپ ئەل ئايغىنى جىمىقتۇرۇپ ئۆيدىن چىقاتتى. كېلىپ ھەزرىتى پادىشاھنىڭ نۇرانە قەبرىسى ئالدىدا تۇراتتى. ھەزرىتى پادىشاھ بىلەن ئۇچرىشىپ، تاڭ ئاتقۇچە بىللە بولۇپ، نامازنى بىللە ئۆتەپ، نامازدىن بوشىغاندىن كېيىن، يەنە شۇ باينىڭكىگە باراتتى. بىر كۈنى باي «بۇ موللا كۈندە چىقىپ كېتىدۇ، قايان بارىدىغاندۇ، ئوغرى يا قاراقچىمىدۇ؟ مەن بۇنى بىر سىناپ كۆرەي» دەپ ئويلىدى. بىر كۈنى ھەزرىتى خوجامنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ، ھەزرىتى سۇلتان سوتۇق بۇغراخان غازىنىڭ قەبرىسىگە بارغانلىقىنى كۆردى. بۇ باي بىر خالىي يەردە مۆكۈپ تۇردى. ھەزرىتى خوجام بۇ ئىشتىن بىخەۋەر بولۇپ، قەبرىگە قاراپ ئولتۇراتتى، ھەزرىتى پادىشاھ پەيدا بولۇپ:

— ئەي موللا مۇھەممەدشەرىف، ئەمدى سىزنىڭ بىزنىڭ ئارىمىز مەغرىب بىلەن مەشرىقنىڭ ئارىسىدەك يىراققا چۈشتى، — دېدى. ھەزرىتى خوجام نالە ۋە زار قىلىپ:

— ئەي بۇزرۇكۋار، مەندىن نېمە كەمچىلىك ۋە قانداق خاتالىق ئۆتتىكىن؟ — دەپ سورىدى. ھەزرىتى پادىشاھ:

— بىز سىزنى سىرداش دوست قىلغانىدۇق، بېرىپ بىر چېقىمچىنى ئېلىپ كېلىپسىز، — دېدى. ھەزرىتى خوجام ئارقىسىغا قاراپ، ئۆي ئىگىسى باينىڭ كېلىپ يوشۇرۇنۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. خوجام پەرياد قىلىپ:

— ئەي بەتبەخت! ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ، ماڭىمۇ قىلدىڭ، — دېدى. باي بۇ سىرنى كۆرۈپ قورقۇپ بېرىپ ئۆيىدە ياتتى. خوجام:

— ئەمدى نېمە قىلسام، بۇ گۇناھ مەندىن تۈگەيدۇ؟ — دەپ مۇناجات قىلىپ يەنە قاراپ ئولتۇردى. مۇنداق بىر ئاۋاز كەلدى:

— ئەي موللا مۇھەممەدشەرىف، تا سىز ئەمدى مەككىنى تاۋاپ قىلمىغۇچە، بۇ ئۇيات سىزدىن بىر تەرەپ بولماس. خوجام شۇ ھامان يېنىپ باينىڭكىگە باردى. باي خوجامنى كۆرۈپ ئايغىغا يىقىلدى. تۇۋا قىلىپ يالۋۇرۇپ:

— ئەي بۇزرۇكۋار مەن بىلمەپتىمەن، مېنى كەچۈرۈڭ، — دەپ بار بىساتىنى ھەزرىتى خوجامغا سەدىقە قىلدى. ھەزرىتى خوجام:

— ئەي باي، قىلغۇلۇقنى قىلدىڭ، ئەمدى ھېچ پايدىسى يوق. ئەمدى سەن پادشاھنىڭ مەقبەرىسىدە خىزمەتكار بول، بۇ سىرنى زىنھار كىشىگە ئېيتمىغايسەن. ماڭا مەككىگە بېرىش رۇخسەت قىلىندى، مەككىگە بارىمەن، — دېدى. يول ئوزۇقى ئېلىپ ھىندىستان يولىغا كىرىپ مەككىگە راۋان بولدى. تا نەچچە كۈن، نەچچە ۋاقىت شەھەرمۇ شەھەر يۈرۈپ، بەندەرى سۇرەت (سۇرەت لەڭگىرى) گە يەتتى ۋە كۆردىلەركى، مىڭ بەشيۈز كارۋان ئارقا ـ ئارقىدىن كېمىگە كىرگۈدەك بولۇپ تۇرۇپتۇ. ھەزرىتى خوجام يېتىپ كېلىپ، كارۋان ئەھلىگە سالام قىلدى. كېلىپ كېمىگە كىردى. بۇ كارۋان ئەھلى خوجامنى ئاجايىپ قەلەندەر (دەرۋىش سۈپەت)، مۇشەققەت ۋە رىيازەت تارتقۇچىدەك كۆردى. (خوجام) كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە تائەت ـ ئىبادەت بىلەن، كۈندۈزى تەسبىھ، تەھلىل ئېيتىش ، روزا تۇتۇش، تىلاۋەت قىلىش، قۇرئان ئوقۇش بىلەن مەشغۇل ئىدى. كارۋانلارنىڭ سەدىقىلىرى بولسا، ھەزرىتى خوجامغا بېرەتتى. (خوجام) دۇئا ـ تەكبىر قىلاتتى. شۇ تەرىقىدە نەچچە كۈن كېمىدە ماڭدى. توساتتىن بىر تەرەپتىن شۇنداق بوران چىقتىكى — ئاللا ئۇنىڭدىن ساقلىسۇن — كېلىپ كېمىگە تەگدى. كېمىنى بوران ئېلىپ ماڭدى. كارۋان ئەھلى بۇ بالانى كۆرۈپ نالە ـ زار قىلىشتى. تەۋبە قىلىشىپ گۇناھلىرىنى تىلەشتى. ھەممىسى سەدىقە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىشىپ، دۇئا ـ تەكبىر قىلىشتى. ھېچ كىشىنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولمىدى. ھاۋا ئېچىلمىدى. كېمە (سۈرئىتى) گوياكى مىلتىق ئوقىدىنمۇ تېز بولۇپ، قايىنام تەرەپتىكى ئىسكەندەر مۇنارىغا قاراپ ماڭدى. بۇنى كۆرگەن خالايىق «ۋاي خۇدا، ۋاي مۇسىبەتا» دەپ، بىر ـ بىرىنى قۇچاقلاپ يىغلىشىپ، ئۆزئارا رىزالىشىپ، جان قايغۇسىدا خوجامنىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلىپ ئۆزرە ئېيتىشىپ:

— ئەي، دەرۋىش، سىزنىڭ جىسمىڭىز ھەممىدىن پاكتۇر، بىر دۇئا قىلسىڭىز شەكسىزكى، سىزنىڭ دۇئايىڭىز ئىجابەت بولۇپ، خۇدايىتائالا بىزنى بۇ بالادىن خالاس قىلغان بولاتتى، — دېيىشتى. ھەزرىتى خوجام دەرھال قوپۇپ قول ئېچىپ دۇئا قىلدى. كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ تۇرۇپ مۇناجات قىلدى. مۇناجات: «ئەي پۈتكۈل ھاياتلىقنىڭ پەرۋىشكارى بولغان پەرۋەردىگارىم، بىزگە ياردەم بەرگىن، سېنىڭدىن ئۈمىد كۈتۈپ، سېنىڭ يولۇڭدا باش قويۇپ، نالە ـ زار قىلىۋاتقان غېرىبلارغا پاناھ بولغىن، بىز قۇدۇق تېگىگە چۈشۈپ كەتكەن ئەسىرلەردەك، كۆزىدىن ياش تۆكۈۋاتقان بىغۇبار بالىلاردەك، يۈرەك ـ باغرى كۆيگەن بىچارە قېرى مەزلۇملاردەك كىشىلەرمىز. قان ـ زەرداب بىلەن تولغان دىلىمىزغا رەھىم قىلغايسەن، بۇ غەم قايىنىمىنى بىزدىن يىراق قىلغايسەن. ئەي ئەڭ كەرەملىك، ئەڭ رەھىملىك پەرۋەردىگارىم» دەپ دۇئا قىلدى. كېمە قايىنامغا چۈشتى. مۇسۇلمانلار بۇ ھالنى كۆرۈپ ھوش ـ باشلىرىدىن كەتتى. ئۆلمەكتىن باشقا چارە قالمىغان بۇ مۇسۇلمانلار يېمەك ـ ئىچمەكتىن قالدى. جان ۋەھىمىسىدە قالغان (بۇ) بىر توپ خەلق جان تەسلىم قىلدى. ھەرقانچە ئويلاپمۇ ھېچ ئىلاجىنى تاپالمىدى. قىرىق كۈنگىچە بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ بوغۇزىدىن بىر لوقما تائام، بىر يۇتۇم سۇمۇ ئۆتمىدى. ھەممە كىشى نالە ـ زار ۋە داد ـ پەرياد قىلىپ، «ۋاي خۇدا، ۋاي مۇسىبەتا» دېيىشتى. بۇ كېمىنىڭ ئىچىدە گوياكى قىيامەت قايىم بولدى. ھەزرىتى خوجام كېمىنىڭ ئىچىدە ناماز ئۆتەپ ئولتۇرۇۋەردى. كىشى كىشىنىڭ ھالىغا يەتكۈدەك ماجال قالمىغانىدى. مەدىكارلىق قىلىدىغان چوڭ ياشتىكى بىر كىشى:

— ئەي خالايىق، مەن بىر مەسلىھەت قىلاي، ئەگەر ماقۇل بولساڭلار ئېيتاي — دېدى. ھەممە كىشى ھەيران بولۇپ:

— بىزنى بۇ بالادىن قۇتۇلدۇرىدىغانلا ئىش بولسا، نېمە بولسا دەڭ، — دېدى. بۇ كىشى:

— مۇبادا كېمە قاينامغا چۈشۈپ كەتسە، ئىسكەندەر مۇنارىغا چىقىپ دۇمباقنى چالسا، كېمە قاينامدىن چىقىدىكەن دەپ ئاڭلىغانمەن، بۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاج يوق — دەپ ئېيتتى. ھەممە كىشى ئۇنداق بولسا چىقىپ دۇمباقنى چالايلى دېيىشىپ، كېلىپ قارىسا، مۇنارنىڭ بېشىدا بىر زەنجىر بار بولۇپ، ھەر كىم بۇ زەنجىرنى تۇتاي دەپ ئۇرۇندى. زەنجىر خېلى ئېگىز ئىدى. بەزى كىشىلەر كېمىنىڭ لېۋىگە چىقىپ سەكرەپ تۇتالماي بېلىقلارغا يەم بولدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلاجسىز قىلغان پەريادلىرى ئاسمانغا يەتتى. ھەزرىتى خوجام بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ نالە - زارىنىڭ ھەددىدىن ئاشقانلىقىنى كۆرۈپ، چىداپ تۇرالماي ئىچ - باغرى ئۆرتەندى. ھەزرىتى خوجام چاچراپ قوپۇپ:

— ئەي مۇسۇلمانلار، مەن جېنىمنى بەندىلەر ئۈچۈن خۇدا يولىدا سىزلەرگە سەرپ قىلاي، خۇدا خالىسا، سىلەر خەۋپتىن قۇتۇلغايسىلەر، مۇنچە كىشىنىڭ ئۆلگىنىدىن، بىرلا كىشىنىڭ ئۆلگىنى ياخشىراق ئەمەسمۇ، — دېدى. مۇسۇلمانلار ھەزرىتى خوجامغا دۇئا قىلدى. خوجام كېمىنىڭ لېۋىگە كېلىپ زەنجىرنىڭ خېلى ئېگىزلىكىنى كۆردى. خوجام كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۇرۇپ، «ياپىرىم» دەپ سەكرەپ قول ئۇزاتتى. زەنجىرنى تۇتۇۋېلىپ كۆزىنى ئاچتى. ئۆزىنى ئىسكەندەر مۇنارىنىڭ ئۈستىدە كۆردى. شۇ ھامان ئىككى رەكئەت شۈكرانە نامىزى ئۆتىدى. دۇئا - تەكبىر قىلدى. مۇسۇلمانلار ھەزرىتى خوجامنى ئىسكەندەر مۇنارىنىڭ ئۈستىدە كۆرۈپ، گوياكى شۇ ھامان قاينام غېمىدىن خالاس بولغاندەك بولدى، يېڭىباشتىن جان كىردى. ھەزرىتى خوجام دۇمباق چوكىسىنى قوللىرىغا ئېلىپ كائىناتنىڭ ئىگىسىگە ۋە بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ خۇلاسىسى بولغان ھەزرىتى مۇھەممەد مۇستاپا — ئاللا ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — غا دۇئا قىلىپ، دۇمباقنى چالدى. سۇ قاينامدىن مەۋج ئۇرۇپ، مۇناردىنمۇ ئېگىز ئۆرلىدى. نەچچە يىللار ۋە نۇرغۇن قەرنەلەر(ئەسىرلەر) بۇ قاينامدا قالغان كونا كېمىلەردە خالايىقنىڭ چىرىگەن ئۇستىخانلىرى بار ئىدى.

ھەممە كىشى قاينامدىن چىقتى. خوجام مۇنارنىڭ ئۈستىدە يالغۇز قالدى. ھەممە خەلق قاينامدىن چىقىپ يولىغا راۋان بولدى. كارۋان ئەھلىنىڭ ھەممىسى:

— ۋاي ئىسىت، شۇ بۇزرۇكۋارنىڭ ياردىمىدە مۇنچىۋالا بەندىلەر ئۆلۈمدىن قۇتۇلدى. كاشكى ئۆزىمۇ ھەم قۇتۇلۇپ كېلەلىگەن بولسىدى، بىز ھەممە مال - بىساتىمىزنى سەدىقە قىلىپ بەرگەن بولار ئىدۇق، — دېيىشتى. ھەممىسى خوجامغا ئەپسۇسلىنىپ پەرىشان بولۇشتى. ھەزرىتى خوجام مۇنارنىڭ ئۈستىدە قالغىنىغا ئۈچ كۈن بولغان بولۇپ، تۆت تەرەپكە قارىسا، سۇدىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. ھەزرىتى خوجام دەردكە تولغان دىلىدىن سوغۇق بىر ئاھ تارتتى، كۆزلىرىدىن ياشلار ئاقتى. ھەزرىتى خوجام (ئاللا) نى سېغىنىپ، يالاۋاشتاق بولۇپ، يۈرەكلىرىنى يارا ۋە كۆڭۈللىرىنى خەستە قىلىپ دۇئا قىلدى. قىلغان نالىسى يەتتىنچى ئاسمانغا يەتتى. پەرىشتىلەرمۇ نالە قىلىشقا باشلىدى. ھەزرىتى خوجام قول ئېچىپ دۇئا قىلدى. ئاسمانغا بېقىپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى. مۇناجات: ئەي خۇدا، سەن مېنىڭ مەقسىتىمسەن، مېنىڭ ئىبادەت قىلىدىغىنىمسەن، سەجدە قىلىدىغىنىمسەن، سەن مېنىڭ مەدەتكارىمسەن؛ ئەي خۇدا نىدا قىلىدىغىنىمسەن ، توغرا يولغا باشلىغۇچىمسەن؛ ئەي خۇدا، سەندىن باشقا تايانچىم يوق، مېنىڭ مەدەتكارىمسەن، مەن سېنىڭ ئاسىي، گۇناھكار قۇلۇڭدۇرمەن، مەن غەم ئىلكىدە ئەسىر بولۇپ قالدىم، سەن مېنىڭ مەدەتكارىمسەن؛ ئەي خۇدا، سەن مېنىڭ ئىلاھىمسەن، شاھىتىمسەن، ھەم مېنىڭ باشپاناھىمسەن، سەن مېنىڭ مەدەتكارىمسەن، غەمخانەمسەن؛ ئەي خۇدا، ئەمىر قىلغۇچىسەن؛ ئەي خۇدا، ياخشىلىق قىلغۇچىسەن؛ ئەي خۇدا، سەن مېنىڭ مەدەتكارىمسەن؛ ئەي خۇدا، مېنىڭ كۆپ

گۇناھىم بار، نۇرغۇن دەردۇ - ئاھىم بار، گۇناھكارىڭمەن؛ ئەي خۇدا، سەن مېنىڭ مەدەتكارىمسەن. ھاياتبەخش ئەتكۈچۈمسەن؛ ئەي خۇدا، دەردىمگە يەتكۈچىسەن؛ ئەي خۇدا، سەندىن باشقا پاناھىم يوق؛ ئەي خۇدا، سەن مېنىڭ مەدەتكارىمسەن. شۇ تاپتا، يىغلىغۇچى، كاۋاپ بولغۇچىمەن؛ ئەي خۇدا، ھەيران بولدۇممەن؛ ئەي خۇدا، سەن مېنىڭ مەدەتكارىمسەن؛ ئەي خۇدا، مەنكى ئابدالى مىسكىن، ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغاندەك غەمكىندۇرمەن، ساڭا ئامىن، ئەي خۇدا، سەن مېنىڭ مەدەتكارىمسەن.

ئارقا تەرەپتىن ئات تىۋىشى كەلدى. خوجام ئارقىغا قاراپ سۇنىڭ ئۈستىدىن توغ چىقىرىپ بىر قارا قاشقا ئارغىماق مىنگەن ھەزرىتى سۇلتان سوتۇق بۇغراخان غازى يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆردى.

— ئەي موللا مۇھەممەد شەرىف قورقماڭ، قولىڭىزنى بېرىڭ، كۆزىڭىزنى يۇمۇڭ، — دېدى. ھەزرىتى سۇلتان سوتۇق بۇغراخان غازى ھەزرىتى خوجامنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ ئاتقا مىندۇردى. ۋە يەنە:

— كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، — دېدى. ھەزرىتى خوجام كۆزلىرىنى ئاچتى، ئۆزىنىڭ بىر دەريانىڭ لېۋىدە، يارنىڭ بېشىدا ھەزرىتى سۇلتان سوتۇق بۇغراخان غازى بىلەن بىللە تۇرغانلىقىنى كۆردى. ھەزرىتى پادشاھ قوينىدىن بىر جەۋەن نېنى چىقىرىپ (خوجامغا) بەردى ھەمدە:

— ئەي موللا مۇھەممەد شەرىف، مۇشۇ يەردە تۇرۇڭ، بۇ تاغنىڭ ئاستىدا خەلق بار، كارۋان كەلگۈچە سىز بېرىپ شۇلاردىن ئارغامچا يىغىپ ئولتۇرۇڭ. كېمە مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇنى تارتىۋالغايسىز، — دەپ غايىب بولدى.

ھەزرىتى خوجام قىرىق كۈنگىچە ئارغامچا يىغىپ، بۇ يارنىڭ بېشىدا ساقلاپ ئىنتىزار بولۇپ ئولتۇردى. دەل قىرىق كۈن بولۇپ، ھەزرىتى خوجام تەسبىھ ئېيتىپ ئولتۇراتتى، چاشگاھ ۋاقتى بولغاندا: «بىزنى تارتىۋالغۇدەك خۇدانىڭ بىرەر بەندىسى بارمۇ؟» دېگەن ئاۋاز كەلدى. ھەزرىتى خوجام يۈگۈرۈپ يارنىڭ بېشىغا كەلدى. ھەزرىتى خوجام كېمىنىڭ يارنىڭ تۈۋىگە كېلىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ھەزرىتى خوجام ئارغامچىلارنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ تاشلىدى. ھەممە خەلقنى تارتىپ ئالدى. بۇ كىشىلەر خوجامنى تونۇپ، ھەممىسى ھەزرىتى خوجامنىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلىپ باش قويدى. ھەممە ماللىرىنى ھەزرىتى خوجامغا سەدىقە قىلدى. ئۇلار:

— ئەي بۇزرۇكۋار، بىز سىزنىڭ قۇلىڭىز، باشقىلارغا ساتسىڭىزمۇ پەرمانبەرداردۇرمىز، — دېدى. ھەزرىتى خوجام:

— ئەي مۇسۇلمانلار، مەن جېنىمنى خۇدا يولىدا پىدا قىلغانىدىم، ئەجرىمنى بەردى. خۇداغا شۈكۈر، سالامەت چىقتىم، دىدار كۆرۈشتۇق، — دەپ ھېچنېمە ئالمىدى.

ھەزرىتى خوجام مەككىگە راۋان بولدى. بۇ كارۋان ئەھلى بىلەن ئون كۈندە مەككىگە يەتتى. مەككىدە شۇنداق شۆھرەت بولدىكى، تاتار زېمىنىدىن بىر بۇزرۇكۋار كېلىپ، ئىسكەندەر مۇنارىغا چىقىپ دۇمباقنى چېلىپ، نەچچە مىڭ كىشىنى ۋە قاينامغا چۈشۈپ كەتكەن كېمىنى چىقىرىپتۇ. ئۆزى مۇنارنىڭ ئۈستىدە يالغۇز قالغانىكەن، يەنە كېمە چىقىدىغان چاغدا كېلىپ، كېمىدىكى خەلقنى تارتىۋاپتۇ. بۇ خەلق بار - يوقىنى سەدىقە قىلسا، ھېچنېمە ئالماپتۇ، دەپ نامى چىقىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر كېلىپ ھەزرىتى خوجامغا باش قويدى. ھەج بولىدىغان كۈنى خەلق جەم بولدى. مەككە ئۇلۇغى ئەرافات تېغىغا چىقىپ دۇئا قىلاتتى. ئالەمنىڭ ھەممە يېرىدىن تاۋاپقا بارغان خەلق، قۇل ۋە ھۆرلەر بولۇپ يەتمىش مىڭ كىشى بار ئىدى. بۇ ھاجەتمەنلەر يالاڭباش، بەدىنىگە لۆڭگىنى ئورىۋالغان (ئېھرام باغلىغان) بولۇپ، «ئامىن، ئامىن» دەپ تۇراتتى. بۇ مەككىنىڭ ئۇلۇغى كۈن كەچ بولغۇچە دۇئا قىلدى. بۇ يەردە تۇرغان چوڭ -

كىچىك ھاجەتمەنلەر ئىسسىق تاغنىڭ ئۈستىدە ئاچ-زار ھالەتتە «ئامىن» دەپ تۇراتتى. دۇئا ئىجابەت بولغانلىقتىن ھېچ ئەسەرمۇ بولمىدى. ئاخىر غايىبتىن: «ئەي مەككە ئۇلۇغى، تاتار زېمىنىدىن كەلگەن خوجا مۇھەممەد شەرىف دېگەن كىشى دۇئا قىلمىغۇچە دۇئا ئىجابەت بولمايدۇ» دېگەن ئاۋاز كەلدى. شۇ ھامان مەككە ئۇلۇغى تاغنىڭ بېشىدىن چۈشۈپ:

— ئەييۇھەنناس، بىلىڭلار ۋە ئاگاھ بولۇڭلار! بۇ دۇئا خوجا مۇھەممەد شەرىف بۇزرۇكۋارغا توختىتىلغانىكەن، — دەپ تۇۋلىدى. مەككە ئۇلۇغى باشچىلىقىدىكى ھەممە كارۋان ئەھلى ھەزرىتى خوجامنى باشلىرىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ ئەرافات تېغىنىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ قويدى. مەككە ئۇلۇغى (خوجامنى) تۆگىگە مىندۈرۈپ قويدى. ھەزرىتى خوجام يالاڭباش، يالىڭاچ بولۇپ، ئېھرام باغلاپ تۆگىنىڭ ئۈستىدە يىغلاپ تۇرۇپ قول كۆتىرىپ دۇئا قىلدى. مەككە ئۇلۇغى باشچىلىقىدىكى ھەممە خەلق نالە ۋە زار بىلەن «ئامىن، ئامىن» دەپ تۇردى. بىر چاغدا يەنە : «ئەمدى دۇئا ئىجابەت بولدى» دېگەن ئاۋاز كەلدى. شۇ ھامان ھەزرىتى خوجام دۇئانى تۈگىتىپ (پەسكە) چۈشتى.(ھەممەيلەن) خوجامنى مۇبارەكلىدى.

(خوجام) دۇئاگاھدىن يېنىپ، ھەزرىتى مەككىنى تاۋاپ قىلىپ ياندى. بەزى مۇسۇلمانلار خوجام بىلەن مەدىنەدىكى ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام — ئاللا ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — نىڭ ئەتىر ھىدلىرى بىلەن تولغان، پاك، نۇرلۇق ، مۇقەددەس، مۇبارەك قەبرىسىگە قاراپ ماڭدى. ئون كۈندە مەدىنەگە يەتتى. كارۋان ئەھلى بىلەن بىللە ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلدى. ھەزرىتى رەسۇلىللانىڭ تۇپراق بېشىدا ئۈچ كۈن تۇنىدى. ھەزرىتى پەيغەمبەر — ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن — خوجامغا مۇنداق بېشارەت بەردى: «ئەي موللا مۇھەممەد شەرىف، ھەممىنى پىرىڭىز ئېيتىپ بېرىدۇ. پىرىڭىزنىڭ ئېيتقىنىنى بويىچە قىلغايسىز. پىرنىڭ ئەمرى خۇدانىڭ ئەمرى، پىرنىڭ بۇيرۇغىنىنى قىلغايسىز» دەپ رۇخسەت بەردى.

ھەزرىتى خوجام بۇ كارۋان ئەھلى بىلەن خوشلىشىپ، سۈرەت لەڭگىرى ئارقىلىق ھىندىستاننى سەيلە قىلغاچ، كۈنجۈت يولى بىلەن ئۇدۇل چىقتى. بۇ كەنتتە بىرنەچچە ئۆيلۈك جامائەتنىڭ بارلىقىنى كۆردى. پېشىن نامىزى ۋاقتى بولغانىدى، ھەزرىتى خوجام بىر يەردىن سۇ تېپىپ تاھارەت ئېلىپ، پېشىن نامىزىنى ئوقۇدى. بۇ يەردىكى خەلق ھەزرىتى خوجامنى كۆرۈپ قەدىر ئەھۋال ھەرقايسىسى توققۇز نان، بىرەر چىنىدىن قېتىق ئېلىپ بېرىپ، ھەزرىتى خوجامنى يوقلىدى. خوجام ھەرقايسىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ياندۇردى. ھەزرىتى خوجام شۇ كېچىسى ئاشۇ يەردە قوندى. تاڭ سەھەردە ھەزرىتى خوجام پاك ئەرۋاھلارغا يۈزلىنىپ ئولتۇراتتى، ئۇدۇلىدىن بىر ئەزىز چىقىپ خوجامغا سالام قىلدى. (ئۇ):

— ئەي موللا مۇھەممەد شەرىف، پاك قەدىمىڭىز بىلەن كېلىپسىز. ئۈچ يۈز يىل بولدى. مەن ئەسلىي بۇ يەردە خەلقئالەمگە دىنىي قائىدە توغرىسىدا كۆرسەتمە بېرەتتىم. ئۆيلىمىغان يەردىن بىر ئېغىز كۆرسەتمىنى خاتا ئوقۇپ قويۇپتىكەنمەن، شۇنىڭ جازاسىغا بۇ يەردە ياتقىنىمغا ئۈچ يۈز يىل بولدى. ئۆڭ كۆزۈمدىن بىر تۇپ ئازغان ئۈنۈپتۇ، ھەر قېتىم شامال چىقسا، بۇ ئازغان تەۋرەپ، مېنىڭ جېنىم قىينىلىدۇ، شۇ ئازغاننى ئېلىۋەتسىڭىز نېمە بولغاي، — دەپ كۆزدىن غايىب بولدى. ئەتىسى ھەزرىتى خوجام ناماز ئوقۇپ بولۇپ، بۇ كەنتتىن ئۈچ ـ تۆت كەتمەنچى كىشىنى تېپىپ كەلدى. ھەزرىتى خوجام ئۇلارنى شۇ يەرنى كولاشقا بۇيرۇدى. ئۇلار يەرنى كولاشقا باشلىدى، بۇ يەر ئەسلىي بىر تول مەزلۇمنىڭ يېرى ئىدى. مەزلۇم بۇ ئىشنى كۆرۈپ پەرياد قىلىپ:

— مېنىڭ يېرىمنى بۇزماڭلار، بۇزساڭلار مەن خانغا ئەرز قىلىمەن، — دېدى. ھەزرىتى خوجام:
— ئەي مەزلۇم، قانچىلىك يېرىڭىز بۇزۇلسا، مەن تۆلەپ بېرەي، — دېدى. ئۇ مەزلۇم ئۇنىمىدى، شۇ چاغدا ئابدۇرەشىدخان پادىشاھ ئىدى. خان سەيلىگە چىققانىدى. بۇ مەزلۇم خانغا ئەرز قىلدى. خان بىر ياساۋۇلنى: «بېرىپ ئۇلارغا ئېيتقىن، بۇ قانداق كىشىلەر، كىشى يېرىنى نېمە ئۈچۈن بۇزىدۇ؟» دەپ (سوراشقا) ئەۋەتتى. بۇ ياساۋۇل كېلىپ خوجامغا ھەيۋە قىلدى. ھەزرىتى خوجام بۇ ياساۋۇلغا غەزەپ بىلەن بىر قارىۋىدى، بۇ ياساۋۇلنىڭ ئېتى مۆڭەپ تاشلىدى. بۇ ياساۋۇل تەسلىكتە ئېتىغا مىنىپ قاچتى. بۇ ياساۋۇل كېلىپ خانغا ئەرز قىلدى. خان يەنە بىر ياساۋۇلنى «سەن ھەيۋە قىلماي سورىغىن» دەپ ئەۋەتتى. بۇ ياساۋۇل يىراقتىنلا ئاتتىن چۈشۈپ، تەزىم قىلىپ كەلدى. ھەزرىتى خوجامغا سالام قىلغاچ، — خان ھەزرەتلىرى مېنى سىلىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكلىرىنى، كىشىنىڭ يېرىنى نېمىشقا بۇزىدىغانلىقىنى سوراپ باققىن دەپ ئەۋەتكەنىدى — دېدى. خوجام:
— مەن مەككىدىن كەلگەنىدىم، كۆن كەچ بولغاندا، بۇ يەرگە كېلىپ قونغانىدىم. بۇرۇنقى زاماندا بىر ئەزىز كېلىپ ياتقانىكەن، ئۇ ماڭا: «مەن ئەسلىي بۇ يەردە خەلقئالەمگە دىنىي قائىدە توغرىسىدا كۆرسەتمە بېرەتتىم. بىر ئېغىز كۆرسەتمە خاتا بولۇپ قاپتىكەن، شۇ سەۋەبتىن ئوڭ كۆزۈمدىن بىر تۈپ ئازغان ئۈنۈپ چىقتى. مەن ئازاب تارتىۋاتىمەن» دەپ ئەرز قىلدى. شۇڭا، كولىدۇق، — دەپ تۇرۇشىغا گۆرنىڭ ئېچىلىشى تەڭ كەلدى. بىر توپ خەلق ھەزرىتى خوجامنىڭ كەينىدىن كېلىپ كۆردى.(ئىش) خوجام ئېيتقاندەك راست چىقتى. ھەزرىتى خوجام گۆرنىڭ ئىچىگە چۈشتى. ئۇ ئازغاننى تۈپ يىلتىزىدىن يۇلۇۋەتتى. يەنە ئۇ ئەزىزنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، قەبرە تۇرغۇزدى ۋە تۇرار جاي سېلىپ قويدى.
ياساۋۇل بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ، بېرىپ خانغا ئېيتىپ بەردى. ئابدۇرەشىدخان شۇ ھامان بارلىق بەگلىرى بىلەن ئاتلىنىپ، ئۇ يەرگە كەلدى. بىر توپ خەلق ھەزرىتى خوجامغا نەزىر سەدىقىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ باش قويدى. پېشىن ۋاقتى بولغاندا خوجام ناماز ئۆتىدى. نامازنى ئوقۇپ بولۇپ ئولتۇرغانىدى، ئابدۇرەشىدخان سالام قىلىپ كىرىپ كەلدى. ھەزرىتى خوجام، ئەي خان، كۆرۈشەيلى، دەپ قول ئۇزاتتى. خان تەزىم قىلىپ، ئۇچىسىنى تۇتۇپ بەردى. ھەزرىتى خوجام مۇبارەك قوللىرى بىلەن خاننىڭ ئۇچىسىنى سىلاپ قويدى. بىر - بىرىدىن ھاردۇق سوراشتى. شۇ كۈن كېچىسى ۋە ئاتىلا كېچىسى سۆھبەت قىلىشتى. ھەزرىتى خان خوجامنى خوپ (پەملىدى)چۈشەندى. ئەۋلىيالىرىنى (باشقىلارغا) باتۇر، ئۇلۇغ ئەۋلىيا ئىكەن دەپ مەلۇم قىلدى. ھەزرىتى ئابدۇرەشىدخان بارلىق چوڭ - كىچىك بەگلىرى بىلەن مەسلىھەت قىلىپ:
— ئەي، بەگلەر، مەن بۇ بۇزرۇكۋارغا قول بېرىپ پىر تۇتماقچىمەن. بۇ دۇنيادا مەيلى شاھ - پادىشاھ بولسۇن، پېقىر ياكى گاداي بولسۇن، ناۋادا ئۇ بىر پىرگە قول بەرمىسە، ئۇنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرىتى بولمىغاي. مۇنداق بۇزرۇكۋار بۇ يۇرتقا كەلگەن ئەمەس. غەپلەتتە قالمىساق ياخشىدۇر، — دېدى. بەگلەرمۇ:
— بىزمۇ قول بەرسەك، ئېتىقاد قىلساق، ئاتىلا قىيامەت كۈنى بىزنى رەسۇلۇللانىڭ قېشىغا باشلايدۇ، — دەپ ھەممىسى تۆۋا قىلىشىپ ۋە گۇناھلىرىنى تىلەپ، بويۇنلىرىغا قارا ئارغامچا سېلىپ كېلىپ، ھەممە خەلق (خوجامغا) قول بەردى. ھەزرىتى خوجام بۇلارنى قوبۇل قىلىپ، بىر نەچچە پەندى - نەسىھەت قىلدى. سۆھبەت ۋايىگە يەتتى.

ئابدۇرەشىدخان شۇ تەرىقىدە بىر نەچچە كۈن مۇشۇ يەردە بولدى. ھەزرىتى خوجام نەچچە كۈننىڭ ئىچىدە بىر خانىقا سالدى. بەش - ئون تاغارلىق يەر ئېلىپ خانىقاغا ۋەخپە قىلدى. شەيخ ۋە باشقۇرغۇچى تەيىنلەپ قويدى. خان ھەزرىتى خوجامنى تەكلىپ قىلىپ:

— ئەي، بۇزرۇكۋار، ئەمدى شەھەرگە بارساق، بۇ سەھرانىڭ توپا - چاڭلىرىنى يۇساق، — دېدى. ھەزرىتى خوجام خان بىلەن ئاتلىنىپ سەيلە قىلىپ، قاغىلىق دېگەن جايغا كەلدى. كەنت ئارىسىدا بىر چۆل بارلىقىنى كۆرۈپ، ھەزرىتى خوجام، ئەجەب بەلەن يەر ئىكەن، مۇشۇ ۋاقىتتا بۇ يەردە بىر مەھەللە قۇرساق قانداق بولار، دەپ كېلىپ بۇ يەرگە چۈشتى. خوجامنىڭ ئارقىسىدا بىر نەچچە سوپى بار ئىدى، ئۇلار خوجامغا چالما ۋە لاي ئېلىپ بەردى. ھەزرىتى خوجام بۇ يەردە بىر مەسچىت - خانىقا سالدى. ھەزرىتى خان خوجامغا:

— ئەي بۇزرۇكۋار، نېمە قىلماقچى بولسىلا، بىزگە دېسىلە، بىز قىلايلى، — دېدى. ھەزرىتى خوجام:

— بۇ يەرگە مەسچىت - خانىقا سالىمەن، — دېدى. ھەزرىتى خان بارلىق لەشكەرلىرى بىلەن بۇ مەسجىتنىڭ تۆت تەرەپ تېمىنى تەييار قىلدى. ئەتىسى مەسچىتكە ياغاچ سالدى. تاڭلىسى نامازدىن يېنىپ قارىسا، مەسجىدنىڭ بىر تېمى ئۆرۈكلۈك تۇرۇپتۇ. يەنە سالدى. تاڭلىسى يەنە ئۆرۈكلۈك تۇرۇپتۇ. ئۈچىنچى، تۆتىنچى كۈنىمۇ ھەم شۇنداق. يەنە سالسا، يەنە ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ. بەشىنچى كۈنى ھەزرىتى خوجام، مەن بىر قاراپ باقاي، بۇ زادى نېمە ئىشتۇ، دېدى. كېچىسى پاك ئەرۋاھلارغا سىغىنىپ ئولتۇردى. تۈن يېرىمى بولغاندا، بىر ئاق تۆگە پەيدا بولۇپ، مۈرىسى بىلەن (تامنى) ئۇردى، تام يىقىلدى. خوجام قوپۇپ بۇ تۆگىنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— قانداق جانسەن؟ ئۆزۈڭنى ماڭا ئاشكارا قىل، مېنىڭ ئەتكەن ئىمارىتىمنى نېمىشقا بۇزۇۋېتىسەن؟ — دېدى. تۆگە دەرھال ئەسلىي سۈرىتىگە كېلىپ، ھەزرىتى خوجامغا سالام قىلىپ:

— ئەي موللا مۇھەممەد شەرىف، مەن ھورمۇز شەھىرىدىن كېلىپ مۇشۇ يەردە ياتقانىدىم. مېنىڭ يېنىمغا بىر بۇتپەرەسنى ئەكىلىپ كۆمدى. بۇتپەرەسنىڭ بىر چويۇن بۇتى، بىر كۆپ ئالتۇنى بار، بۇنىڭ شۇملۇقىدىن كېچىسى ياتالمايمەن. بۇنىڭ ئۈستىگە سىز يەنە تام سالدىڭىز، — دېدى. ھەزرىتى خوجام:

— ئەي ئەزىز سىلىنىڭ ئاتلىرى نېمە؟ — دەپ سورىدى. بۇ ئەزىز:

— مېنىڭ ئېتىم مەۋلانا خوجا مۇھەممەد ھورمۇزى، — دەپ غايىب بولدى. ھەزرىتى خوجام ئەتىسى نامازدىن كېيىن، بۇ تامنىڭ تېگىنى كولىغىلى ئادەم سالدى. ھەزرىتى خان:

— ئەي، بۇزرۇكۋار، بۇ تامنى نېمە ئۈچۈن كولايلا؟ — دەپ سورىدى. ھەزرىتى خوجام بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. بۇ يەرنى كولىغانىدى، ئادەمدەك چوڭلۇقتا بىر چويۇن بۇت، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر كۆپ ئالتۇن چىقتى. (خوجام) بۇ ئەزىزنىڭ ئۈستىخىنىنى ئېلىپ باشقا بىر يەرگە قويدى، مازار ۋە ئىمارەت بىنا قىلدى. بىر كۆپ ئالتۇننى سېتىپ، مازارغا ۋە خانىقاغا يەر ۋە سۇ ئېلىپ ۋەخپە قىلدى. بۇ چويۇن بۇتنىمۇ بىر چوڭ قازان ياسىتىپ ۋەخپە قىلىپ قويدى. شەيخ، باشقۇرغۇچى ئىمام، مۇئەززىن تەيىنلەپ، ئاندىن ھەزرىتى خان بىلەن ئاتلىنىپ شەھەرگە كەلدى ۋە يەنە قالغان ئەمەلدارلار، خەلقلەر ۋە شەھەر خەلقى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، خاننىڭ قول بەرگىنىنى بىلىپ، نەزىر - سەدىقىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ ھەزرىتى خوجامغا ئىخلاسمەن مۇرىت بولدى.

ھەزرىتى خوجام خاندىن:

— مەن مەشھەدكە بېرىپ پىرىمنى كۆرۈپ تاۋاپ قىلىپ كېلەي، — دەپ رۇخسەت سورىدى. خان ھەزرىتى خوجامنى بىر كۆڭلۈك يەرگىچە ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كەلدى. ھەزرىتى خوجام مەشھەدكە باردى. ھەزرىتى سۇلتان سوتۇق بۇغراخان غازىنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ تاۋاپ قىلىپ ياندى. قەشقەر خەلقىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ۋە مۆتىۋەرلىرى، بارلىق تۈرك ۋە تاجىك(خەلقى) ئابدۇرەشىدخاننىڭ قول بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، بارلىق چوڭ - كىچىك خەلق نەزىر - سەدىقە ئېلىپ كېلىپ، ھەزرىتى خوجامنى كۆرۈپ، توۋا قىلىشىپ، گۇناھلىرىنى تىلەپ مۇرىت بولدى.

ھەزرىتى خوجام يەتتە يىلغىچە مەشھەدتە ھەزرىتى سۇلتان سوتۇق بۇغراخان غازىنىڭ مازىرىدا شەيخ بولۇپ تۇردى. نەزىر - سەدىقىلەر كەلسە، خانىقاغا سەرپ قىلاتتى. بۇ يەردىمۇ مەسچىت - خانىقا سالدى. يەر - سۇ ئېلىپ ۋەخپە قىلدى. شەيخ، خىزمەتكار قويدى. ھەزرىتى خانمۇ يىلدا ئىككى - ئۈچ قېتىم كېلىپ، مازارنى تاۋاپ قىلىپ، ھەزرىتى خوجام بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ كېتەتتى. ھەزرىتى خوجامنىڭ دۇئاسى بىلەن مەشھەدنىڭ ئەتراپىدىن سۇ چىقىپ، بىر نەچچە كەنت ئاۋات بولدى. بۇ كەنتلەرنى ھەم ھەزرىتى پادىشاھنىڭ ھەققىدە ۋەخپە قىلىپ بەردى.

شۇ چاغدا، قەشقەردە ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئوغلى ئابدۇللەتىپ سۇلتان تۆرە ئىدى. ئابدۇرەشىدخان ئۆزى يەركەندە ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا، قىرغىزلار قارا تېگىن دېگەن يەردە تۇراتتى، شەھەرنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرمەيتتى. ئاتا ئوغلى ئېسىل بەگلەردىن بولۇپ، قىرغىزلارنىڭ قېشىغا بېرىپ، قازىلىق مىلىدىن زاكات ئېلىپ كېلەتتى. ئۇنىمىغىنىنى ئۆلتۈرەتتى. قىرغىزلارنىڭ كۆچى يەتمەيتتى. شۇ زاماندا خان بەگلەرنىڭ، ھەممە مۇسۇلمانلارنىڭ نىيىتى تۈزۈك، ئىسلام كۈچلۈك ئىدى. قىرغىزلار زاكاتنى ئۆزلىرى كەلتۈرۈپ بېرەتتى. ئۇ مالنى ھەر يەردىكى مەدرىسەلەر ۋە مەسچىتلەرگە بېرەتتى. ئاندىن باشقا نېمىگە خىراجەت قىلمايتتى ۋە باشقا كىشىگىمۇ بەرمەيتتى. بىر يىلى، قىرغىزلار زاكات بەرگىلى ئۇنىمىدى، دەپ خەۋەر كەلدى. ئابدۇللەتىپ سۇلتان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قىرغىزلارنىڭ يۇرتىغا باردى. قىرغىزلار خەۋەرسىز ئىدى. (ئۇلار) لەشكەرلەرنى كۆرۈپ قاچتى. سۇلتان لەشكەرلىرى بىلەن، پۈتۈن قىرغىزلارنىڭ بالا - چاقىسىنى ئەسىر قىلدى. لەشكەرلەر ھەددىدىن تاشقىرى جىق مال - بىساتنى قولغا چۈشۈردى. ئابدۇللەتىپ سۇلتان قىرغىزلارنىڭ كاتتىبېشىنىڭ قىزىنى ئالدى. نەچچە كۈن شۇ يەردە تۇرۇپ ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. قىرغىزلار بۇلارنى كۆرۈپ، غەپلەتتىن پايدىلىنىپ، مەسلىھەت قىلىشىپ كېچىلىك ھۇجۇم قىلدى. سۇلتاننىڭ لەشكىرى قورالىنىپ بولغۇچە ئۆلگۈرتمەي، نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنى شېھىت قىلدى. سۇلتانمۇ شېھىت بولدى. بىر قىسىم لەشكەرلەر قېچىپ قەشقەرگە كېلىپ ئابدۇرەشىدخانغا خەۋەر قىلدى. ھەزرىتى خان پەرىشان بولۇپ تاقەتسىزلەندى. ھەزرىتى خان شۇ ھامان لەشكەر بۇيرۇپ، مەن بېرىپ پىرىمدىن رۇخسەت سوراپ، ئاندىن كېيىن (ئۇرۇشقا) بارغايمەن، دەپ ئاتلىنىپ مەشھەدكە باردى. ھەزرىتى خوجامغا باش قويدى ۋە بولغان ۋەقەنى بايان قىلدى.

— قىرغىزلارغا ئاتلىنايمۇ يا ئاتلانمايمۇ؟ دەپ تەدبىر، مەسلىھەتلىرىنى ئاڭلىغىلى ۋە سىلەردىن رۇخسەت سورىغىلى كەلدىم، — دېدى. ھەزرىتى خوجام:

— بۇ ئىش ئەۋلىيالارنىڭ ياردىمى بىلەن بولىدۇ. ئەۋلىيالارنىڭ رۇخستى بولمىغۇچە مەن ئۆز ئالدىمغا رۇخسەت بېرەلمەيمەن. ئاۋۋال مەن پاك روھلارغا ئېيتىپ باقاي. قانداق بۇيرۇسا شۇنداق قىلايلى، — دەپ ئەرۋاھ - ماشايىخلارغا يۈزلەندى. ئابدۇرەشىدخان بىلەن ھەزرىتى خوجام ھەمراھ بولۇپ،

ئاشۇرا ئېيىنىڭ 17 ـ كېچىسى ھەزرىتى يۈسۈپ قادىرخان غازىنىڭ مازىرىغا كىرىپ، مازارغا يۈزلىنىپ ئولتۇردى. ھەزرىتى خوجا خىزىر ئەلەيھىسسالام، ھەزرىتى بىلال ۋە ھەزرىتى سۇلتان ۋەيسى قەرەنى، ھەزرىتى شەيخ ھەسەن بەسرىي ھەزرىتى سۇلتان سوتۇق بۇغراخان غازى، ھەزرىتى شەيخ جۇنەيد باغدادىي، ھەزرىتى شەيخ نەجمىددىن كۇبرا، ھەزرىتى ئەمىر سەيىد ھەمەدانىي، ھەزرىتى شەيخ ئۇلۇۋۋىيە شەيبانىي — ئاللا تائالا ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى پاك قىلغاي — لا پەيدا بولدى. ھەممىسى رۇخسەت بەردى. خىزىر ئەلەيھىسسالام:

— مەنمۇ بىللە بارىمەن، — دېدى. ھەزرىتى سۇلتان سوتۇق بۇغراخان غازى:

— شەيخ ھەسەن بەسرىي ۋە شەيخ نەجمىددىن كۇبرا ۋە شەيخ جۇنەيد باغدادىيلارمۇ باردۇ، — دېدى. بۇلارنىڭ بىرلىشىشى بىلەن شەيخ ئۇلۇۋۋىيە شەيبانىينىمۇ ئەۋەتمەكچى بولدى ۋە يېنىپ خوجا ئەبۇل فەزلىي خوجامنىڭ، شەيخ ھاجى خوجامنىڭ، سالىھ خوجىنىڭ ۋە خوجا بىگەمنىڭ مازارلىرىغا باردى. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى زاھىر قىلدى. سۇلتان ئەلى ئارسلانخان پادىشاھنىڭ مازارلىرىغا بېرىپ فاتىھە ئوقۇدى. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى زاھىر قىلدى. ھەزرىتى خان ئالدىدا قىرغىزلارنى ئۈچ سەپ قىلدى. بىر قىلىچ بىلەن ھەممىسىنىڭ بېشىنى كېسىپ يەكسان قىلدى. قىلىچنى خانغا بەردى. ئۈچىلىرىنى ئۈچ قېتىم سىلاپ قويۇپ رۇخسەت بەردى. فاتىھە ئوقۇدى. ئەتىسى خان لەشكىرى بىلەن ئاتلىنىپ ئىسسىق كۆلگە بارغاندا قىرغىزلارنى تاپتى. يىگىرمە كۈن جەڭ قىلدى. ھەزرىتى خوجام بۇزرۇكۋار بۇ يىگىرمە كۈندە قالغان مازارلارغا، ئەرۋاھ ـ ماشايىخلارغا يۈزلىنىپ، مەدەت تىلەپ فاتىھە ئوقۇدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئەۋلىيالارنىڭ ياردىمى بىلەن بارلىق قىرغىزلارنى يوقاتتى، 20 كىشىنى تىرىك تۇتتى. بىر قانچە كىشى قېچىپ قۇتۇلدى. باشقىلىرىنى ئۆلتۈردى. ئابدۇرەشىدخان خۇشال بولۇپ، ئەمەلدارلىرى بىلەن قەشقەرگە كېلىپ چۈشتى. بۇ يىگىرمە قىرغىزنىڭ ئونىنىڭ قەشقەردە تېرىسىنى سويدى. ئون قىرغىزنى يەركەنگە ئاپىرىپ ئۆلتۈرۈپ ئۆچىنى ئالدى.

ھەزرىتى خان يەركەنگە يانار ۋاقتىدا ھەزرىتى خوجامغا:

— ئەي بۇزرۇكۋار، قايتىدىغان ۋاقىت بوپتۇ، بىللە بارساق، ئەمدى قالغان ئۆمرۈمنى ھەزرەتلىرىنىڭ خىزمەتلىرىدە ئۆتكۈزسەم، باشقا مۇسۇلمانلارمۇ بىر دىنىي ئىنئام ئالسا، — دەپ، ھەزرىتى بۇزرۇكۋارنى ئېلىپ يەركەنگە كەلدى. ھەزرىتى خان ئوردىغا چۈشتى. ھەزرىتى خوجام كېلىپ مىشار ياقىسىدىكى جايغا چۈشتى. يەركەندە ئون يىل تۇردى. خان ھەزرىتى كۈندە بەش ۋاق نامازنى ھەزرەتلىرى خوجامنىڭ قېشىدا ئۆتەپ ياناتتى. ھەزرىتى خوجام بۇزرۇكۋارنىڭ كۆڭلى خانىقانى تارتىپ، مۇرىت ـ مۇخلىس مۇسۇلمانلارغا پەندى ـ نەسىھەت قىلىپ، نەزىر ـ چىراغ قىلىپ ئولتۇراتتى. گاھى سەھرا ئەتراپىنى ۋە شەھەرنى سەيلە قىلاتتى. بارغانلا يەردە ئەزىزلىنەتتى. ھەزرىتى خوجام ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىپ، تۇغ سانجىپ، مازار قىلىپ، شەيخ، خىزمەتكارلارنى قويۇپ، ۋەخپە يەر بەلگىلەپ بېرەتتى. ھەزرىتى خوجام سەيلە قىلغاچ قاغىلىققا كەلدى. مازارغا فاتىھە ئوقۇدى. ئەتراپىنى سەيلە قىلىپ (بۇ يەرنىڭ) ئاجايىپ خۇش ھاۋالىق يەرلىكىنى كۆرۈپ، ھەزرىتى خوجام:

— بۇ يەردە بىر مەھەللە قۇرساق، — دېدى. بۇ كەنت خەلقى بىزنىڭ بالىۋاقىمىز قىمارۋاز، ھارامزادە بولۇپ كېتىدۇ، دەپ ئۇنىمىدى. ھەزرىتى خوجام تىلىسەڭ تاپقايسەن، دەپ يۈرۈپ، بىر كەنتكە كەلدى. ھەزرىتى بۇزرۇكۋار بۇ يەردە بىرنەچچە ئۆيلۈك كىشىنىڭ خانىقانىڭ چۆرىسىگە كېلىپ

ئۇلتۇراقلاشقىنىنى كۆردى. خوجامنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئەتراپتىكىلەر سەدىقە ئېلىپ كېلىپ ھەزرىتى خوجامغا باش قويىدى. خوجام ئۇلارغا:

— ئەي، مۇسۇلمانلار، مەن مۇشۇ يەردە مەھەللە قۇرىمەن، — دېدى. بۇ مۇسۇلمانلار:

— ئەي بۇزرۇكۋار، ئۇنداق قىلسىلا بەك ياخشى بولىدۇ، بىزمۇ قاشلىرىدا بولىمىز. ئەمما، سۇيىمىز يوق، — دېيىشتى. ھەزرىتى خوجام:

— ئاللا خالىسا، سۇمۇ كەلگەي، — دېدى. مېڭىپ ئەتراپنى كۆزەتتى. پۈتۈن سەھرا خەلقى كېلىپ بۇ ئىشقا كىرىشتى. ھەزرىتى خوجام مېڭىپ سۇ بېشىغا، ھۆكۈم قىلغۇچىنىڭ قېشىغا باردى. دۇئا-تەكبىر قىلىپ سۇنىڭ لېۋىدىن ھاسىسىنى سۆرەپ ماڭدى. خۇدايىتائالانىڭ پەرمانى ۋە ئەۋلىيالارنىڭ ياردىمىدە، ھاسىنىڭ ئىزىدىن بىر تاشلىق سۇ ئاقتى. خوجام بۇ سۇنى باشلاپ كېلىپ بازارنىڭ ئىچى بىلەن ئۆتكۈزۈپ قويىدى. بۇ سۇدىن بىرنەچچە كەنتلەر ئاۋات بولدى. ئاخىرىدا قەلئەنىڭ سېپىلى تەييار بولدى. ئەتراپتىن ھۈنەرۋەنلەر ۋە ھۈنەرۋەن ئەمەسلەرمۇ كېلىپ ئولتۇرۇپ ئاۋات بولدى. دۈشەنبە بازار بولدى. ھەزرىتى خوجام يارامىلىق قۇلدىن ئۇننى سېتىۋېلىپ، ئازاد قىلىپ، بۇ خانىقاغا خىزمەتكارلىققا قويىدى ۋە ھەرقايسى قۇلنى بىردىن كەسىپكە شاگىرتلىققا بەردى. (ئۇلار) ھۈنەر ئۆگەندى. ھەزرىتى خان يەنە كېلىپ، خوجامنىڭ بۇ ئىشلىرىغا خۇرسەن بولاتتى. ھەزرىتى بۇزرۇكۋارنىڭ خىزمەتلىرىدىن بىر دەممۇ خالىي بولمايتتى. ھەزرىتى خوجامغا نەزىر - سەدىقىلەرنى ئېلىپ كېلەتتى. خانىقا مالغا تولۇپ قالاتتى، بۇ شەھەرنىڭ غېرىب ۋە كەمبەغەللىرىگە، (ئىلىم ئۆگەنگۈچى) ئوقۇغۇچىلارغا بېرەتتى. ئۆزى تەختتە تېرىنى سېلىپ ئولتۇراتتى. ئەتراپتىن كەلگەن نەزىر - سەدىقىلەرنى بىچارىلەرگە، چوڭ - كىچىك كەلدى - باردى ئىشلارغا، خانىقادا نەزىر قىلىپ بېرەتتى. ھەرگىز ئاش كەم بولمايتتى. شۇ تەرىقىدە يەركەند شەھىرىدە ئۆمرىنى ئۆتكۈزدى. ھەزرىتى خوجام توقسان بەش يىل ئۆمۈر كۆردى. بىر كېچىسى تۈن يېرىمىدا، قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ ئولتۇرغانىدى، مۇنداق بىر ئايەت كەلدى: «ھەممە جانلىق ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇسىدۇر» دەپ ئوقۇلىدىغان مۇشۇ ئايەتنى ئوقۇشى بىلەنلا غايىبتىن: «ئەي موللا مۇھەممەدشەرىف، ھەرقانداق جان بۇ دۇنياغا كېلىپ ئاخىر كېتىدۇ، ئادىمىزاتمۇ تىرىكلىكتىن ئاش - تائام يەيدۇ، ئاخىرى ئەجەل قىستاپ كېلىدۇ. بۇ دۇنيادا ھېچنېمە مەڭگۈ قالمايدۇ. ئەقىللىق كىشى ئەجەل كەلمەستىن بۇرۇن، ئۆزىنى پاك قىلغاي، ياراغلىرىنى ئېلىپ تۇرغاي» دېگەن ئاۋاز كەلدى. ھەزرىتى خوجام بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ، دەردكە تولغان ھالدا، دىلنى ئەزگۈدەك سوغۇق ئاھ تارتتى. كۆزلىرىدىن ياش ئاقتى. شۇ ھامان ئورنىدىن تۇرۇپ، تاھارەت ئېلىپ خانىقاغا چىقتى. جامائەتنىڭ ھەممىسى كېلىپ نامازغا تەييار بولۇپ تۇرۇپتۇ. نامازنى ئوقۇپ بولۇپ، قۇرئان ئوقۇدى. دۇئا - تەكبىر قىلدى. ئاندىن كېيىن، ھەزرىتى خوجام جامائەتكە:

— ئەي يارانلار، بىلىڭلار ۋە ئاگاھ بولۇڭلار، بىزنىڭ سەپەر قىلىدىغان نۆۋىتىمىز يېتىپ كەپتۇ، — دەپ نەزىر - چىراغ قىلدى. ھەزرىتى خان باشچىلىقىدىكى بارلىق ئەتىۋارلىق ۋە ئەڭ ئۇلۇغ زاتلارنىڭ ھەممىسىنى چاقىرىپ نەزىر قىلدى. ئاندىن دۇئا - تەكبىر قىلدى. چوڭ - كىچىك ھەممىسى بىلەن رازىلىشىپ:

— ئەي، مۇسۇلمانلار، مەندىن سىلەرگە نەسىھەت شۇكى، شەرىئەت يولىنى چىڭ تۇتۇڭلار، شەرىئەتتىن زادى چىقماڭلار، ياخشىلىققا ئۇندەشكە قەدەم قويۇڭلار. يامان ئىشلارنى قىلىشتىن يىراق

تۇرغايسىلەر. بىر ـ بىرىڭلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلغايسىلەر، شۇنداق قىلساڭلار خۇدا ۋە رەسۇلىللامۇ بىزلەردىن ھەم سىزلەردىن رازى بولغاي، ــ دېدى. بارلىق خەلق ئۆز ھالىدىن كېتىشتى. ئۇلارنىڭ نالە ـ پىغانلىرى ئەرشكە يەتتى. قىيامەت قايىم بولغاندەك بولدى، بارلىق خەلق ھەزرىتى خوجامنىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلىپ تەۋا قىلدى. ھەزرىتى خوجام خەلقنىڭ ياخشىلىققا ئېرىشىشى ئۈچۈن، پاتىھە ئوقۇدى، ئاندىن كېيىن خان ھەزرىتى خوجامدىن:


ــ ئەي، بۇزرۇكۋار، ھەزرەتلىرىنىڭ ئورنىدا كىمدىن تەلىم ئالىمىز؟ ــ دەپ سورىدى. ھەزرىتى خوجام:

ــ مېنىڭ ئورنۇمدا مۇھەممەدۋەلى سوپىدىن دۇئا ـ تەلىم ئېلىڭلار ۋە ھەرقانداق مۇشكۇل ئىش بولسا، بۇ سوپى دۇئا قىلسۇن. بىزمۇ ھەم دۇئا قىلىپ تۇرىمىز، ــ دېدى ـ دە، ئاخىرەتلىك تونلىرىنى تەييار قىلدى ۋە ھەممە خەلق بىلەن ۋىدالاشتى، بالا ـ چاقىلىرى ۋە خىزمەتكارلىرى بىلەن رازىلىشىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ھۇجرىغا كىرىپ بورا سېلىپ، رەھلىنى ئېچىپ، ئۈستىدە قۇرئاننى قويۇپ ئوقۇپ ئولتۇردى. مۇنداق ئايەت كەلدى: «بىز ھەقىقەتەن ئاللانىڭ ئىگدارلىقىدىمىز ۋە ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز». ھەزرىتى خوجام جان تەسلىم قىلدى. روھلىرى ئەرشكە قۇشتەك پەرۋاز قىلدى. جەسىتى ھۇجرىدا قالدى. باشلىرى، يۈزلىرى قۇرئاننىڭ ئۈستىگە چۈشكەنىدى، مەھەممەدۋەلى سوپى تىرىك كىرىپ كەتكەن ھەزرىتى خوجامنى ئاشۇنداق تەرىقىدە كۆرۈپ، ئىختىيارسىز كۆزلىرىدىن ياش تۆكتى. نالە ـ پىغانلار قىلدى. ھەزرىتى بۇزرۇكۋارنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى ھەممە خەلققە مەلۇم بولدى. چوڭ ـ كىچىك، شاھ، گاداي، بەندە ۋە ئازاد بولغان ھەممە خەلق ھازىدار بولدى. شۇنداق ماتەم بولدىكى، «ۋايداد، ۋاي مۇسىبەتا!» دەپ پەرياد قىلدى. بۇ خەلقنىڭ نالە ـ زارىغا يەر ـ زېمىن لەرزىگە كەلدى. يەر ـ زېمىن ھەزرىتى خوجامنىڭ ماتەملىرىدە گوياكى ھەممە (قارا كىيىم كىيىپ) ماتەم تۇتقاندەك بولدى. ئاخىر ھەزرىتى بۇزرۇكۋارنىڭ جەسىتىنى يۇيۇپ، كېپەنلەپ ئاخىرەتلىككە ئالدى. جىنازىسىغا سېلىپ نامىزىنى چۈشۈردى. نامازدىن يېنىپ شۇ تۇرۇۋاتقان جايىغا ئەكىلىپ يەرلىككە قويدى. ئۈچىنچى كۈنى نەزىرىنى بېرىپ، ھەزرىتى مۇھەممەدۋەلى سوپىنى تەختكە ئولتۇرغۇزدى. ھەممە مۇرىتلار مۇھەممەدۋەلى سوپىغا ئىتائەت قىلدى. تارىخقا توققۇز يۈز ئاتمىش ئۈچ ئىدى. ھەزرىتى خوجام ئالەمدىن ئۆتتى. ئىككى يىل ئۆتۈپ، ئۈچىنچى يىلىدا ئابدۇرەشىدخان ئالەمدىن ئۆتتى. ھايات چېغىدا كۈندە كېلىپ ھەزرىتى بۇزرۇكۋارنىڭ مازارلىرىنى تاۋاپ قىلاتتى، ھەر پەيشەنبە كېچىسى كېلىپ تۈنەيتتى. سەۋەنلىك ئۆتكۈزمەي، مۇرىتلىقنى بەجا كەلتۈرەتتى. مادارىلا بولسا، بۇ ئادەتنى تەرك قىلماس ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئەۋلىيالىققا يېقىنلىشىپ، ئالىي دەرىجىگە يەتكەنىدى. ئاخىرەتلىرى مول بولدى. ئىلاھىم، بارچە مۆمىنلەرگە ياردەم قىلغايسەن ۋە پىرلىق خىزمىتىگە نېسىپ قىلغايسەن، ئەي ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى، غەلىبە ـ نۇسرەت ئەھلىنىڭ ئەلاسى، ئەي، ئەڭ شەپقەتلىك ئاللا، ئۆزۈڭ رەھمەت قىلغايسەن. ئالىي ھىممەتلىك، ئەبەدىي ساغلام ۋە كەرەملىك پادىشاھ (ئاللا)نىڭ ياردىمى بىلەن بۇ كىتاب تولۇق تۈگىدى.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى مەدەنىيەتشۇناسلىق بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ)

# تائام بىلەن گال ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مامۇتجان ئىمىن



**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:** «تائام بىلەن گال ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە» (The Contest between Food and Throat) دېگەن كونا ئۇيغۇرچە قوليازما ھازىر شۋېتسىيە لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى شەرقشۇناسلىق قوليازما توپلىمى (Collection of Oriental manuscripts in the University Library of Lund)دا ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، بۇ كىتابنى شۋېتسىيەلىك مىسسىيونېر گۇستاف ئالبېرت (Gustav Ahlbert) 1929 ـ يىلى قەشقەردىن قولغا چۈشۈرگەن. كېيىن گۇننار ياررىڭ (Gunnar Jarring) تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان «ئوغرىسىز شەھەر، تائام بىلەن گال ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە» (The Thiefless City, The Contest between Food and Throat) دېگەن توپلامغا كىرگۈزۈلگەن. بۇ كىتاب لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1989 ـ يىلى ئىنگلىز تىلىدا نەشر قىلىنغان. بۇ توپلامغا ئەينى ۋاقىتتا قەشقەردىن تېپىلغان جەمئىي تۆت پارچە كونا ئۇيغۇرچە قوليازما كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە «تائام بىلەن گال ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە» دېگەن ئەسەر مۇكەممەل ساقلىنىپ قېلىنغان. مەن ئۆتكەن يىلى گېرمانىيە فرانكفورت ئۇنىۋېرسىتېتى توركولوگىيە فاكۇلتېتىدا ئوقۇش جەريانىدا فاكۇلتېت كۇتۇپخانىسىدىن گۇننار ياررىڭنىڭ ئەسەرلىرىنى توپلاش جەريانىدا بۇ ئەسەرنى كۆرۈپ، يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇم، خەلقئارادا داڭلىق توركولوگ، پىروفېسسور، دوكتور مارسېل ئېردال (Marcel Erdal)نىڭ تەۋسىيەسى ۋە ھاۋالىسى بويىچە بۇ ئەسەرنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتىم. كېيىن بۇ ئەسەرنىڭ ھەقىقەتەن كونا ئۇيغۇر تىلىنىڭ يېقىنقى زاماندىن ھازىرقى زامانغا بۆرۈلۈش مەزگىلىدىكى تىل ئالاھىدىلىكىنى بىرقەدەر تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، گۇننار ياررىڭنىڭ كىتابى ئاساسىدا بۇ ئەسەرنى نەشرگە تەييارلىدىم.

**ترانسكرىپسىيەسى:**


فەسلى داستان ھىكايەت سۆز ئېيتىمەك كېرەككىم، ئول ئەھەدى زۇلجەلال ۋە پادىشاھى بىزەۋال قادىرى بەركەمال ئەدەم كىشۋەرىدىن ۋۇجۇد نىھالخانەسىغە قۇدرەت نەمالىغ بىلە جەمئى مەۋجۇداتنى پەيدا قىلدىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاراسىدىن تەئام خەلقىنى پەيدا قىلىپ، بىراق ئەفزەل كۆردىلەر. بۇلارنىڭ ئاراسىدا ماجىرا، جەنگ ـ جېدەل تولا بولدىلار. ئۆز ئاراسىدا سۇلھى سەلاھ بىرلە مەنسەب تەئيىن قىلىشتىلار. گۇرۇنج (گۇرۇچ) ئاشنى پادىشاھ قىلدىلار، چۆچبەرە (چۆچۈرە)نى ھەكىم، چۆفنى ئىشىكئاغە، ھەسىبنى

① بۇ ئەسەر گۇننار ياررىڭ نەشرگە تەييارلىغان كونا ئۇيغۇرچە قوليازما «تائام بىلەن گال ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە»دىن ئېلىندى.

ياساۋۇل، نوخۇد (نوقۇت)نى قاراۋۇل، چولەنى پادشەب (پاشىشاب)، شاھ تەلىبنى توف بېگى، ئوگرەنى خەزىنەچى، زالىڭنى دىۋان بېگى، شورپە (شورپا)نى مىراب بېگى، شىرە گۇرۇنج (شىرە گۈرۈچ)نى ئەئلەم، ئوفكەنى توغ بېگى، سىنچاينى دورغە بېگى تەئيىن قىلىشتىلار. ئاندىن كېيىن، ھەممەلەرى ئۆز چەرگەلەرىدە قەرار بەرقەرار تۇردىلار. بۇلاردىن ئىلگەرى كېكىردەك لەشكەرى تەئام لەشكەرىگە كۆز تىكىپ ماراشىپ، ئۇششاقلارنى قازاننىڭ باشىدىن ناراق قوغلاپ، ئەسلىك چوڭلارى كېلىپ:


— دەرھال بولۇڭلار. ئەرتەدىن كۈن تۇش بولدى، تەئام لەشكەرى تەييار بولمىدۇر، — دەپ ئالدىراش شەھرى قازاننىڭ چۆرەسىنى قورشاپ تۇردى ۋە يەنە كېكىردەك لەشكەرى مەسلەھەت قىلدىلاركىم:

— مۇبادا، تەئام لەشكەرى غالىب كېلىپ بىزلەرنى شەھىد قىلسە، بىتەھارەت ئۆلۈپ كەتمەيلى، — دەپ بەش يۈزدىن مىڭ كىشى يالاڭاچ بولۇپ، باشىنى مىس نوغە تۇتۇپ ئالدىراشىپ غۇسل قىلىپ بەش يۈزدىن، بەش يۈزدىن چەفان (چاپان) شەھرىدىن يەك دەرۋازەسىنىڭ ئاغزىدا بوختۇرمە قويۇپ تۇردى.


فصل داستان حکایت سوزاشتماک کرک کم اول احدی
ذو الجلال وپادشاهی بی زوال قادری بر کمال عدم کشوریدین
وجیود نهال خانه سیغه قدرت نهالیغ بیله جمیع موجوداتنی
پیدا قیلدی لار زوا ولارنینک اراسیدین طعام خلقینی پیدا
قیلیب براق افضل کوردیلار بولارنینک اراسیدا ماجراجنک
جدل تولا بولدیلار اوزاراسیدا اصلیح صلاح بیرله منصب
تعیین قیلیشتیلار کرونج آشنی پادشاه قیلدیلار جوجبره نی
حکیم جوف زالشکانی جسیبنی یساول نخودنی قراول
جولنی پادشب شاه طالبنی توف بیکی اوکرهنی خزینه چی
زالنکنی دیوان بیکی شوربه نی مراب بیکی شیره کرونجنی
اعلم اوفکانی توغ بیکی سینچایی نی دوزغه بیک تعیین
قیلشتیلار اندین کین همه لاری اوز چیرکالاریدا قرار برقرار
توردیلار بولاردین ایلکاری کگردیک لشکری طعام لشکریگه
کوز تیکیب مراشیب اوشاقلارنی قزاننینک باشیدین
ناراق قوغلاب اسلیک چونکلاری کلیب درحال بولونکلار
ایرته دین

ئەلقىسسە، تەئام لەشكەرى مەيدان تەييار قىلدۇرۇپ، قىزىل ياشىل بىساتلارنى سالدۇرۇپ، قازان شەھرىدىن چىقىپ ھەرقايسىسى ئۆزىگە لايىق تەختلەردە ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى تەخت بىلە كۆتەرتىپ، مەيدانغا كېلىپ، قىزىل - ياشىل بىساتلارنىڭ ئۈستىدە ئۆز چەرگەلەرى بىرلە سەفىراست قىلىپ تۇرۇپ كېكىردەك لەشكەرىگە ئەلچى ئىبەردى. ئاڭاغىچە تەئام لەشكەرى ئۆز

چەرگەلەرگە باقىپ، ئۆزىنى جەڭگە تەييار قىلىپ تۇردى. شول ۋەقتىدە كېكىردەك لەشكەرى تەرەفىدىن بەش يۈز كىشى راست بولۇپدۇر دەپ تەئام لەشكىرىگە (خەبەر يەتتى)، تەئام خەلقى بۇ خەبەرنى ئاڭلاپ، بىر بىرىگە خەبەر بېرىشىپ، ئانداغ كېڭەش مەسلەھەت قىلدىلاركىم، مەيدان تەرەفىگە كۆزلەرىنى تىكىپ چاقنىشماقنىڭ، ئاتىشماقنىڭ، شىكەم زىنىدانىنىڭ دەرۋازەلارىغە ئوت قويۇپ كۈيدۇرۇپ، تەڭگە تاردا بوختۇرمە قويۇپ، شەبخۇن كەلتۈرمەكنىڭ فىكرىگە تۈشۈپ، ھەرقايىسىلارى ئۆزلەرىنىڭ ياراغ جابدۇقلارىنى تەييار قىلىپ مەيدانىنىڭ ئىستىئدارلارىنى راسلاپ، بىر بىرلەرى بىرلەن قىزىق سۆزلەشىپ، ئايۋان كەيۋانلارىغە تائام لەشكەرى بۇش ھولارىنى ئۆرلەتىپ چىقىپ سەفراست قىلىپ تۇردىلار.


ايرته دين كون توغش بولدى طعام لشكرى طيار بولمادور ديب.
الديرا شيب شهرى قزان نينك جوره سينى قورشاب توردى
وينه لكر ديك لشكرى مصلحت قيلديلاركم موبادا طعام
لشكرى غالب كليب بزلار شهيد قيلبى طهارتسا ولغ
كتمايلى ديب بش يوز دين منيك كشى باشينى ميس نوغه
توتوب الديراشيب غسل قيليب بش يوزدين بش يوزدين
چقان شهريدين ينك دروازه سے نينك اغزيدا بوختورم
قويوب توردى القصه طعام لشكرى ميدان طيار قيلدوروب
قزيل ياشيل بساطلارنے سالدوروب قزان شهريدين چقيب
هر قيسے اوزيكا لايق تخت لارده اولتوروب اوزينى تخت
بيلكو ترتيب كليب قزيل ياشيل بساطلارنينك اوستيدا اوزجرگا
لارى برله صف راست قيليب توروب لكر ديك لشكريكا ايلچى
ايليچى ايبردى انكاغچه طعام لشكرى اوزجرگالاريكا باقيب اوزينى
جنك كا طيار قيليب توردى شول وقتيده لكر ديك لشكرى
طرافيدين بش يوز كشى راست بولوبدور ديب طعام لشكريكا

ئەلقىسسە، كېكىردەك لەشكەرى تەرەفىدىن ئانداغ بىر ماجرا چىقتىلاركى، «خوش، خوش، فوش، فوش، ئات سالسۇنلار» دەپ نەرە پەيدا بولدى.

ئەلقىسسە، تەئام لەشكىرى تەرەپىدىن پادىشاھ گۇرۇنج (گۇرۇچ) قاراۋۇل بېگى نوخود (نوقوت)گە ئەمىر قىلدىلاركى: «ئەگەر بىر جايغە چىقىپ باققىن، بۇ نېمە غەۋغادۇر؟» دەپ ئەردى. قاراۋۇل بېگى نوخود (نوقوت) قاراپ باقسەلەر كېكىردەك لەشكىرى تەرەفىدىن بەش يۈز كىشى ئات سالىپ كېلىپۋاتادۇر (كېلىۋاتىدۇ). فەھلەۋان نوخود (نوقوت) قېچىپ كېلىپ خەبەر ئايتتى: «ئەي، پادىشاھ گۇرۇنج (گۇرۇچ)، كېكىردەك لەشكەرى تەرەفىدىن بەش يۈزدىن، بەش يۈزدىن ئات سالىپ كەلدى» دەپ خەبەر بەردى. بۇ خەبەرنى ئاڭلاپ پادىشاھ گۇرۇنج (گۇرۇچ) «ئاھ» تارتىپ بۇ بەيتنى ئوقۇدى:

ئەگەر دەر دەست ئەز دەر دىل، ئەگەر گويەم زەبان سوزەد؛
ۋەگەر پىنھان كۇنەم دەر سىنە، مەغزى ئۇستوخان سوزەد.

دەپ زار زار چۇن ئەبرى نەۋ باھار ژىغلاپ تۇرۇر ئەردىلەر. تەئام لەشكەرى ئايدى: «ئەي پادشاھ گورۇنج (گورۇچ)، سىزگە نېمە بولدى؟» دېدى.


پادشاھ گورۇنج (گورۇچ) ئايتتىلاركى: «كېكىردەك لەشكەرى تەرەفىدىن بەش مىڭ كىشى كېلىپدۇرمىش» دېدى.

ئەلقىسسە، تەئام لەشكەرى ئايتتىكىم: «ئەي پادشاھ گورۇنج (گورۇج)، غەم يېمەسۇنلەر، جانىمىزنىڭ بارىچە جەڭ قىلۇرمىز. ئۇلار غالىب كەلسە، بىز ھەم مەسلەھەت بىرلەن بىر تەڭ ـ تار يەرنى توساپ كۆزلەرنى ئالايتۇرۇپ ھىق ـ ھىق تۈتتۈرۈپ جەڭ قىلۇرمىز» دېدىلەر.


ئەلقىسسە، پادىشاھ گورۇنج (گورۇچ) يارلىق قىلدىكى: «تەئام لەشكەرى ھەم سەفلەرىنى راست قىلسۇنلار!» دەپ ئۆزى ھەم گوشتىنى ئۇمۇدى گەران قىلىپ نوخود (نوقوت)نى قاراۋۇل قويۇپ جۇببە جەۋشەن كېيىپ، دەبدەبە، ئەسئەسەلەر بىلەن كېلىپ توردى. ئاندىن پەھلەۋان ئۆفكەگە خەبەر يەتتى. پەھلەۋان ئۆفكەگە تۇغ بېگىملىك مەنسەپ تېگىپ ئەردى. بېيىت:

چىقتى قازان قەلئەسىدىن بىر تۇمان،
كىمدۇر دېسە ئۆفكە دېگەن پەھلەۋان.


ئەلقىسسە، پەھلەۋان ئۆفكە قىزارىپ، تاتارىپ، ئېسىلىپ، چىمالىپ، ئۆزىنى سۆدرەتىپ كېلىپ پادشاھ گورۇنج (گورۇچ)نىڭ ئوڭ يانىدا قەرار تاپتى. ئانىڭ ئارقەسىدىن پەھلەۋان چۆچبەرەگە خەبەر يەتتى. پەھـ


طعام خلقی بو خبرنی اڭلاب بر بیریکا خبر بیریشیب
اندین کینکاش مصلحت قیلدیلار کیم میدان طرفیگه
کوزلارینی تیکیب چفیشماق نینک اطیشماق
نینک شکم زندانی نینک دروازه لاریغه اوت قویوب کوریدور بو
تنکه تاردابو ختومه قویوب شبیخون کلتورماک نینک فکریغه
توشوب برقایسی لاری اوزلاری نینک یراغ جاییدوغی
لارینی طلب یار قلیب میدان نینک استعداد لارینی
راسلاب بر بیرلاری بیلان قیتیریق سوزلاشیب
ایوان کیوان لارغه طعام لشکری بو س بولارینی
صف راست قلیب
اورلاتیب چقیب توردیلار القصه گکر دیک لشکری
طرفیدین اندیغ بر ماجرا حیقتی لارکه خوش خوش
قوشی قوشون اطا سالیهون لار دیب نره پیدا بولدی
القصه طعام لشکری طرفیدین پادشاه کورونیچ
قرا اوله بیگی نخود کا امر قیلدیلار کا اکیز برجایغه چقیب
باقین بونه غوغا دوردیب اردی قرا اول بیگی نخود قاراب

لەۋان چۆچبەرەگە ھىكمىلىك مەنسەپ تېگىپ ئەردى. پەھلەۋان چۆچبەرە ھەم باشقا سارىغ ياشىل ئەلەملەرنى كۆتەرتىپ ئۆزىنى ئاتداغ ياسادىكىم، گوشتلارنى ئىچىگە يوشۇرۇپ، ئۆزىنى رۇستەمى داستاندىن زىيادە چاغلاپ، بېلىنى يەتمىش ئىككى يەردىن باغلاپ، باشقا كىيگەن قالپاقلارنى قىرلاپ، ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ، چامغۇرنى ئۇمۇدى گەران قىلىپ شەھرى چىنى كاسەلەرگە كىرىپ پادشاھ گۇرۇنج (گۇرۇچ)نىڭ ئوڭ تەرەپىدە قەرار تاپتى. ئانىڭ ئارقاسىدىن پەھلەۋان چۆفكە خەبەر يەتتى. پەھلەۋان چۆفكە ئىشكئاغەلىق مەنسەپ تېگىپ ئەردى. ئەلقىسسە، پەھلەۋان چۆف ئۆزىگە زىيب زىننەت بېرىپ چامغۇرنى ئۇمۇد قىلىپ پادشاھ گۇرۇنجنىڭ ئوڭ تەرەپىدە قەرار تاپتى. ئانىڭ ئارقاسىدىن پەھلەۋان ئۆگرەگە خەبەر يەتتى. پەھلەۋان ئۆگرەگە خەزىنەچىلىك مەنسەپ تېگىپ ئەردى. پەھلەۋان ئۆگرە ھەم ئۆزىگە زىيب زىننەت بېرىپ، يىڭىدەك سوزۇلاپ، باشقا ياشىل بايراق كۆتەرتىپ زومۇرەتدىن، زەبەرجەددىن كۆز قويغان تونلارنى كىيىپ، شەھرى قەدەھلەردە ئولتۇرۇپ، پادشاھ گۇرۇنج (گۇرۇچ)نىڭ سول تەرەپىدە قەرار تاپتى. ئانىڭ ئارقاسىدىن پەھلەۋان چۆلەگە خەبەر يەتتى. پەھلەۋان چۆلەگە فاششەبلىك مەنسەپ تېگىپ ئەردى. پەھلەۋان چۆلە ھەم كوچەلەرنى كەشرۇتۇپ، دومباقچىلارنى يىغىپ، دومباقلارنى چالدۇرۇپ، بىرنى ئالدىدا ماڭدۇرۇپ، بىرنى ئارقاسىغا ماڭدۇرۇپ، قىزىل يەلقۇتدىن ئۇمۇد كۆتەرتىپ، پادشاھ گۇرۇنجنىڭ سول تەرەپىدە قەرار تاپتى. ئانىڭ ئارقاسىدىن پەھلەۋان شاھ تەلىبكە خەبەر يەتتىكى، پەھلەۋانگە توف بې-


باقسالار گلکردیک لشکری طرفیدین بش یوز کشی
اما سالیب کلیب وتا دور فهلوان نخود قچیب
کلیب خبر ایتی ای پادشاه کوروننج گلکردیک لشکری
طرفیدین بش یوز آدم کلیب بش یوزدین اما سالیب
کلدی دیب خبر بردی بو خبرنی انکلاب پادشاهی
کوروننج آه تارتیب بو بیت اوقودی اکر در دهیت
از درد دیل اکر کویم زبان سوزد ٭ وکر پنهان کونم ترسم
مغزی استخوان سوزد دیب زار زار چون ابری
نوبهار ذیغلاب تورور ارده یلار طعام لشکری
ایدی ای پادشاه کوروننج سیز کا نیمه بولدی دیدی پادشاه
کوروننج ایتی لار که گلکردیک لشکری طرفیدین بشی
مینک کشی کلیب دور میش دیدی القصه طعام لشکری
ایتیکیم ای پادشاه کوروننج غم یماسونلار جانیمیز
نینک باریچه جنک قیلورمیز اولار غالیب کلسه بیز


بېگىلىك مەنسەب تېگىپ ئەردى. بۇ ھەم توف ـ تەيپۇ، زەمبەرەكلەرنى راستلاپ پادىشاھ گۆرۆنجنىڭ سول تەرەپىدە قەرار تاپتى. ئانىڭ ئارقاسىدىن پەھلەۋان شورپە گۆرۆنج (گۆرۆچ)غە خەبەر يەتتى. پەھلەۋان شور ـ پە گۆرۆنج (گۆرۆج)گە ئەئلەملىك مەنسەب تېگىپ ئەردى. پەھلەۋان شورپە گۆرۆنج (گۆرۆج) ھەم باشىگە ياشىل دەستار يۆرگەپ، قىزىل يەلقۇتلار بىلە ئۆزىگە زىيب زىن ـ نەت بېرىپ، خاسەلىك سوپەرلە ـ رىنى باشىغە تۇتۇپ، پادىشاھ گۆ ـ رۆنج (گۆرۆج)نىڭ ئوڭ تەرەپىدە قەرار تاپتى. ئانىڭ ئارقاسىدىن پەھلەۋان ھېسىبكە خەبەر يەتتى. پەھلەۋان ھېسىبكە كارناي بىگە ـ لىك مەنسەب تېگىپ ئەردى. بۇ ھەم كارنايچىلارنى يىغىپ كار ـ نايلارنى «پات»، «پۇت» تارتىپ، ئىسىلىپ، چىمىلىپ، يىلاندەك تولغىنىپ، قەددىنى راست قىلىپ پادىشاھ گۆرۆنج (گۆرۆچ)نىڭ ئوڭ يانىدا قەرار تاپتى. ئانىڭ ئارقا ـ سىدىن پەھلەۋان زاڭگە خەبەر يەتتى. پەھلەۋان زاڭگە ھەم دىۋان بېگىلىك مەنسەب تېگىپ ئەردى. بۇ ھەم سارىق تەھتىلادا تون كىيىپ، قىزىل لەھلەدە ئۆزىگە زىننەت بېرىپ، پادىشاھ گۆرۆنج (گۆرۆج)نىڭ سول تەرەپىدە قەرار تاپتى. ئانىڭ ئارقاسىدىن پەھ ـ لەۋان چاپاتەگە خەبەر يەتتى. پەھ ـ لەۋان چافاتە بۇ خەبەر ئاڭلاپ ئانداغ يىغلادىكىم: «مەن بىر ئا ـ جىز، ئورۇق، تەبىئىتىم نازۇك، قالتاق ئىدى، مەن نېچۈك قى ـ لۇرمەن؟ بىر ئۇرسە پارچە ـ پارچە بولۇرمەن» دەپ ئىدى. شول



زەمان پەھلەۋان توقاچ ھازىر بولۇپ ئايدى: «ئەي، چافاتە، ساڭا نېمە بولدى؟ نېمە ئۈچۈن يىغلايسەن؟ قورقماغىل، ئول بەلا كەلسە، ماڭا كېلەدۇر، ئاندىن ساڭا كېلەدۇر» دەپ ئىدى. چافاتەغە خېلى قۇۋۋەت

ھاسىل بولدى.

ئەلقىسسە، تەئام لەشكەرى بىرىن – بىرىن، فەرىق – فەرىق، گۇرۇھ – گۇرۇھ كېلىپ، سەفلەرنى راست قىلىپ تۇردى. شول ئەسنادا كېكىردەك لەشكەرى تەرەفىدىن مىڭ بەش يۈز كىشى ئات سالىپ ئانداغ قاتىغ جەڭ قىلدىلاركىم، بۆرى قويغە چاپقاندەك، ئوت قامۇشقە تۇتاشقاندەك، ئۇلۇغ دەريا مەۋج ئۇرغاندەك،رۇستەمى دەستان مازەندىراندا جەڭ قىلغاندەك جەڭ بولدىكىم. بەيت:



اېچىكا يو شو روب اوزينى رستم داستاندين
زياده چاغلاب بلينى يتمش ايكى يردين باغلاب
باشيكا كيكان قالفاقلارينى قيرلاب اوزيكا تمنا
قويوب چامغورنى عمود كران قليب شهرى چيني كا
لاركا كريب پادشاه كورونج نينك اونك طرپيد قرار
تافتى انينك ارقاسيدين پهلوان چوفكا خبريتى
پهلوان چوفكا ايشكاغه ليق منصب تيكيب اردى
القصه پهلوان چوف اوزيكا زيب زينت بريب
چامغورنى عمود قليب پادشاه كورونج نينك
اونك طرپيدا قرار تابتى انينك ارقاسيدين پهلوان
اوكره كا خبر بيتى پهلوان اوكره كا غنز نيچى ليك
منصب تيكيب ايردى پهلوان اوكره هم اوزى
كا زيب زينت بريب يقى ديك سوزه لاب باشيغه
ياشيل بارق كوتاريب زمردتدين زبرجددين
كوز قوى غان تونلارنى كريب شهرى قديح لار

تاراققۇ تۇرۇققۇ ئۇمۇدى گەران،
جەھان بولدى بازارى ئاھەنگەران؛
نە ھىندۇ، نە سىندۇ، نە گەردۇن ئەساس،
كى يوقدۇر ماڭا تەئام لەشكەرىدىن ھەراس؛
ھەراسىم يوقدۇركى نەررەئى فىل،
ئاقازۇرمەن قانىڭنى دەريا رۇدى نىل.

ئاقىبەتۇل ئەمر كېكىردەك لەشكەرى غالىب كېلىپ قەلئەلەرنى بۇزۇپ، دەرۋازەلەرنى ئوشاتىپ، تەئام لەشكەرىنى تۇتۇپ زىندانى شىكەمغە دەرقەيد بەندگە تارتتى.

تەئام لەشكەرى يەنە ئۆز تەمەنناسىنى قويماي، كېڭەشىپ: «بىر تەڭگۇ تار يەرنى توسۇپ بىر ئىش قىلۇرمىز» دەپ كېتىپ بارۇر ئەردىلەر، ئارقەسىدىن پەھلەۋان سىنچاينى تۇتۇپ تاشلادى. پەھلەۋان سىن چاي زىندانى شىكەمنىڭ تۇبىگە تەئام لەشكىرىنىڭ ئارقەسىدىن يېتىپ كېلىپ ھەر قايسىغە ئۆز لايىقىدا جاي تەيىن قىلىپ، توفلاشىپ قالغان لەشكەرلەرنى پادشاھ گۇرۇنج (گۇرۇچ) باشلىغىن ھەممەسىنى جابەجا تارقاتىپ ئۆز مەنزىللەرىغە ئولتۇرغۇزدىلار. تا ئول دەمدىن بۇ دەمغەچە تەئام لەشكەرى كېكىردەك لەشكەرىگە ئەسىر بولماق ئاندىن قالدى. ئەمما، تەئام لەشكەرى نەچەند زەمان زىندانى شىكەمدە ياتىپ نىھايەتى زېرىكىپ، خۇنۇقۇپ بىر –


بىرگە ئايدىلار: «ئەمدى بىر ئىلاج قىلىپ بۇ زىنداندىن خەلاس بولماقنىڭ فىكرىنى قىلالى» دەپ ئىدى. شاھ تەلىب توق بېگى بىلەن چۆلى فادشەب ئىككەيلەن ئايتتىكىم: «مەن بىر مەسلەھەت تاپتىم، بۇ زىنداندىن چىقادۇرغاننىڭ ئىلاجى ئۇلدۇركى، بىزلەر شول زىنداننىڭ تۇبەنكى مەسخەرە دەرۋازەسىنىڭ ئالدىغە بارىپ، توق - تەيفۇ، زەمبەرەكلەرنى راستلاپ بىردىن - بىردىن قويۇپ بېرەلى، ئانىڭ ئاۋازلارىدىن كېكىردەك لەشكەرلەرى قاچارلار، دەرۋازە كۇشاھدە بولۇر، ئاندىن جانىمىزنىڭ بارىچە ئۆزىمىزنى ياقاغە ئالالى، بۇ زىنداندىن قۇتۇلۇپ كۇن كۆرەلى» دېدى. بۇ سۆز ھەممە تەئام لەشكەرىگە مەئقۇل ئاڭلاندى. شۇبۇ سۆز بىرلەن تەئام لەشكەرى شىكەم زىنداننىڭ تۇبەنكى دەرۋازەسىغە كېلىپ توق - زەمبەرەكلەرنى چىڭ بەنلەپ ھەر تەرەفلەردىن ئانداغ قويۇپ بەردىلەركىم، ئانىڭ ئاۋازىدىن ھەم كېكىردەك لەشكەرى ئېيتتىپ: «ۋاي، ئەمدى ئىش يامان بولدى، دىماغىمىزنى يوق ئەتتى، ئىشتانىمىزنى فوق ئەتتى، ھەلى ئوق تېگەدۇر، بۇ كۇن قاچماساق، قاچان قاچارمىز» دەپ ئالدىراشىپ باشىدىن دوفەسى تۇشۇپ قالسە باقماي، سۆڭگەچىنى قاشلاپ، ئىشتان باغىنى ئەتكەلى ئالدىراپ بىرىسى ئاندا، بىرىسى مۇندا ھەرقايسىلارى كۆڭلى خاھلىغان يەرگە بارىپ، قوياپ بەردىلەر.


داولتودوروب پادشاه کوروغلی نینک سول طرپیدا قرار
تاپقتی اینیک ارقاسیدین پهلوان چوله کا خبریتی
پهلوان چوله کا فاشب منصب تکیب ایردی
پهلوان چوله هم کوچه لارنی کسکر و توب دمبا
چی لارنی یغیب دومباق لارینی چالدوروب برنی
الدیده مانکدوروب برنی ارقاسیغه مانکدوروب
قزیل یعقوت دین عمود کوتاریب پادشاهی
کوروغلی نینک سول طرپیدا قرار تاپتی اینیک
ارقاسیدین پهلوان شاطلیب کا خبریتی که
پهلوان کا توف بیکی لیک منصب تکیب ایردی
بو هم توف طی‌نی پوذ مبر اک لارینی داسلاب پادشاه
کوروغلی نینک سول طرپیدا قرار تاپتی اینیک
ارقاسیدین پهلوان شوریه کوروغلی غه خبریتی
پهلوان شوریه کوروغلی کا اعلم لیک منصب
تکیب ایردی پهلوان شوریه کوروغلی هم باشی

تەئام لەشكەرى قاراسەلەر كېكىردەك لەشكەرى بىخۇد مەست بولۇپ بۇرۇنلارىنى تۇتۇشۇپ قالغانلارىدىن خەبەرى يوق، بۇلار ھەيران ۋە سەراسىمە بولۇپ، شىكەم زىنداننىڭ تۇبەنكى دەرۋازەسىنى زور ئاچىپ

تەئام لەشكىرىنى قوغلاپ چىقارىپ، ئۆزى جانلارنى ئاران ياقاغە ئالدى.

ئەلقىسسە، تەئام لەشكەر بىچارەلەر نەچچەند ۋەقت قاراڭغۇ جايلاردا تۇرۇپ، رەۋشەنالىق ۋە يورۇق جەھاننى كۆرگەنگە نىھايەتى خۇشۋەقت بولۇپ، نېرى باراي دېسە فۇت ـ قوللارىنىڭ مەجالى يوق، تام تۇبىدە بويىنىنى قىسىپ، ئافتاب ئىسسىنىپ، چىبىن پەششەلەرغە ۋە قۇرت قوڭغارلارغە يەم بولۇپ تۇرار ئەردى. سەھرالىق ئادەملەر ئاڭلاپ نىھايەتى ئىچىنى ئاغرىتىپ: «سەھراغە ئالىپ چىقىپ قويالى، شامال يەپ تەماشا قىلسۇن» دەپ، ئۇلاغ، تەغار ئالىپ كىرىپ بۇ بىچارەلەرنى تەغارغە سولاپ، ئېشەكلەرگە يۈكلەپ سەھراغە ئالىپ چىقىپ، كەڭرى يەر تەئيىن قىلىپ، بۇلارنى جابەجا قويۇپ ئەردىلەر. سەھرانىڭ ھەۋاسى بۇلارغە ياراشماي ھەممەسى ئۆلۈپ، توفەغە ئالىشىپ كەتتى دەپ، ئەھلى تەسەۋۋۇفلار بۇ سۆزنى تەمام قىلدى.


کایاشیل دستار یو بنکب تمزیل یعقوت لار بیله
او زیکا زیب زینت بریب خاص لیک سیغرلار
نی باشیغه توتوب پادشاه کوروشیح نینک اونک طر
پیدا قرار تاپتی انینک ارقا سیدین پهلوان حبیب
کا خبر یتتی پهلوان حبیب کا کرنای بیکی لیک منصب
تگیب ایردی بو هم کرنای چی لارنی یغیب کرنای
لارنی باتتی بو وقت تارتیب اسلیب جملیب یلاندیک
تولغانیب قدینی راست قیلیب پادشاه کوروشیح
نینک اونک یانیدا قرار تاپتی انینک ارقا سیدین
پهلوان زانینک کا خبر یتتی پهلوان زانینک کا هم
دیوان بیکی لیک منصب تگیب ایردی بو هم سریق
تهتیلادا تون کییب قزیل لبهل دا او زیکا زینت
بریب پادشاه کوروشیح نینک سول طرفیدا قرار تاپتی
انینک ارقا سیدین پهلوان چغاتای کا خبر یتتی.
پهلوان چغاتای بو خبر انکلاب انداغ یغلادیکم

يەشمىسى:


داستان پەسلىدە: ھېكايەت (سۆز) ئېشتمەك كېرەككى، يەككە ـ يېگانە، شانۇ شەۋكەتلىك، زاۋال تاپماس پادىشاھ، قۇدرەتلىك كامالەت ئىگىسى، يوقلۇق ئالەمدىن ۋۇجۇد كۆچەتخانىسىغا قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ، بارلىق مەۋجۇداتنى پەيدا قىلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تائام خەلقىنى پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى باشقىلاردىن پەرقلىق قىلدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا جېدەل ـ ماجرا، جەڭ تولا بولدى. ئۆز ئارىسىدا سۇلھى ـ سالا بىلەن مەنسەپ تەيىن قىلىشتى. ئۇلار گۇرۇچ ئاشنى (پولۇنى) پادىشاھ، چۆچۈرىنى ھاكىم، چۆپنى ئىشىكئاغىسى، ھېسىپنى ياساۋۇل، نوقۇتنى

قاراۋۇل، چۆلىنى پاششاپ، شاھ تالىپنى توپ بېگى، ئۆگرىنى غەزىنىچى، سىنچايىنى دورغا بېگى قىلدى. ئاندىن كېيىن ھەممىسى ئۆز ئورنىدا تەييار تۇرۇشتى. بۇلاردىن بالدۇرراق كېكىردەك لەشكەرلىرى تائام لەشكەرلىرىگە كۆز تىكىپ، ئۇلارنى ماراپ، بالىلىرىنى قازاننىڭ بېشىدىن نېرى قوغلاپ، چوڭلىرى كېلىپ:

— دەرھال بولۇڭلار، كۈن چۈش بولدى، تائام لەشكىرى تەييار بولمىدىمۇ؟ — دەپ ئالدىرىشىپ، قازان شەھىرىنىڭ چۆرىسىنى قورشاپ تۇردى. كېكىردەكنىڭ لەشكەرلىرى مەسلىھەت قىلىشتى:


— مۇبادا، تائام لەشكەرلىرى غالىب كېلىپ بىزنى شېھىت قىلسا، تاھارەتسىز ئۆلۈپ كەتمەيلى، — دەپ بەش يۈزدىن مىڭ كىشى يالىڭاچ بولۇپ، بېشىنى مىس نوغا تۇتۇپ، ئالدىرىشىپ غۇسۇل قىلىپ، بەش يۈزدىن، بەش يۈزدىن چاپان شەھىرىنىڭ يەڭ دەرۋازىسى ئاغزىدا بۆكتۈرمە قويۇپ تۇردى.

ئەلقىسسە، تائام لەشكەرلىرى مەيدان تەييار قىلدۇرۇپ، قىزىل، يېشىل بىساتلىرىنى سالدۇرۇپ، قازان شەھىرىدىن چىقىپ، ھەرقايىسىسى ئۆزىگە لايىق تەختلەردە ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى تەخت بىلەن كۆتەرتىپ مەيدانغا كېلىپ، قىزىل، يېشىل بىساتلارنىڭ ئۈستىدە ئۆز توپى بىلەن سەپراست بولۇپ، كېكىردەك لەشكىرىگە ئەلچى ئەۋەتتى. ئاڭغىچە، تائام لەشكىرى


من بر عاجیز اوروق طبعیم نازوک قالتاق ایدی من نیچک
قیلورمن بر اودسه پارچه پارچه بولورمن دیب ایدی
شول زامان پهلوان تو قاچ حاضیر بولوب ایتی
ای چغاتای سنکا نیمه بولدی نیمه اوچون یغلای سن
قورقماغیل اول بلا کلسه منکا کیلادور آن دین
سنکا کیلادور دیب ایدی چغاتای غه خیله قوت حا
صیل بولدی القصه طعام لشکری بریرین بریرین فریق
فریق کوزوه کروه کلیب صف لاریغه راست قیلیب
توردی شول استادالکر دیک لشکری طرفیدین منک شیش یوز
کیشی آطلاسالیب انداغ قاتیغ جنک قیلدیلارکیم بوری قویغه
چاپقغاندیک اهوت قموشغه توتاشغاندیک اولوغ دریا
موج اورغاندیک رستم داستان مازندراندا جنک قیلغاندیک
جنک بولدیکیم بیت تراق قوتوروق قوعمودی کران
جهان بولدی بازار مثل آهن کران نه هندو نه سیندو
نه کردون عصاص که یوقدور منکا طعام لشکریدین
حراس حراسیم یوقدور که ضربهٔ فیل آقیتورمن
قاینکیز

ئۆز توپىغا قاراپ، ئۆزىنى جەڭگە تەييار قىلىنىپ تۇردى. شۇ ۋاقىتتا، «كېكىردەك لەشكەرلىرى تەرىپىدىن بەش يۈز كىشى تەييار بوپتۇ» دەپ تائام لەشكەرلىرىگە خەۋەر يەتتى. تائام خەلقى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، بىر

- بىرىگە خەۋەر بېرىشىپ، شۇنداق كېچىش ئۆتكۈزدى. (ئۇلار) مەيدان تەرەپكە كۆزلىرىنى تىكىپ، چېپىشماقنىڭ، ئېتىشماقنىڭ، ئاشقازان زىندانىنىڭ دەرۋازىسىغا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپ، تەڭ - تار (قىزىلئۆڭگەچ)دا بۆكتۈرمە قويۇپ، تويۇقسىز ھۇجۇم قىلىشنىڭ پىكرىنى قىلىشىپ، ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ قورال - ياراغلىرىنى ئېلىپ، ئۇرۇشقا لازىملىق ھەممە نەرسىلىرىنى تەييار قىلىشىپ، بىر - بىرى بىلەن قىزىق سۆزگە چۈشۈشتى. تائام لەشكەرلىرى بوس - ھورلىرىنى ئۆرلىتىپ ئايۋانلارغا چىقىپ، سەپراست بولۇپ تۇرۇشتى.


قاینیکنی دریا رووده نیلنی عاقبت الامر گلیردیک لشکری غالیب
کلیب قلعه لارنی بوزوب دروازه لارنی اوشاتیب طعام
لشکرینی توتوب زندان شکم غه درقید بندکا تارتیب طعام
لشکری ینه اوز تمناسینی قویمای گیکاشیب بر تنکه تاریرنی
توسوب برایش قیلورمیز دیب کتیب بارور ایردیلار آمیر قره
سیدین پهلوان حسین چاینی توتوب تاشلادی پهلوان
سیدین چای زندان شکم نینک تو بیکه طعام لشکری نینک ارقه
یتیب کلیب هرقیسی غه اوزلاریقیدا جای تعین قیلیب توفلاشیب
قالغان لشکرلارنی پادشاه گرونج باشلیغین همه سینی جابجا
تار قاتیب اوز منزیل لارینغه اولتورغوزدیلار تا اول دمدین
بودمغچه طعام لشکری گلیردیک لشکریکا اسیر بولماق اندین
قالدی اما طعام لشکری نیچند زمان زندان شکمده یاتیب
نهایتی زیرکیب خونوقوب بر بیریکا ایدیلار امیدی کابر علاج
قیلیب بوزنداندین خلاص بولماق نینک فکرینی قیلالی دیب
ایدی شاطلیب توف بیکی بیلان چولی فادشباییکی

ئەلقىسسە، كېكىردەك لەشكەرلىرى تەرىپىدىن شۇنداق ئاۋازلار كەلدىكى، ئۇلار «خوش - خوش، پوش - پوش، ئات سېلىڭلار» دەپ نەرە پەيدا قىلدى. ئەلقىسسە، تائام لەشكىرى تەرەپتىن پادىشاھ گۆرۈچ (پولۇ) قاراۋۇل بېگى نوقۇتقا ئەمر قىلدى:

— ئېگىز بىر جايغا چىقىپ قاراپ باققىن، بۇ نېمە غوۋغا؟ — قاراۋۇل بېگى نوقۇت قاراپ باقسا، كېكىردەك لەشكىرى تەرىپىدىن بەش يۈز كىشى ئات سېلىپ كېلىۋاتقانىكەن. نوقۇت پالۋان قېچىپ كېلىپ، خەۋەر يەتكۈزدى:

— ئەي پادىشاھ گۆرۈچ (پولۇ)، كېكىردەك لەشكىرى تەرىپىدىن بەش يۈزدىن، بەش يۈزدىن ئات سېلىپ كەلدى، — پادىشاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ «ئاھ» تارتىپ، مۇنۇ بېيىتنى ئوقىدى:

يۈرىكىمدە بىر دەرد بار، ئېيتسام تىلىم كۆيىدۇ.
پىنھان تۇتسام دىلىمدا، ئۇستىخانلىرىم كۆيىدۇ.

ئۇ باھار بۇلۇتلىرىدەك زار-زار يىغلىدى، تائام لەشكەرلىرى ئېيتىشتى:

— ئەي پادىشاھ گۇرۇچ (پولو)، سىزگە نېمە بولدى؟ — پادىشاھ گۇرۇچ (پولو) ئېيتتى:


— كېكىردەكنىڭ بەش مىڭدەك لەشكىرى كەپتۇ.

ئەلقىسسە، تائام لەشكەرلىرى ئېيتىشتى:

— ئەي پادىشاھ گۇرۇچ (پولو)، غەم يېمەڭ، جېنىمىزنىڭ بارىچە جەڭ قىلىمىز. ئۇلار غالىب كەلسە، بىز ھەممىمىز مەسلىھەت بىلەن بىر تەڭگۇ تار يەر (قىزىلئۆڭگەچ)دە توساپ، كۆزلىرىنى ئالايتتۇرۇپ، ھېچ تۇتتۇرۇپ جەڭ قىلىمىز.


ئەلقىسسە، پادىشاھ گۇرۇچ (پولو) يارلىق قىلدى:

— تائام لەشكىرىمۇ سەپلىرىنى راست قىلسۇن، — شاھ ئۆزىمۇ گۆشنى ئۇمۇد قىلىپ، نوقۇتنى قاراۋۇل قويۇپ، ساۋۇت-دۇبۇلغىلىرىنى كىيىپ، دەبدەبە بىلەن كېلىپ تۇردى. ئاندىن كېيىن، ئۆپكە پالۋانغا خەۋەر يەتتى. ئۆپكە پالۋانغا تۇغ بېگىلىك مەنسەپ تەگكەنىدى.


لاف ايتكم من بر مصلحت تليتيم بو نهمان دين چيقادور
خان نينك علاج اولدور كه بيز لار شول ذينان نينك
توبنکی مسخره دروازه سی نينك الدیغه باریب
توف طحی فوذمبرک لارنی راست لاب بردين بردين قو
یوب برابر اینک اواز لاردین گکر دیک لشکری تچار
لار دروازه کشاده بولور اندین جانمیز نینک باریچه
اوذمیزنی یقاغه الالی بوذینلان دین قوتولوب کون
کورلا دیدی بو سوز یهم طعام لشکریکه معقول
انکلاندی شبو سوز برلان طعام لشکر شیکم ذیندان
نینک توبن که دروازه سیغه کلیب توف ذمبراکو لاری
نی چینك بن لاب هر طرف لاردین انداغ قویوب بردیلار
کم اینک آواز یدین هم گکر دیک لشکری ایشتیب
وای اهدی ایش یمان بوالدی دیعا غمیزنی یوق ایتی
ایشطانمیزنی فوق اتتی چلی اوق تیکادور بو کون قاچا
ساق قچان قچار میز دیب الدیراشیب باشیدین دوغه سی
توشوب قالسه باقمای سونکاچینی قاشلاب ایشتان باغینی
انکالی الدیراب بریلری اندا برس موندا هر قایسی لاری
کوبان

بېيىت:

چىقتى قازان قەلئەسىدىن بىر تۇمان،
كىمدۇر دېسە ئۆپكە دېگەن پەھلىۋان.


کوزنکا خواه لاغان یرکا باریب قویاب بر دیلار طعام لشکری
قرار لار رکلیر دیک لشکری بیخود مست بولوب بوروق لارینی
تو تو شوب قالغان لاریدین بیخبر خبری یوق
حیران و سراسیمه بولوب لشکر زندانی نینک توبین کی دروازه سینی
زور اچیب طعام لشکرینی قوغلاب چیقاریب اوزی جانلارینی
اران یقاغه الدی القصه طعام لشکر بیچاره لار نیچند وقت
قرانکغو جایلاردا توروب روشنالیق و یوروق جهان نی
کورکانیکا نهایتی خوشوقت بولوب نری باری دیب
فوت قول لاری نینک مجالی یوق تام تو بیدا بوینی نی
قیسیب آفتاب اسیب جبین یشه لارغه و قورت قونکغان
لارغه یم بولوب تورار ایردی صحرالیق آدم لار انقلاب نهایتی
ایچی نی ایب اغریتیب صحراغه الیب چیقیب قویالی شمال
ییب تماشا قیلیلی دیب اولاغ تغار الیب کیریب بو بیچاره
لارنی تغار سواب ایشک لارکا یوکلاب صحراغه الیب چیقیب
کنکور بیر تعین قیلیب بولارنی جا به جا قویوب ایر دیلار
صحرانینک هاسی بولارغه یر اشتهای همه سی اولوب توقفه
الیشیب کتی دیب اهل تصوفلار بو سوزنی تمام قیلدی

ئەلقىسسە، ئۆپكە پالۋان قىزىرىپ، تاتىرىپ، ئېسىلىپ، ئۆزىنى سۆرەپ كېلىپ، پادىشاھ گۆرۈچ (پولۇ)نىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى؛ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چۆچۈرە پالۋانغا خەۋەر يەتتى. چۆچۈرە پالۋانغا ھاكىملىق مەنسىپى تەگكەنىدى. چۆچۈرە پالۋانمۇ بېشىغا سېرىق، يېشىل ئەلەملەرنى كۆتەرتىپ، ئۆزىنى شۇنداق ياسىدىكى، گۆشلىرىنى ئىچىگە يوشۇرۇپ، ئۆزىنى رۇستەم پالۋاندىن زىيادە چاغلاپ، بېلىنى يەتمىش ئىككى يەردىن باغلاپ، بېشىغا كىيگەن قالپاقلىرىنى قىرلاپ، ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ، چامغۇرنى ئېغىر ئۈمۈد قىلىپ، چىنە كاسا شەھىرىگە كىرىپ، پادىشاھ گۆرۈچ (پولۇ)نىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ئورۇن ئالدى؛ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چۆپ پالۋانغا خەۋەر يەتتى. چۆپ پالۋانغا ئىشىكئاغىلىق مەنسىپى بېرىلگەنىدى.

ئەلقىسسە، چۆپ پالۋان ئۆزىگە زىبۇزىننەت بېرىپ، چامغۇرنى ئۈمۈد قىلىپ، پادىشاھ گۆرۈچ (پولۇ)نىڭ ئوڭ تەرىپىدىن جاي ئالدى؛ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۆگرە پالۋانغا خەۋەر يەتتى. ئۆگرە پالۋانغا خەزىنىچىلىك مەنسىپى بېرىلگەنىدى. ئۆگرە پالۋانمۇ ئۆزىنى زىننەتلەپ، يىپەك سوزۇلۇپ، بېشىغا يېشىل بايراق كۆتەرتىپ، زەبەرجەدتىن كۆز قويغان تونلىرىنى كىيىپ، قەدەھ شەھەرلىرىدە ئولتۇرۇپ، پادىشاھ گۆرۈچ (پو-

لۇ)نىڭ سول تەرىپىدىن ئورۇن ئالدى؛ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چۇلە پالۋانغا خەۋەر يەتتى. چۇلە پالۋانغا پاشا-
شاپلىق مەنسىپى تەگكەنىدى، چۇلە پالۋانمۇ كوچىلارنى كېڭەيتىپ، دۇمباقچىلارنى يىغىپ دۇمباقلارنى
چالغۇزۇپ، بىرنى ئالدىدا، بىرنى ئارقىسىدىن ماڭدۇرۇپ، قىزىل ياقۇتتىن قالقان كۆتەرتىپ، پادىشاھ
گۇرۇچ (پولۇ)نىڭ سول تەرىپىدىن جاي ئالدى؛ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن شاتەلەپ پالۋانغا خەۋەر يەتتى. ئۇنىڭغا
توپ بېگىلىك مەنسىپى بېرىلگەنىدى. ئۇ ھەم توپ - زەمبىرەكلىرىنى راسلاپ، پادىشاھ گۇرۇچ (پولۇ)نىڭ
سول تەرىپىدىن جاي ئالدى؛ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن شورپا گۇرۇچ پالۋانغا خەۋەر يەتتى. شورپا گۇرۇچ پالۋان-
غا ئەئلەملىك مەنسىپى بېرىلگەنىدى. شورپا گۇرۇچ پالۋانمۇ بېشىغا يېشىل دەستار يۆگەپ، قىزىل يا-
قۇتلار بىلەن ئۆزىنى زىننەتلەپ، خەسە رەختلەرنى بېشىغا تۇتۇپ، پادىشاھ گۇرۇچ (پولۇ)نىڭ ئوڭ تەر-
پىدىن جاي ئالدى؛ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھېسىپ پالۋانغا خەۋەر يەتتى. ھېسىپ پالۋانغا كاناي بېگىلىك
مەنسىپى بېرىلگەنىدى. ئۇمۇ كانايچىلارنى يىغىپ، كانايلارنى «پات - پۇت» تارتىپ، ئېسىلىپ، يىلاندەك
تولغىنىپ، قەددىنى توغرىلاپ، پادىشاھ گۇرۇچ (پولۇ)نىڭ ئوڭ يېنىدىن جاي ئالدى؛ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن
زاڭ پالۋانغا خەۋەر يەتتى. پالۋان زاڭغا دىۋان بېگىلىك مەنسىپى تەگكەنىدى. ئۇ سېرىق تەتىللادىن تون
كىيىپ، قىزىل لەئلدىن ئۆزىگە زىننەت بېرىپ، پادىشاھ گۇرۇچ (پولۇ)نىڭ سول تەرىپىدىن جاي ئالدى؛
ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چافاتە پالۋانغا خەۋەر يەتتى. چافاتە پالۋان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، شۇنداق قاتتىق يىغلاپ
كەتتى: «مەن بىر ئاجىز، ئورۇق، تەبىئىتىم نازۇك، ھېچقانداق پايدام يوق. قانداق قىلارمەن؟ مەن بىر
ئۇرسا پارچە - پارچە بولۇپ كېتىدىغان تۇرسام» دېدى. شۇ زامان توقاچ پالۋان ھازىر بولۇپ دېدى: «ھەي،
چافاتە، ساڭا نېمە بولدى؟ نېمە ئۇچۇن يىغلايسەن؟ قورقما، بالا كەلسە ئاۋۋال ماڭا، ئاندىن ساڭا كېلىدۇ»،
چافاتەگە جان كىردى.

ئەلقىسسە، تائام لەشكەرلىرى بىر - بىردىن، توپ - توپتىن، گۇرۇھ - گۇرۇھتىن بولۇپ كېلىپ،
سەپلىرىنى راسلاپ تۇرۇشتى. شۇ چاغدا كېكىردەك لەشكەرلىرىدىن مىڭ بەش يۈز كىشى ئاتلىرىنى چاپ-
تۇرۇپ جەڭگە ئاتلاندى. شۇنداق قاتتىق جەڭ بولدىكى، بۆرە قويغا ئېتىلغاندەك، قومۇشقا ئوت تۇتاشقان-
دەك، ئۇلۇغ دەريا مەۋج ئۇرغاندەك، رۇستەم پالۋان مازاندىراندا جەڭ قىلغاندەك جەڭ بولدى.

ئاقىۋەت كېكىردەك لەشكەرلىرى غالىب كېلىپ، قەلئەلەرنى بۇزۇپ، دەرۋازىلەرنى سۇندۇرۇپ، تائام
لەشكەرلىرىنى تۇتۇپ، ئۇلارنى ئاشقازان زىندانىغا نەزەربەند قىلدى. تائام لەشكەرلىرى يەنە ئۆزلىرىگە
تەمانىنا قويۇپ «تەڭ - تار يەر (قىزىلئۆڭگەچ)نى توسۇپ بىر ئىش قىلۇرمىز» دەپ مەسلىھەتلىشىپ
تۇراتتى، ئارقىسىدىن سىنچاي پالۋاننى تۇتتى. سىنچاي پالۋان ئاشقازان دەرۋازىسىنىڭ تۈۋىگە تائام
لەشكەرلىرىنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ كېلىپ، ھەرقايسىسىنى ئۆزىگە لايىق جايغا جايلاشتۇرۇپ، توپلىشىپ
قالغان لەشكەرلەرنى، پادىشاھ گۇرۇچ (پولۇ) باشلىق ھەممىسىنى رەتمۇرەت ئۆز جايلىرىغا ئولتۇرغۇزدى.
تاكى شۇ زاماندىن تارتىپ ھازىرغىچە تائام لەشكەرلىرىنىڭ كېكىردەك لەشكەرلىرىگە ئەسىر بولۇشى
شۇنىڭدىن قالدى. ئەمما، تائام لەشكەرلىرى نەچچە زامان ئاشقازان زىندانىدا يېتىپ، بەك زېرىكىپ،
چىدىماي بىر - بىرىگە دېيىشتى:

— ئەمدى بىر ئامال قىلىپ، بۇ زىنداندىن چىقىپ كېتىشنىڭ چارىسىنى قىلايلى، — دېيىشتى.
شاھ تالىپ توپ بېگى بىلەن چۇلە پاشاپ ئىككىيلەن مۇنداق دېيىشتى:

— مەن بىر مەسلىھەت بېرەي، بۇ زىنداندىن چىقىپ كېتىشنىڭ ئامالى شۇكى، بىز بۇ زىنداننىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى مەسخىرە دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، توپ - زەمبىرەكلىرىمىزنى تەييارلاپ، بىر - بىردىن قويۇپ بېرەيلى، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن كېكىردەك چىقىدۇ. دەرۋازا يوغان ئېچىلىدۇ، ئاندىن كېيىن، جېنىمىزنىڭ بارىچە ئۆزىمىزنى بىر ياققا ئالايلى. بۇ زىنداندىن قۇتۇلۇپ كۆن كۆرەيلى.

بۇ سۆزنى تائام لەشكەرلىرى ماقۇل كۆرۈشتى. تائام لەشكەرلىرى دېمىشكىنى بويىچە ئاشقازان دەرۋازىسىنىڭ تۆۋەنكى تەرىپىگە كېلىپ، توپ - زەمبىرەكلىرىنى چەنلەپ شۇنداق قويۇپ بەردىكى، بۇ ئاۋازلارنى ئاڭلىغان كېكىردەك لەشكەرلىرى: «ۋاي، يامان بولدى، دىمىقىمىز يوق بولدى، ئىشتىنىمىز پوق بولدى. ھېلى ئوق تېگىدۇ، بۇگۈن قاچمىساق، قاچان قاچىمىز» دەپ ئالدىرىشىپ، بېشىدىن دوپپىسىنىڭ چۈشۈپ قېلىشىغا قارىماي، سۆڭگىچىنى قاشلاپ، ئىشتان بېغىنى ئەتكىلى ئالدىرىشىپ، بىرى ئۇنداق، بىرى مۇنداق ھالەتتە ھەرقايسىسى ئۆزلىرى خالىغان يەرگە بېرىپ قويۇپ بەردى. تائام لەشكەرلىرى قارىسا، كېكىردەك لەشكەرلىرى بىخۇد - مەست بولۇپ، بۇرۇنلىرىنى تۇتۇشۇپ ھەيران بولۇپ ۋە سەراسىمىگە چۈشۈپ تۇرغان، تائام لەشكەرلىرى ئاشقازان دەرۋازىسىنىڭ تۆۋەنكى دەرۋازىسىنى چوڭ ئېچىپ، تائام لەشكەرلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئۆز جانلىرىنى ئاران بىر چەتكە ئېلىۋالدى.

ئەلقىسسە، بىچارە تائام لەشكەرلىرى نەچچە ۋاقىت قاراڭغۇ جايلاردا تۇرۇپ، يورۇق جاھاننى كۆرگىنىگە ناھايىتى خۇشال بولدى، باشقا ياققا بارايلى دېسە، پۇت - قوللىرىنىڭ ماغدۇرى يوق. تام تۈۋىدە بويىنىنى قىسىپ، ئاپتاپ سۇنۇپ، پاشىلار ۋە قۇرت - قوڭغۇزلارغا يەم بولۇپ تۇراتتى. سەھەرلىقلار بۇنى ئاڭلاپ ئۇلارغا ئىچى ئاغرىپ «سەھراغا ئېلىپ چىقىپ قويايلى، شامالداپ تاماشا قىلسۇن» دەپ، ئۇلاغ، تاغار ئېلىپ كېلىپ، بۇ بىچارىلەرنى تاغارغا سولاپ، ئېشەكلىرىگە يۈكلەپ، سەھراغا ئېلىپ چىقىپ، كەڭرى يەرلەرنى تەييارلاپ، بۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدى. سەھرانىڭ ھاۋاسى ئۇلارغا ياراشماي ھەممىسى ئۆلۈپ، توپىغا ئېلىشىپ كەتتى. شۇنداق دەپ، تەسەۋۋۇپ ئەھلىلىرى بۇ سۆزنى تامام قىلدى.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى
ئۇيغۇر تىلى فاكۇلتېتىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتى)



غىياسىددىن

# شەرئى مەسائىل

نەشرگە تەييارلىغۇچى: بارات تۇرسۇنباقى

## ئەلفازى كۇفرۇ مىئيارىنى ۋە يەنە ھۆكمىنى بەيانىدەدۇر

كىشى بىلسەكىم بىر سۆزى كۇفردۇر،
ئانى قەسد ئىلەن ئايتسە كافىر بولۇر.
ۋەيا بىلمەسە كۇفر ئەرمەگىنى،
ۋەلې قەسد بىرلە دەر ئەرمىش ئانى.
بۇ ھەم كۇفردۇر خاتۇن ئولغاي ھەرام،
مۇسۇلمانغە جەھل ئۆزر ئەمەس ۋەسسالام.
ئەگەر بىلمەسە كۇفر ئولماغىنى،
يەنە قەسدسىز ناگەھ ئايدى ئانى.
ۋەيا بىلمەسە سۆزىنى مەئنىسىن،
دېدى: «شەرھ ئەمالىي»دە بارچەسىن.
كى بىلمەي بۇ ئەفئاللار قىلمىشى،
شەرئەتدە ھۆكمى نېچۈك بولمىشى.
بەيان ئەيلەدى «مەۋلەۋى شەمس»دىن،
يەنە كۆپ كىتابلاردە باردۇر يەقىن.
بەناگەھ خاتۇن ياكى ئەر بىر سۆزى،
دېدىلەر كۇفر ئېركەن ئۇ دەر سۆزى.
ھەرام بولدى فىلھال بىر ـ بىرىگە،
نىكاھ ئەيلەمەي ياتسە بولغاي گۇنەھ.
ۋەيا كىمكى قۇرئاننى مەخلۇق دەيۇر،
ۋەيا شەرئنى تەرك ھۆرمەت قىلۇر.
يەنە تا بۇ دەم ھەرنەكىم تائەتى،
قىلىپ فەرز يا ۋاجىبۇ سۈننەتى.
بولۇر جۇملە نابۇد ھېچۇ ھەبا،
ۋەلې لازىم ئولماس ئالارغە قەزا.
مەگەر ھەجگە لازىم قەزا ئەيلەمەك،
تامۇغدىن ئۆزىنى جۇدا ئەيلەمەك.
ئىبادەتنى نابۇد ھېچ ئايلاماق،
مۇڭا مۇجتەھىدلەر ئېتىپ ئىتتىفاق.
دېدىلەركى بەئزى گۇناھى كېتۇر،
ۋەلې فەتۋى ئولكىم گۇناھى تۇرۇر.
مۇسۇلمانغە لازىم ئېرۇر دائىما،
قىلىپ ئىھتىيات جۇملە سۇبھۇ مەسا.
كى ناگەھ قايۇ لەفزكىم كۇفر ئېرۇر،
ئانى ئاغزىغە ئالماسە بىزەرۇر.

---

* بېشى ئۆتكەنكى ساندا

## ئەلفازى كۇفرلارنى بەياندۇر

بەيان ئەيلەيىن نەچچە ئەلفازنى،
كى كافىر بولۇر ھەركىم ئايتسە ئانى.
ئەگەر بىلمەسە ھەقنى زاتى نەدۇر،
ۋەيا بىلمەسەكىم سىفاتى نەدۇر.
ۋەيا بىلمەسە ئەنبىيا يا كىتاب،
مەلائىك قىيامەت، سىراتۇ ھىساب.
ۋەيا دېسە ئالەمنى ھەركىم قەدىم،
ئۆزى كافىرۇ جايى باردۇر جەھىم،
ۋەيا دېسە ئاسماندە باردۇر خۇدا،
ۋەلې يەردەسەن سەن ماڭا مۇتتەكا.
دېدى يا خۇدانى قولىدۇر ئۇزۇن،
ۋەيا دېدى ئېتىڭ ستەمسەن بۇ كۈن.
خۇدا ساڭا ئەتسۇن ستەم، ئەي فەلان،
بۇ مەجمۇئىدۇر كۇفر بار كۆپ يامان.
«ئەجايىب مۇھىممات» دېدى بۇ كەلام،
ئېرۇر كۇفر مۇنداغ دېماغلىق ھەرام.
ۋايا دېدىكىم مىسلى چاكەر ھۇنەر،
ئېتىپ تۇئمە چۈن يەيدۇ مەن خاجەلەر.
مۇنى كۇفر دەر شەرھ تەييار ئارا،
بىلىپ رىزقنى ئىشلاماقدىن ھالا.
ۋەيا دېسەكىم تا فەلان بار ھەيات،
ماڭا يوق ئېرۇر غەم نە بولسۇن جىھات.
ۋەيا دېسە بىلگەي خۇداكىم سېنى،
ھەمىشە يۇرەر ئېتىپ يادىڭنى.
دۇئا ۋەقتى ھەركىم بۇ ياڭلىغ دېسە،
دەرىغ تۇتمە رەھمەتنى بىزدىن خۇدا.
كىشى قىلسە قۇرئاننى تەھقىر ئەگەر،
بولۇر كافىر ئەلبەتتە، ئەي دوستلار.
چۇنانچە كىشى گۈل ئىزا ئەتكەنى،
ئەگەر ئۇقۇسا كەللا بەلرانى.
بولۇر دېدى كافىر ھەقايىق ئارا،
قىلىپ نەقل ئانى نەھر فايىق ئارا.
ئەگەر خەمر ئىچەر ۋەقتى تاكىم زىنا،
دېسە تەسمىيەدىن دىن ئولغاي جۇدا.
ۋەيا فەدىيەغە قىلسە قۇرئان بەدەل،
مۇقىددە دېدى كۇفردۇر بۇ ئەمەل.
ئەگەر دېسە بولسا فەلانى، رەسۇل،
ئانى ھەرگىز ئەتمەس ئىدىممەن قەبۇل.
ۋەيا دېدى پارسىكى، پەيغەمبەرىم،
مۇرادىم بۇ پەيغەمبەرۇ رەھبەرىم.
ۋەيا ئەيب پەيغەمبەرى ئەيلەدى،
ۋەيا سۇننەتىغە رىزا بەرمەدى.
بۇ مەجمۇئىدۇر كۇفر بىرەيىبۇ زەن،
«ئەجايىب مۇھىممات» ئارا بۇ سۇخەن.
مەجۇسدىن كىتابى ئەگەر دېسە خەبەر،
دېدى «مەخزەن» ئىچرە بۇدۇر كۇفر دەر.
كىشى مەسئىلەنى ئەگەر نەقل ئېتۇر،
بىراۋ دېدى بۇ پارسى يا تۈركىدۇر.
بۇ سۆزنى ئەگەر دېسە تەھقىر ئۇچۈن،
دېدى «كەنىز»دە كۇفر ئېرۇر بۇ سۇخەن.
كىشى شەرئ ھۆكمىغە بەرمەس رىزا،
بولۇر كۇفر ئەلبەتتە، «مەخزەن» ئارا.
بىراۋ بىر گۇناھىنى قىلغان ئىدى،
ئانى بىر كىشىگە بەيان ئەيلەدى.
دېدى: ئەيلەدىم غەسب با زەربى شەتمى،
ۋەيا زۇلم ئەتدىم ۋەيا تەركى ھەتم.
ئېشىتكەن كىشى دېدى: خۇب ئەيلەدىڭ،
«قەنىيە»دە دېدى مۇنى كۇفر دەڭ.
ۋەيا بىر مۇغەننى غەنا ئەيلەدى،

ئېشتىكەن كىشى ئانى خوبدۇر دېدى.
ئول ئادەم بۇ سۆز بىرلە كافىر بولۇر،
ۋەيا كۆردى فىئلى ھەرامنى ئەگەر.
ئانى دېدى خوب ئۇشبۇ ھەم كوفردۇر.
«ھەمادىيە» ئىچرە بۇ سۆزنى دەيۇر.
ۋەيا ئايتسە ھەم ئارزۇ كۇفرنى،
بۇلار كافىر ئەلھال مەردۇدنى.
ۋەيا ئايدى ھەركىمگە ئەتكىل نەماز،
ۋەيا روزە تۇت ھەقغە قىلغىل نىياز.
جەۋاب ئايدىكىم سەن ناماز روزەدىن
نىمە ھاسىل ئەتدىڭ، بەيان ئەيلەگىن.
بۇ سۆزدىن بولۇر كۇفر ئول بىخىرەد،
«ھەقايىق» ئارا بار بۇ سۆز باسەنەد.
ۋەيا كەلدى ماھى شەرىف، بىر كىشى
دېدىكىم: بۇ ماھى گىران كەلمىشى.
بۇ سۆزنى دېدى كۇفر «مەخزەن» ئارا،
ۋەيا دېدى ئەي كاشكىكىم زىنا.
ۋەيا زۇلم ئەيلەپ كىشى مالىنى،
ھەلال ئولسە دەپ ئارزۇ ئەيلەدى.
«ھەقايىق»دە دېدى بۇ ھەم كۇفر ئېرۇر،
ۋەيا كىمسە زەنبى سەغىرە قىلۇر.
ئاڭا بىر كىشى دېدى قىل تەۋبەسەن،
جەۋابىدە ئايدى نە ئەيلەپدۇمەن.
دېدى كافىر دەستۇر ئارا بۇ جەۋاب،
ۋەيا سەدقە ئەتسە ھەرامدىن سەۋاب.
تەمەئ ئەيلەمەك كۇفردۇر ھەم كىشى،
ئانى ئالسە بىلسە ھەرام ئەرمىشى.
دۇئا ئەيلەسە بەرگەن ئامىن دەيۇر،
دېدى «قەسس»دە ئىككىسى كۇفر بولۇر.
خىراجنى كىشى مۇلكى سۇلتان دېدى،
نە قايەدە ئول شەخس كۇفر دېدى.

ۋەيا شەھرى ئىسلامنى بىر پادشاھ،
تالانغا ئىبەرۇر خويۇلى سىپاھ.
ئانى غارەت ئەيلەپ ئالىپ مالىنى،
قويۇ تىۋەۋۇ زەررۇ ئەمۋالىنى.
ئالارنى ھەلال بىلماغى كۇفردۇر،
بۇ سۆز «ئەمدە» ئىچرە مۇقەررەر قىلۇر.
بەشەرتىكى بولسە ئالار بىخەبەر،
ئالار باشىغە بارسەلەر بىخەبەر.
ئەگەر زۇلم تاپسە ئالاردىن يانا،
ئېتەر ئول جەمائەغە لەئنەت خۇدا.
ئالار مالىنى ئالماغىدۇر مۇباھ،
بۇ سۆزلەر «ئەجايىب»دە بائىئتىنزاھ.
كىشى كىرسە گەر مەجلىسى فىسق ئارا،
كېلىڭ ئۇمرىمىز خوش تۇتايلىق دېسە.
ۋەيا باشقە كافىر كۇلاھىن قويار،
ۋەيا بىلىغە زۇننار باغلاپ يۇرەر.
ۋەيا كۇلسە بىر كۇفر سۆزىغە كىشى،
بۇ مەجمۇئەدىن كۇفر ئارا كىرمىشى.
نىدا ئەتتى كافىر دېبان كىمسەنى،
جەۋابىدە لەببەيك دېدى ئانى.
دېدى شەمس مۇھەممەد ئەگەر لەھۋدىن،
كىشى لەززەت ئالسە بولۇر غەيردىن.
ۋەيا دېدىكىم سەن مۇسۇلمان ئەمەس،
بۇ ئايدى ئەمەسمەن بۇدۇر كۇفر بەس.
ۋەيا غەيب بىلگەي خۇدا ھەم رەسۇل،
دېسە كۇفر ئولغاي «خۇلاسە»دە بول.
كىشى فالبىن يا مۇنەججىم سۆزىن،
دېسە راست دەر كافىر ئەتتى ئۆزىن.
كىشى بىر خۇدادىن بۆلەككە يەمىن،
يېسە كافىر ئولغاي ئۇشۇل غەيرى دىن.
دېدى بىر كىمە بولدۇ ھۆكمى خۇدا،

دېدى ئول خۇدا ھۆكمى بىلمەپ مانا،
بۆلار كۇفر ئول يا دېسە ئادەمى،
ئەگەر بۇتغە سەجدە قىلۇرمەن دەمى.
فەلانى بىلەن ئاشتى قىلماغۇم،
بۇ سۆزدىن بولۇر كافىرۇ دۇنۇ شۇم.
پەيەمبەرنى مۇيىنى مۇيەك دېسە،
بولۇر كافىر ئەلبەتتە ئول ۋەسۋەسە.
كىتابىكىم ئاتى «ھەيراتۇل ـ فۇقەھا»،
دېدى ئاندە بىر كىمسە يەكىم دېسە.
ھەرام يوق ئېرۇر نەردۇ شەترەنج ھەم،
بولۇر كافىر ئەلبەتتە بىبىشۇ كەم.
ۋەيا دېسە غەيرۇ نەبىنى ئەگەر،
بېرەر ئەنبىياغە بەرابەر بۆلار.
ئەقايىد ئارا دېدى بۇ كۇفردۇر،
مۇنى ھەر كىشى دېسە كافىر بولۇر.

## ھكايەت

ئېشىتتىمكى باردۇر بۇ ۋەقتى زەمان،
بىر ئىشانكى مەئۋەسى نۇرسوخ دېگەن.
ئۆزى ئامىيۇ سۇھبەتىدە دۇتار،
مۇغەننىلەر ئەكسەر كېلىبان چالار.
ئېشىتىپ ئوتۇرغاي دۇتار دائىما،
ۋەھالەنكى ئايدى رەسۇلى خۇدا:
ئېشىتسە كىشى لەھۋ ئاۋازىنى،
بولۇر ئاسىۋۇ پۇر گۇناھۇ دەنى.
نەمازدە يەنە هاي هۇ ئەيلەمىش،
ئەگەر بولسە ئەقلۇ شۇئۇردىن بۇ ئىش.
قاباھەت بولۇر بىل فەسادى نەماز،
نەماز ۋەقتى ئەشكەستەلىكدۇر نىياز.
ئەگەر بىشۇئۇرلىك بىلەن بولسە بۇ،

بۇ ئەغمى ئېرۇر نۇقسى ئەيلەر ۋۇزۇ.
يەنە بىر كىشى ئادىلى كاملى،
ئۆزى سەييىدى ئالىمى ئامىلى.
دېدى بىر يولى ئۇشبۇ شەيخى دەغەل،
بارىپ ئەردى نۇرسۇخ سارى بىر مەھەل.
ئوتۇرۇپ ئىدى گەردىدە ئامىلار،
تاپىپ دىنلارى سۇھبەتىدە زەرەر.
دېدىكىم پەيەمبەر بەسى ئۆتتىلەر،
ئالار زۇبدەئى خەلقۇ خەيرۇل ـ بەشەر.
بۇ ئۇممەتدىن ئەر بەئزىنى رۇتبەسى،
نە بولغاي ئالاردىن بەلەند ئولغۇسى.
ۋەياكىم ئىكەۋى بەرابەر ئېسە،
بۇ سۆزلەرنى چۇن ئايدى ئول ۋەسۋەسە.
دىماغىم كۆيۈپ كەتتى ئايدىمكى ھا،
نېچۈك سۆزدۇ بولكىم «ئەقايىد» ئارا.
دېدى ھەزرەت سەئدى دۇنياۋۇ دىن،
كىمى دېسە بۇ سۆزنى كافىر دېگىن.
بۇ تەرز ئەيلەمەك ئىئتىقادى خەتا،
كېتەر دىنى ئايىن بولۇبان ھەبا.
دېدىلەر ماڭا بەئز ئەسھابىكىم،
ئېرۇر ھالى ھەم ئۇشبۇ سۆزدە مۇقىم.
ئىلاھا ئۆزۈڭ ساقلا بۇ قەۋمدىن،
ئېرۇر ئەكسەرى دۇشمەنى شەرئى دىن.
ئېرۇر شەيخ ئولكىم شەرىئەتنى ساف،
رىئايە قىلىپ، زەررە ئەتمەي خىلاف.
ئېتىپ جۇملە ئەئمالى بەر ۋەقفى شەرئ،
تەرەددۇد قىلىپ خۇب بىلىپ ئەسلۇ فەرئ.
ئالىپ ئوڭ قولىگە كەلام خۇدا،
چەپىگە ئالىپ سۇننەتى مۇستەفا.
شەرىئەتدىن ئەر تاشقارى زەررە ئىش،
قىلۇر بولسە شەيتاندۇرۇر بۇ رەۋىش.

بەزىنھاركى بەرمە سەن ئاڭا قولىڭ،
ئانىڭ قولى شەيتان قولىدۇر بىلىڭ.
كەرامات بابىدە تەفسىلىنى،
ئېتىپ مەن رۇجۇئ ئەيلەبان تاب ئانى.

## ھىكايەت

ۋەلىلەر ئارا زۇبدەسى بايەزىد،
ئېدى باغلىق ئىشلارغە ئاندىن كەلىد.
ئېشىتتى فەلان شەھر ئارا بىر ۋەلى،
چىقىپدۇر ئانى ھەر كىشى دەر ۋەلى.
كەرامات ھەر لەھزە زاھىر ئېتەر،
ئانى تاپسە ھەركىم خۇداغە يېتەر.
ئېتىپ سۇھبەتىن ئارزۇ بايەزىد،
دېدىكىم بۇلاي نەچچە كۈن مۇستەفىد.
مۇشەققەت چېكىپ نەچچە كۈن يول يۈرۈپ،
يېتىپ باردى ئانى ئۆيىنى سورۇپ.
كىرىپ باردى ئول شەيخ مەئۋاسىنە،
ئوتۇرۇپ ئىدى شەيخ ئۆزى جاسىنە.
چۇ كۆردىكى ئول شەيخ ئابى دەھەن،
سۈيى قىبلە ناگاھ تاشلاپ ئىكەن.
ئۆگۈردى يۈزىن ھەزرەتى بايەزىد،
دېدى شەيخ ئەمەس بەلكى دىۋى مەزىد.
كى يەئنى بۇ مەكرۇئ ئىش ئەيلەدى؛
ئەقلەن كىرىپ ئالدىگە يانمادى.
يەنە ئەسلى مەقسەدغە كەلدىم فەراز،
بەيان ئەيلەيىن كۇفر لەفزىنى باز.
ھەلالدۇر دېدى بىر گۇنەھنى كىشى،
سەغىرە كەبىرە نەكىم بولمىشى.
بولۇر كافىر ئول ئادەمى بىخىرەد،
«ئەقايىد» ئارا بار بۇ سۆز باسەنەد.
مۇسۇلمانگە ئەلبەتتە لازىم ئېرۇر،
كەچۇ ئەرتەدە كۇفر رەددىن ئوقۇر.
ئېرۇر ئىھتىيات ئوقۇبان يۈرماغى،
بۇ ئەرمىش پەيەمبەرنى بويۇرماغى.

## گۇناھ كەبىرەلەرنى بەياندۇر

ئەگەر خاھلاسە كىردىگارى جەھان،
گۇناھى كەبىرەنى ئەيلەي بەيان.
كى تا بەندەلەر جۇملەسىنى بىلىپ،
يۇرۇسۇنلەر ئاندىن تەبەررا قىلىپ.
دېدى ئىبنى ئەمر فەقىھى جەھان،
كەبىرە ئېرۇر ھەقغە شىرك ئەيلەغەن.
يەنە بىسەبەب قەتل نەفس ئەيلەسە،
يەنە غەسبدۇر ياكى رەبە يېسە.
ۋەيا مۇھسىنۇ مۇخسىنە قەزف ئېتەر،
قىلۇر سىھرە ياكىم زەھەفدىن قاچار.
زەھەف مەئنىسى ئولكى بىر مۇسلىمى،
قاچار ئىككى كافىر يولۇقسە ھەمى.
ئاتا يا ئانا ياكى ئۇستادىغە،
بولۇر ئاق باردۇر كەبىرە ھەمە.
ئۇقۇق مەئنىسى تەرك فەرمان ئېرۇر،
ئەگەر تۇتماسە ئەمرىنى ئاق ئېرۇر.
يەنە ئوغرىلىقدۇر رەبا ھەم يېمەك،
يەنە خەمر ئىچمەكۇ يالغان دېمەك.
كىشىنى مالىنى زور بىرلەن ئالۇر،
يەنە ھەرنە مەسكەر شارابنى ئىچۇر.
يەنە ئۇزرسىز فەرز ئۇلان رۇزەسىن؛
تەرازۇدە قىلسە خىيانەت دېگىن.
نەماز ئوقۇسە ئىلگەرى ۋەقتدىن،
ۋەياكىم قەزا ئەتسە ئۇزر ئولمايىن.
سەبەبسىز ۋەيا مۇسلىمنى ئۇرار،
ئالۇر رىشۋەنى ياكى غەيبەت قىلار.

گۇۋاھلىكىنى ياشۇرار ئۇزرىسىز،
ۋەيا مەنئ ئەتسە زەكاتىنى نىز.
ۋەيا ئەمرى مەئرۇفنى قىلماسە،
ۋەيا نەھيى مۇنكىرنى تەرك ئەيلەسە.
ئالىپ ياد قۇرئاننى نىسيان قىلۇر،
ۋەيا جانى بار نەرسە ئوتقە ياقۇر.
خاتۇن ئەرغە قىلماس قەبۇل بىسەبەب،
خۇدا رەھمەتىدىن قالۇر تەشنە لەب.
ۋەيا ئەمىن ئولسا خۇدا قەھرىدىن،
ئاھانەت ئېتەر ياكى ئىلم ئەھلىنىن.
ۋەيا ھىفز ئېتەنلەر كەلامى خۇدا،
ئاھانەت ئالارنى قىلار يار با.
ۋەيا يېسە تۇنگۇزنى گۇشتىن ئەگەر،
سۇخەن چىنلىغ يالەۋاتى ئېتەر.
ۋەيا كەئبە ئىچرە سەغىرە گۇناھ،
كەبىرە ئاڭا ھۇكم ئېتىپدۇر ئىلاھ.
ھەسەد ياكى مۇئمىنغە كىنە قىماق،
ھەرام كىمەكى ھەم ھەرامدۇر يېماق.
تۇرۇپ راست بول ئەيلەمەك ياز گەر،
ئالىپ قولغا دىۋارە سۇرەت ئەگەر.
بۇ مەجمۇئ باردۇر كەبىرە گۇناھ،
كىتابلاردىن ئالدىم بىلا ئىشتىباھ.
كىتابكىم ئاتى «ھەيرەتۇل ـ فۇقەھا»،
دېدى ئاندە ئايدى رەسۇلى خۇدا.
كىشىكىم تۇرۇپ راستىدىن ئەتتى بەۋل،
كى گويا مېنى رۇزەمە قىلدى بەۋل.
كىشى يا ئازار يولىدىن ئەيلەدى،
كى گوياكى كەئبەغە بەۋل ئەيلەدى.
دېدى «شەرھى مەنزۇمە»دە مەئنىسىن،
ئازار تىشىكىدىن ۋەيا فەۋقىدىن.
زەكەرنى چۇ دىۋارغە سۇرتسە ئەگەر،
كىتابغە سۇرۇپ دېدى خەيرۇل ـ بەشەر.
كىشىكىم يېسە يا كىسەك ياكى لاي،
گۇنەھكار ئالار ئانى ھالىغە ۋاي.
ئەگەر قولغە ئەلسە يېمەككە كىسەك،
ئاڭا لەئنەت ئەتكەي تەمامى مەلەك.
زىرائەتنى باسماق گۇناھى ئەزىم،
ئانى باسماغىدىن قىلىلىك خەۋفۇ بىم.
كىتابكىم ئاتى «ھەيراتۇل ـ فۇقەھا»
ئېتىپدۇر ئانىڭ ئىچرە نەقل بەجا.
كى ئىبنى مۇبارەك بارىپ ئەردى ھەج،
يانىپ شەھرى بەغداد سارى سالدى مەج.
ئىدى ئول زەمان بۇ ھەنىفە ھەيات،
دېدى بارىڭىز تا خۇجەندۇ ھىرات.
دەڭىز جۇملە مۇئمىنغە مەندىن سەلام،
ئالارغە بەزىنھار دەڭ بۇ كەلام.
ئۈچ ئىش باركى گەر قىلسە ھەركىم بىرىن،
ئەگەرچە ئىباداتى كۆپ رىگدىن.
ھەمە ئۈمر كۈندۈز سىيام ئەيلەسە،
كېچە تا سەھەرغە قىيام ئەيلەسە.
بارى ھىچ ئولغاي بۇ ئىش ئالدىدە،
بىرى ئولكى يۇرسە زىرائەت ئۈزە.
يەنە بىرى ئولدۇركى بىر مۇسلىمى،
ئۆزى رازى بولماي ئالۇر مالىنى.
بىرى ئولكى خاتۇنى باردۇر ھەرام،
ئانى بىرلە ئۆي ئەيلەغەي ۋەسسالام.
يەنە نەردۇ شەترەنج ئويناماغى،
كەبىرە دېدى كۆپ كىتابدە داغى.
دېدى شەمس مۇھەممەد كىشى شۇغل ئېتەر،
ئاڭا دۇنيادە نەچچە مىھنەت يېتەر.
چەلەبى «زەخىرەتۇل ـ ئوقبا» ئارا،
دېدى ئايدى بول سۆز رەسۇلى خۇدا.
كىشى ئويناسە نەردۇ شەترەنجنى،
خۇدايى جەھان لەئنەت ئەيلەر ئانى.

ئەگەر ئۇيناماغىغە قىلسە نەزەر،
يەدى گويىيائى گوشتى خىنزىرۇ خەر.
ئېشتمەك ھەرام سەۋتى چەنگۇ رەباب،
نەكىم ئالەتى لەھۋ ئېشتمەس سەۋاب.

## خاتىمە

ئوقۇڭ ئەرزىمنى، ئەي بەرادەرلەرىم،
شەرىئەت ئارا يارۇ ياۋەرلەرىم.
ئېتىپ بەئزى يارانلارىم ئىقتىزا،
كى ئەيلەڭ بىزى ھاجەتىمىز رەۋا.
دەڭىز يەئنى تۈركى تىل ئىلەن كىتاب،
كى بولسۇن ھەممە مەردۇزەن كامياب.
بەيان تاپسۇن ئانده ھەممە ئىئتىقاد،
نەكىم مۇئتەقىد بولسە ئەيلەڭ سەۋاد.
دەڭىز ھەم ئەمەلدىن فۇرۇ ئاتدىن،
شەرىئەت ئىچىندە زەرۇراتدىن.
كى تا ئىئتىقاد بىرلە ئەئمالنى،
دۇرۇست ئەيلەبان خوش ئېتىپ ھالنى.
نېدىنكىم ئېتىپ ئىئتىقادىن بەجا،
ئەگەر ئەتمەسە تائەتىدۇر ھەبا.
چۇ كۆپ ئىقتىزا قىلدىلار، دوستلار،
بۇ ئىشگە مېنى مۇشتەغىل ئەتتىلەر.
ئەگەرچەند شۇغلىم فەراۋان ئىدى،
نەچە ئىشگە كۆڭلۇم پەرىشان ئىدى.
خۇسۇس دەرسگۇلىككى تا سۇبھدىن،
كېچە سۇلىسغە بارغاي ئەردى يەقىن.
گەھى فىقھۇ تەفسىرۇ گاھى كەلام،
گەھى ھەم ھەدىسى رەسۇلى ئەنام.
گەھى مەنتىقۇ نەھۋ گاھى ئۇسۇل،
گەھى سەرفۇ ئەئلالۇ فىئلۇ فەئۇل.
يەنە كوي ئارا كۆپ ئىدى مېھمان،
گەھى شەيخۇ گەھ ئالەمى نۇكتەدان.
گەھى قىشلاقىيۇ گەھى شەھرىدىن،
گەھى تۈركۇ گەھ تاجىك ئەردى يەقىن.
گەھى تالىبى ئىلم، ئامى گاھى،
كېلەر ئەردىلەر ھەر زەمان مەن سارى.
بۇلار ھەر بىرىغە مۇناسىب كەلام،
مۇناسىب مەقامۇ مۇناسىب تەئام.
بۇ ئەشغاللار بىرلە ئەردىم مۇدام،
كى يوق ئەردى بىردەم فەراغى تامام.
ۋەلې فىكر قىلدىمكى كۆپ ئادەمى،
زەرۇراتدىن بىخەبەردۇر ھەمى.
كىشى بىلمەسە ئىئتىقاداتنى،
شەرىئەت ئىچىندە زەرۇراتنى.
ئەمەل قىلماق فىقھى بىلماق زەرۇر،
نەكىم دېسە جان بىرلە قىلماق زەرۇر.
ۋەلې ئەكسەرى لەفزى فارسۇ ئەرەب،
ئاللاردىن بولۇپ تۈركلەر تەشنە لەب.
مەن ئول جۇملەئى ئىئتىقاداتنى،
مۇسۇلمانچىلىقدە زەرۇراتنى.
بىتەي تۈركى تىل بىرلە تا خاسۇ ئام،
بىلىپ ئەسلۇ فەرئىن بولۇپ شاد كام.
كىشىكىم مۇسۇلمان كامىل ئېرۇر،
كۆڭۈل شەرئى ئىسلامە مايىل ئېرۇر.
دېسەكىم ئېتەي ئىئتىقادىم دۇرۇست،
مۇسۇلمانلىغىم ئەيلەيىن خوبۇ چۇست.
شەرىئەت ئارا ھەرنەكىم بار زەرۇر،
بىلەيىن دېسە بارچەسىن بىقۇسۇر.
كى تا كۆرمەيىن تاڭلا شەرمەندەلىق،
تامۇغ ئىچرە يۈزمىڭ ئەزابى قاتىق.
ئېرۇر لازىم ئاڭاكى ئۇشبۇ كىتاب،

كى باردۇر بەيانى سەۋابۇ ئەزاب.
ئۆزىدىن بىرەر سائەتى بىردەمى،
يىراق قىلماسۇن گەر ئىرۇر مۇسلىمى.
ئوقۇپ يا ئوقۇتۇپ بىلىپ مەئنىسىن،
نەكىم باردۇر ئاڭا ئەمەل ئەيلەسىن.
نېدىنكىم نە سۆز بول كىتاب ئىچرەدۇر،
ھەمەسى مۇسۇلمانچىلىقدە زەرۇر.
نەچە كۈن تەرەددۇد قىلىپ كۆپ كىتاب،
ھەمەسى ئىدى مۇئتەبەر خوب كىتاب.
كىتۇردۇم ئالاردىن بۇ سۆزلەركى بار،
ھەمەسى سەھىھ بارچە دىنغە مەدار.
چۇ مۇندىن چىقار شەرئىنى ئەسلۇ فەرئ،
ئانىڭ چۈن ئاتى بولدى «مىرئاتى شەرئ».
ئۇمىدىم بۇدۇر ھەر كىشى بۇ سۆزۈم
ئوقۇغاندە خاتىرغە ئالسە ئۆزۈم.
دۇئا ئېتىپ، يارەبكى، بۇ بەندەنى،
كى جەمئ ئەيلەدى ئەسلۇ ھەم فەرھىنى.
بۇ دۇنيادا تەۋفىقۇ تائەتنى بەر،
مەزاقىغە زەۋقۇ ئىبادەتنى بەر.
كېتەر ۋەقتى ئىماننى ھەمراھ قىل،
ئەزابى قوبۇردىن ئانى ساقلاغىل.
سوئالى نەكىر مۇنكىر ئاسان قىلىپ،
ياتار جايىنى باغۇ بوستان قىلىپ.
قىيامەت كۈنىكىم بىيىك تاغلار،
ھەۋاغە ئۇچار مىسلى يافراغلار.
ئاڭا ئەيلە ئول قاتىغ ئىشلار يەسىر،
بەھەققى رەبۇبىيەنىڭ يا نەسىر.
بۇ ياڭلىغ دۇئا ئەتسە شايەد خۇدا،
قەبۇل ئەيلەبان رەھمەت ئەتسە ماڭا.

ۋەگەر نە ئەمەل زەررەئى مەندە يوق،
مېنىڭدەك جەھان ئىچرە شەرمەندە يوق.
بىرەر كېچە تائەت بەجا ئەتمەدىم،
بىرەر سۇبھى زىكىر خۇدا ئەتمەدىم.
ئۆتۈپ ھەيف ئۇمرى ئەزىز رايگان،
بىرەر كۈننى تائەتغە سەرف ئەتمەگەن.
ئېتىپ يازۇ قىش ئۇمرىنى سەرف لەھۋ،
بىرەر ياخشى سۆز يوق بەجۇز ھەشۇ لەغۋ.
بۇ ھالەت بىلەن ئۇمرۇم ئولسە ئاخىر،
قەبۇل ئەيلەمەيدۇر مېنى ھېچ يەر.
كەل ئەمدى غىياسىددىنى پۇرگۇناھ،
ئۆزۈڭ ئەتمە نەۋمىد فەزلى ئىلاھ.
گۇناھىڭ ئەگەرچەند ھەددىن فۇزۇن،
قۇمۇ تاشدىن ھەم ئەدەددىن فۇزۇن.
ۋە لېكىن خۇدا رەھمەتى جەنبىدا،
ئېرۇر قەترەئى گويىيا بەھر ئارا.
ئۇمىد مەغفىرەت قىلكى غەففاردۇر،
گۇناھىڭ ئەگەر ياپسە سەتتاردۇر.
ئەگەر قۇلزۇمى رەھمەتى ئۇرسە مەۋج،
بولۇر غەرق رەھمەت ھەمە تەختۇ تاج.
ئىلاھا، ئەگەرچەند مەن پۇرگۇناھ،
ئەزىز ئۇمرى ئەتكەن گۇنەھدە تەباھ.
رەئۇبسەن مېنى ھالىمە رەئفەت ئەت،
غەففۇرسەن ئېتىپ مەغفەرەت رەھمەت ئەت.
يەنە ھەر كىشى بۇ كىتاب ئوقۇسا،
مەسايىللارىغە ئەمەل ئەيلەسە.
يەنە ھەر كىشىكىم مېنىڭ چۈن دۇئا
ئېتىپدۇر بارىن رەھمەت ئەت، ئەي خۇدا.
تەممەت بىل خەير دەرسىنە 1356

(نەشرگە تەييارلىغۇچى خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى)



# «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ پەرغانە نۇسخىسى

ئەمەك ئۈشەنمەز (تۈركىيە)

تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىغا ئاغدۇرغۇچى: يۈسۈپجان ياسىن

بۇ ماقالە يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 990 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن 2009 - يىلى 10 - ئاينىڭ 26 - ۋە 27 - كۈنلىرى ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن «خەلقئارا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ‹قۇتادغۇ بىلىك› سىمپوزيۇمى»دا ئوقۇلغان شۇ ناملىق ماقالىگە ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى.

قىسقىچە مەزمۇنى: «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ بۈگۈنكى كۈندە مەلۇم بولغان ئۈچ نۇسخىسى ئىچىدە ئەڭ رەتلىكى پەرغانە نۇسخىسىدۇر. ئىلگىرىكى تەتقىقاتلاردا پەرغانە نۇسخىسى ھەققىدە بېرىلگەن مەلۇماتلار چەكلىك ئىدى. بۇ نۇسخا ئۆزبېكىستاندىكى ئەبۇ رەيھان ئەل - بىرۇنى نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قوليازما ئەسەرلەر كۇتۇپخانىسىدىكى نادىر ئەسەرلەر بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتىدۇ. كۇتۇپخانىنىڭ فوندىدا قوليازمىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا، قەشقەردە ھىجرىيە 462 - يىلى يېزىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ پەرغانە نۇسخىسى ئۆزبېكىستاننىڭ پەرغانە ۋىلايىتىگە قاراشلىق نەمەنگان شەھىرىدىن تېپىلغان.

ئەبۇ رەيھان ئەل - بىرۇنى نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قولىيازما ئەسەرلەر كۇتۇپخانىسىنىڭ نادىر ئەسەرلەر بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتقان «قۇتادغۇ بىلىك» نۇسخىسىنىڭ جەمئىي 200 ۋاراق كېلىدىغان تۆت خىل نۇسخىسى بار بولۇپ، بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئۆزبېكىستان نۇسخىلىرى ۋىننا ۋە قاھىرە نۇسخىلىرىغا قارىغاندا پەرقلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە.

بۇ ماقالىدە «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ پەرغانە نۇسخىسىنى يېڭىدىن تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ باشقا نۇسخىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە توختىلىمىز. بۇ ئۆزبېكىستاندا ئېلىپ بېرىلغان «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى ۋە پەرغانە نۇسخىسىغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى ئاساس قىلىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» تۈرك ئەدەبىياتىدىكى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى قەدىمكى ۋە مۇھىم ئەسەرلەرنىڭ بىرىدۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن مىلادىيە 11 - ئەسىردە يېزىلغان بۇ ئەسەرنىڭ مەيدانغا كەلگەن دەۋرى قاراخانىيلار ھۆكۈم سۈرگەن يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ھازىرغىچە ئۈچ نۇسخىسى بارلىقى مەلۇم. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى، قاھىرە

نۇسخىسى (مىسىر نۇسخىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)؛ ئىككىنچىسى، ۋېنا نۇسخىسى (ئاۋىستىرىيە نۇسخىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)؛ ئۈچىنچىسى، پەرغانە (ئۆزبېكىستان نۇسخىسى، تاشكەنت نۇسخىسى دېگەن ناملاردىمۇ ئاتىلىدۇ) نۇسخىسىدۇر. «قۇتادغۇ بىلىك» نۇسخىلىرى ئىچىدە ئەڭ تولۇق بولغىنى پەرغانە نۇسخىسى بولسىمۇ، ئەمما بۇ نۇسخا توغرىسىدا بېرىلگەن مەلۇمات باشقا نۇسخىلاردىن ئاز.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ مەۋجۇت نۇسخىلىرى تۆۋەندىكىلەردۇر:

**بىرىنچىسى، ۋېنا نۇسخىسى**

بۇ «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ تۇنجى قېتىم تېپىلغان نۇسخىسى بولۇپ، ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ ھېرات شەھىرىدە ئۇيغۇر يېزىقىدا رەتسىز يېزىلغان. بۇ نۇسخا 1439 ـ يىلى كۆچۈرۈلگەن. بۇ نۇسخا ئۇزۇن تارىخ داۋامىدا ئاۋۋال توقاتقا، كېيىن ئىستانبۇلغا كەلتۈرۈلگەن. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىستانبۇلدا دېپلوماتىك بولۇپ ئىشلىگەن ئاۋىستىرىيەلىك جوسىب ۋون هامىېر پۇرگىستال بۇ نۇسخىنى سېتىۋېلىپ ۋېنا كۇتۇپخانىسىغا بەرگەن. بۇ نۇسخىنىڭ تۇنجى شەكلى ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغانمۇ ياكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغانمۇ؟ دېگەن مەسىلە ھەققىدە ھەرخىل قاراشلار بار. رەشىد رەھمەتى ئارات بۇ نۇسخىنىڭ ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلغان بىر نۇسخىدىن ئۇيغۇر يېزىقىغا ئاغدۇرۇلغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ①. ئا. دىلئاچار بۇ تېمىدا كەسكىن بىر ھۆكۈم قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغان ۋە بۇ نۇسخىنىڭ ئاساسەن ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغانلىقىنى، كېيىنچە بۇ ئاساسىي نۇسخىدىن قايتا ئۇيغۇر يېزىقىدا رەتسىز كۆچۈرۈلگەنلىكىنى ئىپادە قىلغان②. نۇسخىنىڭ فاكسىمىلى تۈرك تىل قۇرۇمى تەرىپىدىن ئىشلەندى③.

**ئىككىنچىسى، قاھىرە نۇسخىسى**

بۇ نۇسخا 1896 ـ يىلى مىسىرنىڭ پايتەختى قاھىرەدىكى ھىدىۋ كۇتۇپخانىسىدا ئوتتۇرىغا چىققان. نۇسخىنىڭ كىم تەرىپىدىن، قاچان يېزىلغانلىقى مەلۇم ئەمەس. بۇنى ھىدىۋ كۇتۇپخانىسىنىڭ مۇدىرى، نېمىس پۇشتىدىن بولغان مورىتىز تاپقان. بۇ نۇسخا كۇتۇپخانا رەتلەنگەن چاغدا، ئۇنىڭ يەر ئاستى ئامبىرىدا ۋاراقلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن ھالەتتە بايقالغان ھەمدە قايتىدىن توپلەنگەن. نۇسخىنىڭ بەزى قىسىملىرى يوقىلىپ كەتكەن. كەمتۈك بولغان بۇ نۇسخىنىڭ كوپىيەسى قاھىرەدىكى تۈركىيە باش ئەلچىخانىسىنىڭ ۋاستىسى بىلەن تۈركىيەگە ئەكەلدۈرۈلۈپ، 1943 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. بۇنىڭ فاكسىمىلى «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ مەلۇم بولغان ئۈچ نۇسخىسى ئىچىدە ئەڭ ئاخىرىدا نەشر قىلىنغان④.

**ئۈچىنچىسى، پەرغانە نۇسخىسى**

بۈگۈنكى كۈندە تاشكەنتتە ساقلىنىۋاتقان بۇ نۇسخا «قۇتادغۇ بىلىك» نۇسخىلىرى ئىچىدە ئەڭ تولۇق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئەبۇ رەيھان بىرۇنى نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قوليازما ئەسەرلەر كۇتۇپخانىسىنىڭ نادىر قوليازما ئەسەرلەر بۆلۈمىدە 1809 ـ نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلىنىۋاتىدۇ⑤. بۇ ۋېنا ۋە قاھىرە نۇسخىلىرىغا نىسبەتەن

پەرقلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە⑥. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ كۇتۇپخانىدا «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ قاھىرە نۇسخىسىنىڭ بىر كوپىيەسىمۇ ساقلىنىۋاتىدۇ. تۆت جىلد ھالىتىدە ساقلانغان بۇ نۇسخىغا 6090، 6091، 6092، 6093 دېگەن نومۇرلار قويۇلغان. ھەر بىر جىلدنىڭ ئۈستىدە ئەرەب يېزىقى بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ قاھىرە نۇسخىسىنىڭ كوپىيەسى ئىكەنلىكى يېزىلغان ۋە جىلد نومۇرى خاتىرىلەنگەن. بۇ نۇسخىنىڭ تاشكەنتكە قاچان، قانداق كەلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە كۇتۇپخانا خاتىرىسىدە ئېنىق بىر مەلۇمات ئۇچرىمايدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان مەرھۇم ئۆزبېك تۈركولوگ قەييۇم كەرىموف بۇ كوپىيەنىڭ قاھىرە نۇسخىسىنىڭ بىۋاستە كۆچۈرۈلمىسى ئەمەسلىكىنى بىلدۈرگەن⑦. قاھىرە نۇسخىسى 1896 - يىلى تېپىلغان چاغدا رادلوف مىسىر ھىدىۋ كۇتۇپخانىسىنىڭ مۇدىرى مورىتىزدىن بۇ نۇسخىنىڭ بىر كوپىيەسىنى تەلەپ قىلغان. كۇتۇپخانا مۇدىرى مورىتىز ئۆزىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان بىر ئەرەب فىلولوگ ۋە خەتتاتقا بۇ نۇسخىدىن بىر نۇسخا كۆچۈرگۈزۈپ، ئۇنى 1897 - يىلى رادلوفقا ئەۋەتىپ بەرگەن⑧. كوپىيە خېلىلا ياخشى ساقلانغان. بىر خىل كارتون قەغەزگە ئوخشايدىغان قېلىن قارا رەڭلىك قەغەزگە (ئىچى يىپ بىلەن تىكىلگەن) ئاق رەڭ بىلەن كۆچۈرۈلگەن بۇ نۇسخا ناھايىتى ئوچۇق ۋە چىرايلىق يېزىلغان.

مەلۇم بولغىنىدەك، «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئەڭ ئاخىرىدا تېپىلغان نۇسخىسى پەرغانە نۇسخىسىدۇر. بۇ نۇسخىنى ئىلىم دۇنياسىغا تونۇجى بولۇپ تونۇتقان كىشى زەكى ۋەلىدى توغان (1890 — 1970) دۇر. مەنبەلەردە بۇ نۇسخىنىڭ تېپىلىشى ھەققىدە ھەرخىل مەلۇماتلار بار. ئا. دىلئاچار زەكىي ۋەلىدى توغاننىڭ بۇ نۇسخىنى پەرغانە ۋىلايىتىگە قاراشلىق نەمەنگان شەھىرىدە 1914 - يىلى تاپقانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ⑨. بۇ يەردە كۆرسىتىلگەن ۋاقىت مەسىلىسىدە خاتالىق بار. زەكىي ۋەلىدى توغاننىڭ بۇ نۇسخىدىن خەۋەردار بولغان ۋاقتى 1913 - يىلىدۇر. رەشىد رەھمەتى ئارات بىلەن قەييۇم كەرىموفنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ قارىشىمىز تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، رەشىد رەھمەتى ئارات بۇ نۇسخىنى تاپقان كىشىنىڭ فىترەت ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان⑩. بۇ مەلۇماتمۇ ئىلىم دۇنياسىنى قايمۇقتۇرىدۇ. چۈنكى، نۇسخىنى تاپقان كىشى فىترەت ئەمەس، ئۇنى تونۇجى قېتىم كۆرۈپ ئىلىم دۇنياسىغا تونۇتقان كىشى زەكى ۋەلىدى توغان ئىدى. زەكىي ۋەلىدى توغان 1913 - يىلى كۈزدە ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرى بىلەن قوقانغا بارماقچى بولغان. زەكىي ۋەلىدى توغاننىڭ قوقانغا بارىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان قازان ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئارخېئولوگىيە، تارىخ ۋە ئېتنوگرافىيە جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇل كىشىلىرى ئۇنىڭغا مەخسۇس بىر ۋەزىپە تاپشۇرغان⑪. زەكىي ۋەلىدى توغاننىڭ ۋەزىپىسى شەرق قوليازمىلىرى ھەققىدە مەلۇمات توپلاش ئىدى. پەرغانە ۋىلايىتىنىڭ نەمەنگان شەھىرىدە تەكشۈرۈشتە بولغان زەكىي ۋەلىدى توغان نەمەنگانلىق مۇھەممەد ھاجى ئىشان لالەرىش دېگەن بىر شەخسنىڭ خۇسۇسىي كۇتۇپخانىسىدا «قۇتادغۇ بىلىك»نى كۆرگەن. زەكىي ۋەلىدى توغان ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلغان بۇ ئەسەرنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتىنى ياخشى چۈشىنەتتى. ئەسەرنى بىر مەزگىل تەتقىق قىلغان، لېكىن ئەسەرنى قولغا چۈشۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولالمىغان. شۇنىڭ بىلەن نۇسخىدىكى «قۇتادغۇ بىلىك» سۆزى ئۇچرايدىغان ئۈچ بېيىتلىك قىسىم بىلەن ئەسەرنىڭ بېغىشلىمىسىغا ئائىت ماۋزۇ ھەققىدە ئىزاھات يازغان. 1914 - يىلى 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قازان ئۇنىۋېرسىتېتى ئارخېئولوگىيە، تارىخ ۋە ئېتنوگرافىيە جەمئىيىتىگە يازغان دوكلاتىدا «قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدىكى

مەلۇماتلارنىمۇ تىللغا ئالغان⑫. رەشىد رەھمەتى ئارات زەكىي ۋەلىدى توغان دوكلات قىلغان بېغىشلىما ماۋزۇسى بىلەن بېيىتلارنىڭ دىققەتسىزلىك تۈپەيلىدىن نۇسخا بىلەن تازا ماس كەلمىگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ⑬. مۇشۇ ئىش مۇناسىۋىتى بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئەرەب يېزىقىدىكى بىر نۇسخىسىدىن ئىلىم دۇنياسى خەۋەر تاپىدۇ. زەكىي ۋەلىدى توغان ئەسەرنى 1913 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا كۆرگەن، 1914 ـ يىلى باھاردا بۇنى ئىلىم دۇنياسىغا تونۇتقان. بۇ خەۋەرنىڭ ئىلىم دۇنياسىدا تارقىلىشى تۈرگۈن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان ۋە كۈچلۈك ھاياجان پەيدا قىلغان. لېكىن، يوقىرىدىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، زەكىي ۋەلىدى توغان بۇ ئەسەرنى ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان. ئارىدىن دەل ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۇخارالىق تەتقىقاتچى ئابدۇرەئۇف فىترەت بۇ نۇسخىنىڭ پىيىگە چۈشكەن. ئۇ 1924 ـ يىلى نەمەنگانغا بېرىپ نۇسخىنىڭ ئىگىسى مۇھەممەد ھاجى ئىشان لالەرىش بىلەن كۆرۈشكەن ۋە ئۇنىڭدىن بۇ نۇسخىنى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولغان. ئابدۇرەئۇف فىترەت بۇ نۇسخىنى تاشكەنت كۈتۈپخانىسىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. بۇ كۈتۈپخانا بۈگۈن ئاشۇ نام بىلەن ئوقۇرمەنلەرگە خىزمەت قىلماقتا. تاشكەنت كۈتۈپخانىسىنىڭ يېنىدا بۈگۈنكى كۈندە ئاشۇ نۇسخا ساقلىنىۋاتقان ئەبۇ رەيھان نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قولىيازما ئەسەرلەر كۈتۈپخانىسى بار.

1925 ـ يىلى ئابدۇرەئۇف فىترەت «مائارىپ ۋە ئوقۇتقۇچى» ژۇرنىلىدا «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق بىر ماقالە ئېلان قىلىپ، پەرغانە نۇسخىسىنى تونۇشتۇرغان. ئابدۇرەئۇف فىترەتنىڭ ماقالىسى ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغان. بۇ ماقالە 1927 ـ يىلى ئىستانبۇلدا تۈركچىسىگە تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىنغان⑭. بۇ تەرجىمىمۇ ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغانىدى. 2000 ـ يىلى ئۆزبېكىستاندا ئابدۇرەئۇف فىترەتنىڭ بارلىق ئەسەرلىرى يىغىلىپ بېسىلدى. بۇ بىر يۈرۈش ئەسەرلەردە ئۇنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن مۇناسىۋەتلىك ماقالىسى كىرىل يېزىقىدا قايتا ئېلان قىلىندى⑮. ئابدۇرەئۇف فىترەت بۇ ماقالىسىدا ئاباسىيلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن كۈچەيگەن تۈرك ـ ئەرەب مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئىسلامىي تۈرك ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەندىن كېيىن، قەشقەرنىڭ قاتداقلارچە ئىلىم ـ پەن ۋە مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغانلىقى ھەققىدە توختالغان. ئابدۇرەئۇف فىترەت ئۆز ماقالىسىدا «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ تەرىپىنى قىلمىغان. ماقالىنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئۈچىنچى نۇسخىسىنىڭ تېپىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن. كۆپرەك ئەسەرنىڭ شەكلى ۋە مەزمۇنى ھەققىدە توختالغان. ئەسەر ۋەزنىنىڭ فىردەۋسى تەرىپىدىن يېزىلغان «شاھنامە»نىڭ ۋەزنى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن ۋە بەزى ۋەزىن خاتالىقلىرىغا دىققەتنى ئاغدۇرۇپ، بۇنىڭ تەبىئىي ئەھۋال ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتكەن. «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى سىمۋوللۇق شەخسلەر ھەققىدە توختالغان ۋە بۇ كىتابنىڭ ئەخلاقىي ۋە سىياسىي ئەسەر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. كىتابنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ھىجرىيە 462 ـ يىلى (مىلادىيە 1069 ـ يىلى)، يېزىلغان يېرى بولسا قەشقەر دەپ كۆرسەتكەن.

ئۇ ماقالىسىدا ۋىنا ۋە قاھىرە نۇسخىلىرى توغرىلىقمۇ مەلۇمات بەرگەن، ئابدۇرەئۇف فىترەت ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھىرات نۇسخىسىنى ئوقۇشتىكى قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن ياۋروپا تۈركولوگلىرىنىڭ بۇنى توغرا ئوقىيالمىغانلىقىدىن سۆز ئاچقان. ئابدۇرەئۇف فىترەتنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، قاھىرە

نۇسخىسىنىڭ بىر فاكسىمىلى ئىستانبۇل دارۇلفۇنۇنىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا، يەنە بىر فاكسىمىلى لېنىنگراد ئاسىيا خەلقلىرى موزېيىغا قويۇلغان. ئۇنىڭ «تۈركىيات مەجمۇئەسى»دە ئېلان قىلىنغان ماقالىسىنىڭ تۈركچە تەرجىمىسىدە بولسا مۇشۇ مەزمۇن ئۇچرايدىغان يەرگە ئىزاھات بېرىلىپ، دارۇلفۇنۇنىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا بۇنداق بىر كوپىيەنىڭ ئۇچرىمىغانلىقى تەكىتلەنگەن. ئابدۇرەئۇف فىترەتنىڭ 1925 ـ يىلى بەرگەن بۇ مەلۇماتلىرى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. ئۇ پەرغانە نۇسخىسىنى ئىلىم دۇنياسىغا تونۇتقان كىشى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ بۇ ماقالىسىدا بەرگەن مەلۇماتلىرى ئۆزبېكىستاندىكى ۋە باشقا جايلاردىكى تەتقىقاتلار ئۈچۈن يول ئاچتى. ئۇ ئۆز ماقالىسىدا، ياۋروپالىق تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەسەرنىڭ نامىنى خاتا ئوقىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن ۋە ئۇنىڭ توغرا ئوقۇلۇش شەكلىنى كۆرسەتكەن، ھەتتا بۇ نام ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ئۇنى «بەختلىك بولۇش بىلىمى» دەپ ئاتىغان.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ پەرغانە نۇسخىسىنىڭ تەرىپى

ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەبۇ رەيھان بىرۇنى نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا 1809 ـ نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانغان «قۇتادغۇ بىلىك» كۇتۇپخانا تىزىملىكىدە نادىر ئەسەرلەر ئارىسىغا قويۇلغان. كۇتۇپخانىنىڭ بەشىنچى قەۋىتىدە ساقلانغان بۇ نۇسخا فونت تىزىملىكىدە «ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، يېزىلغان ۋاقتى ھىجرىيە 462 ـ يىلى (يەنى مىلادى 1069 ـ، 1070 ـ يىللىرى)، يېزىلغان يېرى قەشقەر» دەپ كۆرسىتىلگەن. ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلغان بۇ فونتتا ئەسەرنىڭ تىلى «ئۇيغۇر تىلى» دېيىلگەن، يەنى ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر تۈركچىسى بىلەن يېزىلغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

نۇسخىنىڭ بېشىدا نەسرىي مۇقەددىمە، كەينىدىن بابلارنىڭ مۇندەرىجىسى، ئۇنىڭدىن كېيىن «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئاساسىي تېكىستى بېرىلگەن. جەمئىي 223 ۋاراق بولۇپ، مەخسۇس ئىشلەنگەن قىزىل رەڭلىك دۇخاۋا ئىچىگە ئېلىپ ساقلانغان. ئەسەرنىڭ بەزى ۋاراقلىرى ئاجراپ كەتكەن، تېشىغا قەھۋە رەڭلىك خۇرۇم مۇقاۋا ئىشلەنگەن. قەھۋە رەڭلىك خۇرۇم مۇقاۋىنىڭ ئۈستى قارا رەڭلىك نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن. تىك تۆت بۇلۇڭ شەكلىدىكى قىرلىرى تەخمىنەن 10 سانتىمېتىر كېلىدىغان تاۋار بىلەن قاپلانغان. ئۈستى گىلاس ئۈچكىسى رەڭگىدە بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەرەب يېزىقى بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك» دېگەن ئىسىم ۋە تىزىملىك نومۇرى يېزىلغان. مۇقاۋىنىڭ ئىچىگە يېشىل يوپۇرماقلىق قىزىل گۈل نەقىشلەنگەن. بۇ خىل نەقىش كەينى مۇقاۋىنىڭ ئىچى تەرىپىدىمۇ بار. بۇ نەقىشنىڭ ئاستى تەرىپى ئاۋۋال سۇس ھالەتتە ئىشلىنىپ، كېيىن ئىچى ھەر خىل رەڭلەر بىلەن بويالغان. ئەسەرنىڭ مۇندەرىجە قىسمىدا بابلارنىڭ ئىسمى بار. ئەسەر جەمئىي 67 بابقا ئايرىلغان. بابلار خېلىلا چىرايلىق بىر شەكىلدە يېزىلغان بولۇپ، بەزىلىرى قىزىل سىياھ بىلەن، بەزىلىرى قارا سىياھ بىلەن يېزىلغان. ئوقۇشقا قولايلىق بولۇشى نەزەردە تۇتۇلۇپ بىر باپ قىزىل، بىر باپ قارا سىياھ بىلەن يېزىلغان. بىرىنچى باپ قىزىل سىياھ بىلەن يېزىلغان. بۇ بابلارنىڭ باشقا بىرسى تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى ھەققىدىكى پىكىرگە ئابدۇرەئۇف فىترەت ئېتىراز بىلدۈرگەن.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئاساسىي تېكىستىنىڭ ئەتراپى قىزىل رەڭلىك قوش سىزىق بىلەن قورشالغان. مۇقەددىمە قىسمىدىكى «بىسمىللاھىر ـ رەھمانىر ـ رەھىم » دېگەن سۆزمۇ قىزىل سىزىق

ئىچىگە ئېلىنغان. تېكىستتە ئۇچرايدىغان خاس ناملار قىزىل رەڭدە كۆرسىتىلگەن. «بىسمىللاھىر ـ رەھمانىر ـ رەھىم» دېگەن سۆز 1b دېگەن بەت نومۇرى بىلەن باشلانغان. 2a دېگەن بەتتە ئەرەبچە ئىككى دېگەن سان بار بولۇپ، ئۇنىڭ 1bدىن كېيىن يېزىلغانلىقى ئېنىق. بەتنىڭ ئاخىرىدىكى قىسقا بۆلەك بۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەسەر ئۇزۇن زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇزۇلغان. بەزى بەتلەر نەملىك ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇزۇلۇپ كەتكەن. ۋاراقلارنىڭ ئۈستىگە كېيىن باشقىلار تەرىپىدىن نومۇر قويۇلغان. ۋاراقلارنىڭ قول بىلەن تۇتۇپ ئۆرۈيدىغان ئاستى تەرىپى خېلىلا ئۇپرىغان ۋە بەزى يەرلىرى ئەستايىدىللىق بىلەن چاپلانغان. باپلارنىڭ بەزىلىرىگىمۇ كېيىنچە يېڭىدىن نومۇر قويۇلغان. باپ ماۋزۇلىرىنىڭ چۆرىسىگە ئىنچىكە قارا قەلەم بىلەن سىزىق چېكىلگەن. بۇزۇلۇپ كەتكەن بەتلەرنىڭ ئاستى تەرىپى كېيىنچە سېرىق رەڭلىك قەغەز چاپلاپ ئوڭشاپ قويۇلغان. ئەسلىي تېكىست 7bدېگەن بەت نومۇرى بىلەن باشلانغان. بۇ نۇسخا سۇلۇس خەت نۇسخىسىدا يېزىلغان بولۇپ، ئاسان ئوقۇغىلى بولىدۇ. 7b دېگەن ۋاراقنىڭ ئوڭ تەرەپ ئاستى قىسمىنىڭ قىرلىرى ئاجراپ كەتكەن ھەم قايتىدىن ئوڭشاپ قويۇلغان. 7b ۋە 8a دېگەن ۋاراقلارنىڭ ئۈستىگە بەزى ئىزاھاتلار بېرىلگەن. باپ ماۋزۇلىرىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە قېرىنداش بىلەن ئىزاھات يېزىلغان، يەنى باپنىڭ مەزمۇنى قىسقىچە ئىزاھلانغان. بەزى بەتلەر داغلىشىپ كەتكەن ھەم يىرتىلىپ كەتكەن. قوليازمىنىڭ تىكىشى دەل ئوتتۇرىدىن سۆكۈلۈپ كەتكەن. چۇۋۇلۇپ كەتكەن جىلدلىرى كېيىن قايتا تىكىلگەن. بەزى باپلارنىڭ ماۋزۇسى ئۆچۈپ كەتكەن. بەزى بەتلەردىكى سۆزلەر كېيىن باشقىلار تەرىپىدىن قوشۇپ قويۇلغان. ئەسەرنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا ۋاراقلارنىڭ قىرلىرى كۆيۈپ كەتكەن بولۇپ، كۆيۈكنىڭ قىسمەن ئىزلىرىمۇ كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. بەزى ۋاراقلار جىلدتىن پۈتۈنلەي ئاجراپ كەتكەن. ئابدۇرەئۇف فىترەتنىڭ 1925 ـ يىلى بەرگەن مەلۇماتىغا نەزەرىمىزنى ئاغدۇرىدىغان بولساق، ئۇ «بۇ ئەسەرنىڭ بېشىغا ئەڭ ئېغىر كۈلپەتلەردىن بىرى كەلگەن» دەپ خەۋەر بەرگەن. لېكىن، بۇ يەردە دىققەتنى تارتىدىغان بىر نۇقتا بار. ئابدۇرەئۇف فىترەت ماقالىسىنىڭ ھېچقانداق بىر يېرىدە بۇ نۇسخىنىڭ ئەسلىي ئىگىسى ۋە ئۇنى شەخسىي كۇتۇپخانىسىدا ساقلىغان نەمەنگانلىق مۇھەممەد ھاجى ئىشان لالەرىش توغرىسىدا سۆز ئاچمىغان. بۇ نۇسخىنى ئۇنىڭغا بەرگەن كىشى لالەرىش ئىدى. لېكىن، ئابدۇرەئۇف فىترەت بۇ توغرىسىدا «بىرسى» دەپ سۆز ئېچىش ئارقىلىق ئۇنىڭ بۇ قولىيازما ئەسەرنى تازا ياخشى ساقلىمىغانلىقىنى سىلىق بىر ئۇسۇلدا بىلدۈرۈپ ئۆتكەن. نۇسخا ئەڭ دەسلەپ بايقالغاندا، يەنى نەمەنگانلىق مۇھەممەد ھاجى ئىشان لالەرىشنىڭ قولىغا ئۆتكەن چاغدا، ئۇنىڭ جىلتلىرى ئاجراپ كەتكەن ھالەتتە ئىكەن. كېيىن ئۇنىڭ چېچىلىپ كەتكەن ۋاراقلىرى مۇندەرىجىدىكى باپلارغا سېلىشتۇرۇپ كۆرۈلمەيلا خالىغانچە تىكىپ قويۇلغان. شۇڭا، ئەسەرنى جىددىي ھالدا ئوڭشاپ چىقىش كېرەك.

نۇسخىنىڭ باش ۋە ئاخىرقى قىسىملىرى كەمتۈك. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئەسەرنىڭ نېمە ئۈچۈن، قەيەردە، كىم تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكىگە دائىر مەلۇماتلارمۇ مەۋجۇت ئەمەس. فىترەت ئەسەرنىڭ سۇلۇس خەت نۇسخىسى بىلەن يېزىلغانلىقىنى تۇتقا قىلىپ، بۇنىڭ ئۆزىنىڭ دەۋرىدىن تەخمىنەن 500 يىل بۇرۇن يېزىلغانلىقىنى پەرەز قىلغان. رەشىد رەھمەتى ئارات ئابدۇرەئۇف فىترەتنىڭ پىكرىنى مەنبە قىلىپ كۆرسىتىپ، فىترەتنىڭ بۇ نۇسخىنىڭ يېزىلغان ۋاقتىنىڭ ھېرات

نۇسخىسىدىنمۇ بۇرۇن ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغانلىقىنى ئىپادە قىلغان⑯. فىترەت تولۇق ۋە توغرا ئوقۇش زۆرۈر بولغان شۇ ماقالىسىدا بۇ نۇسخىنىڭ ئېھتىمال ھېرات نۇسخىسىدىنمۇ بۇرۇن ياكى ئۇنىڭ بىلەن بىر دەۋردە يېزىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن⑰. بۇ نۇسخىدا جەمئىي 6329 بېيىت بار. ئەسەردىكى بېيىتنىڭ سانى جەمئىي 6500 دەپ نەزەرگە ئېلىنغاندا، 171 بېيىتنىڭ بۇ نۇسخىدا كەم ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.

ئىزاھلار:

① رەشىد رەھمەتى ئارات: «قۇتادغۇ بىلىك»، II مەتىن، تۈرك تىل قۇرۇمى نەشرىياتى، ئەنقەرە، 1991 ـ يىل، 37 ـ بەت.

② ئا. دىلئاچار: «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى، 4 ـ نەشرى، تۈرك تىل قۇرۇمى نەشرىياتى، ئەنقەرە، 2003 ـ يىل، 38 ـ بەت،

③ «قۇتادغۇ بىلىك فاكسىمىلى»، II ، تۈرك تىل قۇرۇمى نەشرىياتى، ئەنقەرە، 1943 ـ يىلى.

④ «قۇتادغۇ بىلىك فاكسىمىلى»، III ، تۈرك تىل قۇرۇمى نەشرىياتى، ئەنقەرە، 1943 ـ يىل.

⑤ ئەمەك ئۇشەنمەز: «ئۆزبېكىستان قولىيازما ئەسەرلەر كۇتۇپخانىسى»، «خەلقئارا سوتسىيال تەتقىقاتلار ژۇرنىلى»، 2009 ـ يىل (2 ــ 6) سان، 682 ـ، 689 ـ بەتلەر.

⑥ رەشىد رەھمەتى ئارات: يۇقىرىقى ئەسەر، 31 ـ بەت.

⑦ قەييۇم كەرىموف: «قۇتادغۇ بىلىك» (سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم)، ئۆزبېكىستان س. س. ر پەن نەشرىياتى، 1971 ـ يىل، 10 ـ بەت.

⑧ W. Radloff, Über eine in Kairo aufgefundene zwite Handschrift des Kutadgu Bilik. ozv. AN, T, 9, 1898, Noyabir, 309-319.

⑨ ئا. دىلئاچار: يۇقىرىقى ئەسەر، 39 ـ بەت.

⑩ رەشىد رەھمەتى ئارات: يۇقىرىقى ئەسەر، 36 ـ بەت.

⑪ قەييۇم كەرىموف: يۇقىرىقى ئەسەر، 10 ـ بەت.

⑫ ئا. زەكىي ۋەلىدى توغان: «پەرغانە ئوبلاستىدىكى شەرق قولىيازمىلىرى»، «شەرق بۆلۈمىنىڭ يازما دوكلاتى»، 1914 ـ يىل، 22 ـ توم، 312 ـ، 313 ـ بەتلەر.

⑬ رەشىد رەھمەتى ئارات: يۇقىرىقى ئەسەر، 37 ـ بەت.

⑭ «تۈركىيات مەجمۇئەسى»، 1927 ـ يىل، I ، 344 ـ،347 ـ بەتلەر.

⑮ ئابدۇرەئۇف فىترەت: «تاللانغان ئەسەرلەر II »، تاشكەنت، مەنىۋىيەت نەشرىياتى، 2000 ـ يىل، 11 ـ، 16 ـ بەتلەر.

⑯ رەشىد رەھمەتى ئارات: يۇقىرىقى ئەسەر، 37 ـ بەت.

⑰ ئابدۇرەئۇف فىترەت: يۇقىرىقى ئەسەر، 16 ـ بەت.

(ئۇيغۇرچىغا ئاغدۇرغۇچى ئۈرۈمچى شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى)

ئابلەت ياسىن بابا

# فەرھاد-شىرىن داستانىدىكى خوتەن تەسۋىرى ۋە فەرھاد ئوبرازى



بۈيۈك شائىر، چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «خەمسە» نىڭ گۈلتاجى بولغان «فەرھاد - شىرىن» داستانى تەخمىنەن ھىجرىيە 889 - يىلى (مىلادىيە 1484 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ) يېزىلغان. بۇ داستان نەۋائىي 40 ياشلاردىن ئاشقان چاغلاردا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بەدىئىي دىتى ۋە ئەقلىي خۇلاسە جەھەتتىكى يۈكسەك پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

نەۋائىيدىن بۇرۇن نىزامى گەنجىۋى، خۇسرەۋ دېھلەۋى قاتارلىق شائىرلارمۇ بۇ تېمىدا قەلەم تەۋرەتكەن بولۇپ، نەۋائىي بۇلارغا تەنقىدىي نەزەر بىلەن قاراپ، ئۆزگىچە يول تاللىغان، يەنى بۇرۇنقىلار داستاندا قوشۇمچە پېرسوناژ قىلىپ تەسۋىرلىگەن فەرھادنى باش قەھرىمان قىلغان ۋە ئۇنى چىنلىق، تېخىمۇ كونكرېت ھالدا خوتەنلىك قىلىپ تەسۋىرلىگەن. ئۇنى ئاجايىپ ئىدېئال ئوبراز سۈپىتىدە سۈرەتلىگەن.

نەۋائىي قەلىمىدىكى چىن ئاتالغۇسى جۇغراپىيىلىك دائىرە جەھەتتىن ناھايىتى كەڭ مەنىدىكى ئۇقۇم بولۇپ، بۇنى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بايانلىرىغا بىرلەشتۈرۈپ قارىساق①، بۇ ھەقتە ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولىمىز.

كىلاسسىكلار قەلىمىدىكى خوتەن گۈللەنگەن، مەدەنىيەتلىك، مەرىپەتلىك مەملىكەت دەپ تەرىپلىنىدىغان بولۇپ، «خوتەن دىيارى ئۇلۇغ چىن مەملىكىتىنىڭ كۆزىنىكى»② قىلىپ تەسۋىرلىنەتتى. قەدىمكى ئۇدۇن ئېلى قاشتېشى، گىلەم، ئەتلەس قاتارلىق بىباھا گۆھەرلىرى بىلەن تونۇلغان بولۇپ، ئۇ، قوچۇ، كۇسەن، قەشقەر كەبى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن ئىدى. ئەدىب، سەنئەتكارلار نەزىرىدە، خوتەن گۈزەللىكنىڭ تىمسالى، شائىرلار مەدھىيەسىنىڭ باش ماۋزۇسى ئىدى. «خۇسۇسەن، خوتەن ۋە چىن - خىتا مۈلكى نەۋائىي نەزمىسىدە ئالاھىدە بىر مېھىر - مۇھەببەت، زوق - شوخ بىلەن كۈيلىنىدۇكى، ئۇلار دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل پەرى سۈپەت جانانلارنىڭ، ئەھدىگە ۋاپا مەرت ئوغلانلارنىڭ

يۇرتى، پەن ـ مەرىپەت، ئىلمۇ ـ ھېكمەت يۇكسەلگەن قۇتلۇق دىيار، غايىۋى ئۆلكە سۈپىتىدە تەرىپلىنىدۇ. بۇنى مۇتەپەككۇر ئەدىبنىڭ ‹خەمسە›گە كىرگۈزگەن ئىپىك داستانلار تۈركۈمىدىن يارقىن كۆرەلەيدۇ ۋە ئېتىراپ قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.»③ نەققاشى چىن ۋە چىن رەسسامى مانى قاتارلىقلار نەۋائىي قەلىمىدىكى خوتەن تەسۋىرىنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. دېمىسىمۇ «نەۋائىي نەزمىسىدىكى ‹چىن›، ھەر دائىم خوتەن بىلەن يانمۇيان تەرىپلىنىدۇ ۋە تەسۋىرلىنىدۇ.»④

«فەرھاد ـ شىرىن» داستانى جەمئىي قىرىق نەچچە بابتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، نەۋائىي بارچە ماھارىتىنى دېگۈدەك باش قەھرىمان ــ چىن مەملىكىتىنىڭ شاھزادىسى فەرھادنى تەسۋىرلەشكە قاراتقان. مۇشۇ قاتاردا نەچچە ئۇنلىغان بابلاردا چىن ھەققىدە گوياكى ئۆز ئانا يۇرتىنى تەرىپلىگەندەك قىزغىن مۇھەببەت ۋە ئوتتەك ئىشتىياق بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. جىمى گۈزەللىكنى چىنغا يۈكلەپ، ئۇنىڭغا بولغان كۈچلۈك ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ.

نەۋائىي خوتەننىڭ گۈزەللىكى ۋە خوتەن خاقانىنىڭ تەرىپى توغرىسىدا تۆۋەندىكى مىسرالارنى يازىدۇ:

بۇ چىنى ھۇللەغە بولغان رەقەمكەش، كى چىن مۇلكىكى رەشكى نەقشى چىندۇر،

يۈزىن بۇ تەرھ ئىلە قىلدى مۇنەققەش. سەۋادى غەيرەتى خۇلدى بەرىندۇر.

نەۋائىي تەسۋىرىدىكى خوتەن مەملىكىتى رەسساملىقتا كامالەتكە يەتكەن چىنلىق رەسساملار سىزغان رەسىملەردىنمۇ كىشىنىڭ ھەستىنى قوزغايدىغان دەرىجىدە گۈزەل، باغۇ بوستانلىق بولۇپ، ھەتتا جەننەت باغلىرىمۇ خوتەنگە ھەسەت قىلىدۇ. نەۋائىي قەلىمى ئاستىدىكى مانا مۇشۇنداق يۇرتنىڭ خاقانى بولسا تەختى يەتتە قەۋەت ئاسمانچە، قوشۇنلىرى قۇمدەك، بەلكى يۇلتۇزدىن كۆپ، بايلىقى ۋە خەزىنىسى ئىران پادشاھى ئەفرىدۇن ۋە ھارۇننىڭكىدىن يۈزمىڭ ھەسسە ئارتۇق، ئالىي قەسىرلىرى ئاسمانغا يەتكەن، ساخاۋىتى ئىمكاندىن ئارتۇق، دۇنيا خانلىرى ئىچىدە يەككە ـ يېگانە، ھەممە خانلار ئارا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەپ تەسۋىرلەنگەن. ئۇ بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى مىسرالارنى يازىدۇ:

شەھى ئەردى مۇئەززەم خانى ئانىڭ، خەزانە مەخزەنى قارۇنچە يۈزمىڭ.

دېمە خانى ئانىڭ، خاقانى ئانىڭ.

دېمە كاندىن، دېگىل ئىمكاندىن ئارتۇق، سىپاھى يەر يۈزىدە قۇم ھىسابى،

نېكىم يوق ئاندىن ئارتۇق، ئاندىن ئارتۇق.

نە قۇم، گەردۇن ئۈزە ئەنجۇم ھىسابى.

زەمانە تاقى ئافاق ئەيلەپ ئانى، تەجەممۇل ئاندا ئەفرىدۇنچە يۈزمىڭ،

بارى خانلار ئارا تاق ئەيلەپ ئانى.

نەۋائىي تەسۋىرىدىكى خوتەن مەملىكىتى ناھايىتى قۇدرەتلىك، كۈچلۈك، باي ـ باياشات، پۇقرالىرى ئىلىم ـ ھېكمەتتە كامالەتكە يەتكەن، ئىلىم ـ مەرىپەتلىك، ھۈنەردە پىشقان، چېۋەر قىلىپ

تەسۋىرلىنىدۇ. بانىي، مانىي، قارەن قاتارلىق چىن ئۇستىلىرىنىمۇ تەڭداشسىز ھۈنەر ئەھلى قىلىپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ خوتەن ھەققىدىكى مەدھىيەسىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. مەسىلەن:

سۇمەنبەرلەر بارى زىباۋۇ نازۇك، كېلىپ مانىي خىتا مۇلكىدە نەققاش.
ھۈنەرۋەرلەر بەغايەت چۈستۇ چابۇك.
دەي ئۇستادى نېچۈككىم زەرگەرى چىن،
قىلىپ تۈننى يارۇق، كۈننى قارانغۇ، زىلال ئەتفالى لەۋھىن قىلدى سىيمىن.
سۇدىن ئوت ياندۇرۇپ، ئوتتىن سېپىپ سۇ.

كۆكەرتىپ شۇئلەلىق ئوتدىن سىپەندان،
لەقەبدە بىرى بانىي، بىرى مانىي، ئاسىپ ئۆرگەمچى تارى بىرلە سەندان.
مۇنى كۆرگەن تەسەۋۋۇر ئەيلەپ ئانى.
خىتا مۇلكىدە ئەردى ئىككى ئۇستاد،
قىلىپ مىئمارلىق بانىي ئىشىن فاش، ئىكەۋلەن تەۋئەمانلىق بىرلە ھەمزاد،

نەۋائىينىڭ فەرھاد تىلىدىن بەرگەن چىن ھەققىدىكى تەسۋىرى ئاجايىپ بەدىئىي يۇكسەكلىككە ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇپ، بۇ قۇرلاردىن نەۋائىينىڭ چىنغا بولغان كۈچلۈك ھېسسىياتى ۋە پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

خوتەن مۇلكىكى جەننەتتىن نىشاندۇر، خەلايىق جانىبى تۇشسە گۇزارىڭ.
سەۋادى ئۇزرە جەننەت جان فىشاندۇر.
ئۆتەردە جىلۋەگاھىڭ بولغۇسىدۇر،
گەر ئاندا سەير بولسا ئىختىيارىڭ، ياناردا خاكى راھىڭ بولغۇسىدۇر.

چىن خاقانىنىڭ يالغۇز پەرزەنتى فەرھاد ئۇچۇن تۆت پەسىلگە تەققاسلىنىپ سالدۇرغان بەھەيۋەت، گۈلگۈن قەسىرلىرى نەۋائىينىڭ خوتەن ھەققىدىكى تەسۋىرىنىڭ ئەڭ يارقىن نۇقتىسىدۇر. بىز مۇشۇ ھەقتىكى بايانلاردىنلا نەۋائىي قەلىمى ئاستىدىكى خوتەن مەملىكىتىنىڭ نەقەدەر كامالەتكە يەتكەن بىر ئەل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز. ئۇ، بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى جەلپكار مىسرالارنى يازىدۇ:

قايۇ ھەر قەسىر، بىر ئەيۋان سىپىھرى، كۆرۈپ باغىدا يۈز تۈرلۈك ئەجايىب،
نە سۇرەتخانەكىم ھەر شەمسە مىھرى. تاپىپ قەسرىدە مىڭ ئانچە غەرايىب.

تۇگەندى زىب ئارا باغى ئىرەمدەك، ئۆي ئالتۇن، فەرشى ئالتۇن، تامى ئالتۇن،
قايۇ باغى ئىرەم، بەيتۇل - ھەرەمدەك... مەي ئالتۇن، زەرفى ئالتۇن، جامى ئالتۇن.

نەۋائىي ئۆز داستانىنىڭ باش قەھرىمانى فەرھادنى ئەنە شۇنداق كاتتا ئەلدىن، گۈزەل دىياردىن تالللغان بولۇپ، نەۋائىي تەسۋىرىدىكى خوتەن ئۆز نۆۋىتىدە يەنە فەرھادنىڭ ئوبرازىنى تېپىكلەشتۈرۈش، يارقىنلاشتۇرۇش جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىغان.

نەۋائىي «فەرھاد ـ شىرىن» داستانىدا، ئۇنىڭغا ئائىت ماتېرىياللارنى تەپسىلىي توپلاپ ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىپ، كۈچلۈك مىللىي روھ ۋە مەسئۇلىيەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ «خەمسە» لىرىدىكى قوشۇمچە ئوبراز بولغان فەرھادنى باش قەھرىمانلىققا تاللاپ، قانخورلۇق بىلەن نام ئالغان خۇسرەۋنى سەلبىي ئوبراز قىلىپ يازغان. «مانا بۇ نەۋائىينىڭ خەمسە ئىجادىيىتىدىكى يېڭىچە بەدىئىي مېتود، يېڭىچە ئۇسلۇب، يېڭىچە پىكىر، يېڭىچە تەرەققىيات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.» ⑤ داستاندىكى فەرھاد ئوبرازى تولىمۇ يارقىن بىر ئوبراز بولۇپ، ئۇ ھەممە جەھەتتىن يېتىشكەن قابىلىيەت ئىگىسى قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. «دەرھەقىقەت، نەۋائىينىڭ فەرھادى ئەڭ ئالىيجاناب ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن، پەۋقۇلئادە كۈچ ـ قۇدرەت، ئەقىل ـ ئىدراك، ئىلىمۇ ھېكمەت ۋە ھۇنەر ـ سەنئەت ئىقتىدارىغا ئىگە شەخس.» ⑥

نەۋائىينىڭ بۇ داستانى تۆۋەندىكى ۋەقەنى باشلانما قىلىدۇ:

چىن خاقانىنىڭ ھەددى ـ ھېسابسىز بايلىق، خەزىنىسى، بىقىياس كۈچى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پەرزەنتى بولمىغاچقا، ناھايىتى پەرىشان ئىكەن. خۇدادىن بىر ئوغۇل تىلەپ پەرياد قىلار ئىكەن. فەرھاد ئەنە شۇ چىن خاقانىنىڭ ھاسىلى مۇرادى بولۇپ، ئۇ خاقانى چىن ئوردىسىنىڭ قۇياشى، خاقانىنىڭ ئۈمىدى ئىكەن. نەۋائىي بۇ ھەقتە توختىلىپ، فەرھادنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق يازىدۇ:

ئوغۇلسىزلىقدىن ئولدى بۇ شىكەنجىم،
كى ھەق دەفئ ئەيلەگەي بۇ دەردۇ رەنجىم.
چۇ خاقانىنىڭ بۇ ئېردى مۇددەئاسى،
ئىجابەت قۇربىنى تاپتى دۇئاسى.

بۇ ئەردى مۇتتەسىل گۇفتۇ شۇنىدى،
خۇدايدىن بىر ئوغۇل ئەردى ئۇمىدى.
شەبىستانىدا تۇغدى بىر ياڭى ئاي،
ياڭى ئاي يوقكى، مىھرى ئالەم ئاراي.

فەرھاد تۇغۇلۇشىدىلا ماڭلىيىدا سۆيگۈ نۇرلىرى، چېھرىدە ۋاپا تامغىسى، نەپسىدە ئاھ تۇماندىن خەۋەرلەر بىلىنىپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭغا مۇشۇ سۈپەتلەرگە لايىق ھالدا بەش سۆزنىڭ باش ھەرپىدىن تۈزۈلگەن فەرھاد دېگەن ئىسىمنى قويۇشقان.

ئاتا فەرزانە فەرھاد ئىسم قويدى،
ھۇرۇفى مەئخەزىن بەش قىسم قويدى.
سۆزى يارى بولۇپ ئەفسانەئى ئىشق،
مەقامۇ مەسكەنى كاشانەئى ئىشق.

يەنى فەرھاد سۆزىدىكى «ف» ھەرپى فىراققا، «ر» ھەرپى رەشككە، «ھ» ھەرپى ھىجرانغا، «ا» ھەرپى ئاھقا، «د» ھەرپى دەردكە ئىشارەت قىلىنغان. ⑦

نەۋائىينىڭ فەرھادقا يۈكلىگەن ئەڭ تۈپكى ئىدىيەۋى ئاڭ ئىشقتىن ئىبارەت بولۇپ، ھەتتاكى فەرھادنىڭ تىلى چىققاندىن باشلاپلا سۆزلەيدىغىنى ئىشق ۋە ئۇنىڭغا ئائىت رىۋايەتلەر بولغان.

چۈ ئۈچ ياشقە چەكتى دەۋرى ئەفلاك، فىراقۇ رەشكۇ ھەجرۇ ئاھ ئىلە دەرد،
تەكەللۇم قىلدى ئانداقكىم دۇرى پاك. بىرەر ھەرف ئىبتىدادىن ئەيلەبان فەرد.

بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى بىر نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش نەۋائىي ئىدىيەسىنى چۈشىنىشتىكى مۇھىم بىر ھالقىدۇر.

نەۋائىي ئىپادىلىمەكچى بولغان ئىشق ماھىيەتتە سوپىزملىق نەزەرىيەلەردىكى « ئىشق » تەلىماتى بولۇپ، بۇ تەلىمات سوپىزم دۇنياسىدىكى ئەڭ دەسلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان سوپىستىك ئىدىيە ھېسابلىنىدۇ. بۇ نەزەرىيەنى توغرا چۈشەنگەندىلا، ئاندىن فەرھاد ئوبرازىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز سوپىزمدىكى ئىشق نەزەرىيىسى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

ئىشق سۆزى ئەرەبچىدە مۇھەببەت، ياخشى كۆرۈش دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، «بىر ئادەمگە تەسىر قىلىپ، ئۇنىڭ ھېسسىي تۇيغۇلىرىدىكى سۆيگۈ ۋە قىزغىنلىقىغا سىڭىپ كىرىش» ⑧ نى كۆرسىتىدۇ.

ئىشق تەلىماتى تەرەققىي قىلىپ سوپىزمنىڭ زاھىتلىق باسقۇچىدىن نەزەرىيەۋى ئاساسقا ئىگە بىر ئېقىم بولۇپ شەكىللىنىشىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالغان. سوپىزمنىڭ كېيىنكى تەرەققىيات جەريانىدىكى نەزەرىيىۋى چۈشەنچىلەر مۇشۇ نەزەرىيەنى مەركەز قىلىپ ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، «ئىشق تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى ئىدىيەۋى ئاساسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن تەسەۋۋۇپ چۈشەنچىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى ئىدىيەۋى تۈرتكە ئىدى.» ⑨ ئىشق تەلىماتى سوپىلارنىڭ قاراشلىرىغا ئاجايىپ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئىشق ھەققىدە جالالىددىن رۇمىي مۇنداق دەيدۇ:

«ئىشق بىزگە رەھنامە، راۋانىمىزدۇر،
بىزنى ئىشق تۇغقاندۇر، ئىشق ئانىمىزدۇر.» ⑩

سوپىزمدىكى ئىشق تەلىماتىنى بەسرەلىك سوپى رابىيە ئاداۋىيە (717 ــ 801) ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇنىڭ نەزەرىدىكى ئىشق ناھايىتى خالىس ۋە پاك ھالدىكى «ھۆسنى مۇتلەققە (ئاللاغا) بولغان چىن ئىشق»دۇر. سوپىزمدا ئىنساننىڭ مەقسىتى ھەقنى تونۇش ۋە ئۇنى بىلىش بولۇپ، ھەقنى كۆرسىتىدىغان مۇتلەق گۈزەللىك بولغان ئاللاغا يېتىشنىڭ بىردىنبىر يولى ــ ھېچنېمە ئۈمىد قىلمىغان ياكى ھېچنېمىدىن پاناھ تىلىمىگەن ئاساستا، ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغان ھالدىكى خالىس نىيەتلىك چەكسىز ئىشق ئىدى. رابىيە بىر ئۆمۈر توي قىلمىغان بولۇپ، پۈتۈن ئۆمرىنى ئاللاغا ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئۇ ئەسلىدە قۇللۇققا سېتىۋېتىلگەن بولۇپ، خوجايىنى ئۇنىڭ ئاللاغا بولغان تەقۋادارلىقى، چىن ئىخلاسى ـ ئىشقىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنى ئازاد قىلىۋەتكەن.

رابىيەنىڭ ھۆسنى مۇتلەق بولمىش ئاللاغا بولغان مۇھەببىتى ھەرقانداق ئۈمىد ۋە تەمەدىن يىراق بولغان ساپ ئىشق بولۇپ، ئۇ ئاللاغا جەننەتنى ئۈمىد قىلىپ ياكى دوزاخ ئوتىدىن قورقۇپ ئىبادەت قىلمايدۇ، بەلكى جەننەت ۋە دوزاخ ئاللانىڭ گۈزەللىكى ئالدىدا ئەرزىمەسلا بىر نەرسە. ئۇ ئاللاغا پەقەت ۋە پەقەت ئۇنىڭغا بولغان ئىشقى ئۈچۈنلا بويسۇنىدۇ. ئىبنى ئاتانىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، رابىيە ئۇ ئىشق ئادىمى. بۇ خىل روھ سوپىزمدىكى ئەڭ ئالىي روھ، دەپ قارىلىدۇ. بۇ خىل روھ، يەنى «ئىشق چۈشەنچىسى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىگە باشتىن ـ ئاخىر سىڭىپ كەتكەن» بولۇپ، ئاللانىڭ ۋىسالى ئىشقنىڭ ئەڭ ئالىي غايىسى، بەلكى «ئىشق ھەق ئۈچۈن ئۆلچەم.»

رابىيەنىڭ ئىشق تەلىماتى دەسلەپتە ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، «ئۇنىڭ ئىشقنى مەركەز قىلغان مىستىك تەلىماتلىرى كېيىنكى سوپىلار تەرىپىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلغان.» بۇنىڭغا زۇنۇن مىسرىينىڭ «ھۆسنى مۇتلەق»كە يېتىش ئۈچۈن، ئۇنى بىلىش، تونۇشنى چۈشەندۈرگەن، ئاللانى تونۇش ئەقىلنىڭ ياردىمى بىلەن ئەمەس، ئىشقنىڭ ياردىمى بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ، دېگەن ئاڭ ئىلگىرى سۈرۈلگەن «مەئرىفەت» قارىشىنى، «مەئرىفەت» قارىشىدىن راۋاجلىنىپ چىققان سەرىيىي سەكاتىنىڭ ئىشقتىن مەست بولغان، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىشققا بېغىشلىغان ئاشىقلارنىڭ ئاخىرقى مەنزىلىنى بولمىش «تەۋھىد» قارىشىنى، بەيازىد بەستامىينىڭ ۋۇجۇدى ئىشق بىلەن تولغان ئاشىقنىڭ ئۆزلۈكىنى يوقىتىپ، ئۆز مەشۇقى ئاللا ئىچىدە يوق بولۇپ كېتىشىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان «فەنا» قارىشىنى مىسال قىلىش مۇمكىن.

سوپىزمدا ئىپادىلەنگەن ئىشق ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، ئىلاھىي ئىشق ۋە مەجازى (ئىنسانىي) ئىشقتىن ئىبارەت. ئىلاھىي ئىشقلا ھەقىقىي ئىشق بولۇپ، مەجازى ئىشق ئەنە شۇ ئىلاھىي ئىشققا يېتىشنىڭ ۋاستىسى ھېسابلىنىدۇ. يەنى «مەجازى ئىشق ئارقىلىق ئىلاھىي ئىشققا يەتكىلى بولىدۇ. مەجازى ئىشقتىن مەقسەت يەنىلا ئىلاھىي ئىشق»تۇر. «ئىنساننىڭ ئاللاغا بولغان ئەبەدىي ئىشقىنىڭ ئىشقا ئېشىش ۋاستىسى ئىنساننىڭ ئىنسانغا، دۇنياغا بولغان ئىشق ـ مۇھەببىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.» ئىنساننىڭ ئىشق يولىنى تۇتۇپ، ئاللادىن باشقىنى تەرك قىلىش، ئاللاھنىلا ياد ئېتىش ئۇنىڭ روھىي كامالەتكە يېتىش يۈزلىنىشى بولۇپ، بۇنىڭدا ئاللاغا بولغان مۇھەببەت بىلەن ئاللانىڭ گۈزەللىكى ئەڭ كۆپ مۇجەسسەملەنگەن ئىنسانغا بولغان سۆيگۈ گىرەلىشىپ كېتىدۇ.

سوپىزملىق ئىدىيەلەرنىڭ ئەدەبىياتقا سىڭىپ كىرىشى نەتىجىسىدە، شېئىرىي ئۇسلۇب بىلەن ئاللاغا بولغان ئىشقنى ئىپادىلەش مەيدانغا چىقتى. مىسىرلىق ئالىم زەكى مۇبارەك بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «دەسلەپىدىلا شېئىرىيەتنى ئۆزىنىڭ ئىپادىلىنىش ۋاستىسى قىلغان تەسەۋۋۇپ ناھايىتى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئەدەبىياتنى مەيدانغا كەلتۈردى. بولۇپمۇ ئەرەب، پارس، تۈركىي خەلقلەردە تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتى ناھايىتى گۈللەنگەن.»

كىلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ياردىن ئىبارەت سىمۋوللۇق ئوبراز ئەنە شۇ ئىشق تەلىماتىنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى تەسىرىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. ئوتتۇرا ئەسىر شېئىرىيىتىمىزدە ئاساسىي مەزمۇن ئىشق ـ مۇھەببەت بولغان بولۇپ، شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ خىلمۇ خىل قاراشلىرىنى ئىشقنى مەركەز قىلىپ ئىپادىلەپ كەلگەن. چاغاتاي ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى دەۋرىدىن باشلاپ «تەسەۋۋۇپ

پەلسەپىسىگە خاس چۈشەنچىلەرنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى ئىپادىسى «ئىشق» ئىدى.» ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «يار تەسەۋۋۇپ تىلىدىكى ئالاھىدە مەنە بېرىلگەن خاس ئىبارە بولۇپ، ئەھلى تەسەۋۋۇپنىڭ ئىلاھىي ئىشق بىلەن باغلانغان ئاللانىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى سىمۋولىدۇر.» بۇنىڭغا ئوخشاش سوپىزمدا مەخسۇس مەنىدە، تىرمىن تەرەققىيسىدە قوللىنىلىدىغان سۆزلەردىن يەنە جانان، مەھبۇب، مەشۇق، دىلبەر، نىگار، دىلرەبا دېگەنگە ئوخشاش مەخسۇس ئاللانى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەردىن، شۇنداقلا يۈز، قاش، لەۋ، كىرپىك، كۆز، خال قاتارلىق ئىنسانلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى جانلاندۇرۇش، ئوخشىتىش، سۈپەتلەش ۋە مۇبالىغە قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ، ئىشق تېمىسى بىلەن باغلانغان گۈزەل يار، «مەن» نىڭ مەشۇقى بولغان ئاللا ئوبرازىنى ياراتقان. چۈنكى، ئىشق تەلىماتى ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن «ئاللا گويا بىر گۈزەل يار، مەشۇق سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىنىپ، ئۇنىڭغا بولغان ساداقەت بىغەرەز ھالدىكى چەكسىز ئىشق بىلەنلا ئىپادىلىنىشى مۇمكىن دەپ قارالدى.»

چىن خاقانى فەرھادنى ياخشى تەربىيەلەپ، ئۆزىنىڭ يارامىلىق ئورۇنباسارى قىلىش ئۈچۈن، ناھايىتى بىلىملىك، ئىلىمدە توشقان بىر ئۇستازنى فەرھادقا ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىپ بېرىدۇ. فەرھاد شۇ قەدەر ئۆتكۈر زېھنىلىك، ئەقىللىق ئىكەنكى، بىرلا كۆرگەن نەرسىنى دەرھال كۆڭلىگە نەقىش كەبى پۈتۈۋالاتتى. ئون ياشقا كىرگەندە، ئۇ ئىگىلىمىگەن، تېگىگە يېتەلمىگەن ئىلىم قالمىغان. ھەتتا ئون ياشلىق فەرھادنىڭ بوي، بەستىمۇ، كۈچ - قۇۋۋىتىمۇ 20 ياشلىق يىگىتلەردەك ئىدى. بۇ مەزمۇنلار داستاندىكى تۆۋەندىكى مىسرالاردا ئەكس ئەتتۇرۇلگەن:

ئەگەر بىر قاتلا كۆردى ھەر سەبەقنى،
يانا ئاچماق يوق ئەردى ئول ۋەرەقنى.

جەھاندا قالمادى ئول يەتمەگەن ئىلم،
بىلىپ تەھقىقنى كەسب ئەتمەگەن ئىلم.

نې سۆزنىكىم ئوقۇپ كۆڭلىگە يازىپ،
دېمە كۆڭلىگە، جان لەۋھىغە قازىپ.

بولۇپ ئون ياشقا ئۆمرىنىڭ مۇرۇرى،
يىگىرمە ياشچە قەددۇ جىسمى زورى.

كېيىن فەرھاد ئەلەم ئۆگىنىشكە كىرىشكەن بولۇپ، ئوقيا ئېتىش، قىلىچۋازلىق، ئات مىنىش، بىناكارلىق، مېمارچىلىق قاتارلىق ماھارەتلەرنى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆگىنىپ كامالەتكە يەتكەن. لېكىن ئەلەم ۋە قەلەمدە شۇ قەدەر يۈكسەكلىككە يەتكەن فەرھاد ناھايىتى كەمتەر بولۇپ، ئۆزىنى بەك تۆۋەن تۇتاتتى. ئۆزىنىڭ شاھزادىلىكىنى، بىلىم، ماھارىتىنى پەش قىلىپ، باشقىلارغا تەكەببۇرلۇق قىلمايتتى. ئەمما، ئۇ دائىم ئاھ چېكىپ، پىغان ئۇرۇپ يۈرىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا زاھىر بولغان تۇغۇلما ئىشق سەۋداسى ئۇنى ئەنە شۇنداق غەمكىن قىلىپ قويغان. چىن خاقانىنىڭ فەرھادنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن تۆت ھەيۋەتلىك قەسىر سالدۇرغانلىقىمۇ بىكارغا كەتكەن بولۇپ، ئۇ ئىشقتىن باشقىنى ئەسلا خىيال قىلماس ئىدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ شاھلىقىغا ۋارىسلىق قىلىشنى ئۆزىنىڭ تېخى ياش، خاراكتېرىنىڭ بۇنىڭغا ماس ئەمەسلىكىنى سەۋەب قىلىپ رەت قىلغان بولۇپ، بۇ ھەقتە نەۋائىي مۇنداق يازىدۇ:

ئېرۇر بارى ھۇنەر ئىچرە كەمالى،
تەمامى ئەيبلەردىن زاتى خالى.

يىغىيۇ نالەۋۇ ئەفغاندىن ئۆزگە،
كى يوقتۇر ھېچ ئەيبى ئاندىن ئۆزگە.

كېرەكمەس ئەردى تەبئى مۇنچە سافى،
كى بولغاي سەلتەنەتغە ئول مۇنافى.

بىرەۋكىم ئالەم ئىچرە شاھ كەلمىش،
ئۇلۇس باشىغە زىللەللاھ كەلمىش.

ۋەلې چۇن مەن ھەقىرۇ ئىش ئۇلۇغدۇر،
بۇ سۆز ئەرزىن زەرۇرەت قىلغۇلۇغدۇر.

بۇ مىسرالار فەرھادنىڭ ناھايىتى كەمتەر، مال ـ دۇنياغا بېرىلمەيدىغان، ئالىيجاناب خىسلىتىنى نامايان قىلىپ بەرگەن بولۇپ، نەۋائىي غايىسىدىكى ئۇتوپىيەنىڭ بىر تەرىپى ئىدى.

ئۇ دۇنيانى كۆرسەتكۈچى ئىسكەندەر ئەينىكىگە يوشۇرۇنغان تىلسىماتنى ئېچىش ئۇچۇن يۇنان ئېلىگە بارىدۇ ۋە ئۇيەردە ئەجدىھا غارىدىن پەرىدۇن خەزىنىسىنى تاپىدۇ، سۇلايمان ئۈزۈكىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. سوقرات تېغى تىلسىمىنى يېشىدۇ. بۇ ھەقتىكى بايانلاردىن فەرھادنىڭ ئىرادىلىك، جەسۇر خاراكتېرى نامايان بولىدۇ. فەرھاد جاھان ئەينىكىدىن ئەرمەن مەلىكىسى شېرىننى كۆرۈپ قالىدۇ. فەرھاد ئوبرازىنىڭ ئەڭ تىپىك خاراكتېرى مانا مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ.

ئانىڭ رۇخسارىغە چۇن باقتى تىمسال،
تەنى تىمسال ياڭلىغ بولدى بىھال.

يارالىق سەيد ياڭلىغ نالە قىلدى،
بۇ ياڭلىغ نالە چۇن قىلدى، يىقىلدى.

چېكىپ فەرھاد ئۆز تىمسالى ياڭلىغ،
يىقىلدى جىسمى جاندىن خالى ياڭلىغ.

مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن فەرھاد ئىشق سەۋەبىدىن قاتتىق دەرد تارتىدۇ ۋە چىرايى سارغىيىپ، قەددى پۈكۈلۈپ كېتىدۇ. خاقان فەرھادنى بۇ ھالدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، دېڭىزغا سەپەر قىلىدۇ. كۈتۈلمىگەندە سەپەردە بوران چىقىپ، خاقان بىلەن فەرھادنى ئايرىۋېتىدۇ. خاقان چىن مەملىكىتىنىڭ قىرغاقلىرىغا تاشلىنىدۇ. فەرھاد بولسا بىر تاختاي ئۈستىدە لەيلەپ يەمەن مەملىكىتىگە بېرىپ قالىدۇ. بۇ يەردە قاراقچىلارنى يوقىتىپ، قەھرىمانلىق كۆرسىتىدۇ ۋە سودىگەرلەر كېمىسىگە چىقىۋالىدۇ. دېڭىزدا ئۇ شاپۇر بىلەن دوستلىشىدۇ. شاپۇر كېيىنكى ھايات مۇساپىسىدە فەرھادقا كۆپ ياردەمدە بولىدۇ. ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، فەرھاد يەمەن مەملىكىتىدىن ئەرمەن دىيارىغا بارىدۇ. ئۇ يەردە پەرىدۇن ئەۋلادلىرىدىن بولغان پادشاھ مېھرىبانۇنىڭ سىڭلىسى ئۈچۈن ئېگىز تاغ چوققىسىغا سېلىنغان ئالىي قەسىرگە سۇ ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن جاپالىق ئىشلەۋاتقان كىشىلەرنى كۆرىدۇ. ئۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ، ئۇلارنى بۇنداق قاتتىق ئەمگەكتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ئىشلەشكە كىرىشىپ كېتىدۇ.

كى ئەيلەپ چاك مىتىن بىرلە خارا،
ئارىق قىلغايلار ئانداق ئاشكارا.

ئېرۇر ئۈچ يىلكى جان تارتىپ ھەممىشە،
ئۈشالماي قالمادى مىتىنۇ تىشە.

مەشەقەتتىن يىگىتنى قارى دەرلەر،
قازىلمىش ئىككى ـ ئۈچ يۈز قارى يەر.

چۇ مېھنەتنىڭ ھەدۇ پايانى يوقتۇر،

تۈگەنمەكلىك بۇ ئىش ئىمكانى يوقتۇر

چۇ كەيفىيەتنى مەفھۇم ئەتتى فەرھاد،
ئۇلار ھالىغا كۆڭلى بولدى ناشاد.

كېسىپ ھەرتىشەسى قىلغاچ خەراشى،
فەلەك قىلى يۈكىدەك پارە تاشى.

چۇ مىتىن زەربىدىن ئەيلەپ سىتىزە،
قاتىغ خارانى ئەيلەپ زىرە ـ زىرە.

يۇقىرىقى مىسرالاردا فەرھادنىڭ يۈكسەك ئىنسانپەرۋەرلىك، ئالىيجاناب پەزىلىتى نامايان بولىدىغان بولۇپ، ئۇ مېھرىبانۇنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئۆزى ئىزدەۋاتقان شېرىن ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئېغىر ئەمگەك تۈپەيلىدىن زارلىنىۋاتقان كىشىلەرگە ياردەملىشىپ، ئۆزىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچ ـ قۇدرىتى ۋە پىششىق ئىگەللىگەن ھۈنەرلىرىگە تايىنىپ، ئېرىق ئېلىپ قەسىرگە سۇ باشلاپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان مېھرىبانۇ ۋە شېرىن فەرھادنى كۆرگىلى كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاندىن فەرھاد شېرىننى تونۇيدۇ ۋە ئاھ دەپ ھوشىدىن كېتىدۇ. بۇ ئوتلۇق مىسرالار نەۋائىي قەلىمىدە مۇنداق شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ:

نې ئاڭلايكىم قايۇ مەھرۇ ئىكەنسەن،
ئىچىم قان ئەيلەگەن سەنمۇ ئىكەنسەن.

مېنى غۇربەت ئارا بىچارە ئەتكەن،

دىيارۇ مۇلكدىن ئاۋارە ئەتكەن.

چىقىپ جانىم ئۇنىڭدىن بولغاچ ئاگاھ،
يۈزۈڭنى كۆرمەي ئۆلدۈم، ئاھ، يۈز ئاھ.

جاپالىق ئەمگەكتىن كېيىن، فەرھاد تاش ئۈستىگىنى پۈتكۈزۈپ، ئەرمەنىيە تاغ باغرىدا «بەھرۇن ـ نىجات» يەنى نىجات دېڭىزى ناملىق كۆلنى قازىدۇ ۋە بۇ قەسىردە شېرىن بىلەن لەززەتلىك سۆھبەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ۋىسالدىن شادلىنىدۇ. مۇشۇ ۋاقىتتا قانخور خۇسرەۋ پەرۋىز شېرىنگە ئەلچى كىرگۈزىدۇ. ئەمما، رەت قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن خۇسرەۋ لەشكەر تارتىپ ئەرمەنىيە قورغىنىنى مۇھاسىرە قىلىدۇ. فەرھاد بولسا ئۆزى يالغۇز ھالدا قەلئە سىرتىدىكى بىر قىيا تاش ئۈستىدە تۇرۇپ جەڭگە تەييارلىنىدۇ.

تاپىپ ئول قەلئەنىڭ تاشىدا بىر تاش،
كىم ئول كۆك قەلئەسىدىن ئۆتكەرىپ باش.

تۇتۇپ ئېردى ئانىڭ ئۈستىدە مەسكەن،
كى بولغاي رەزم ۋەقتى خارە ئەفكەن.

فەرھاد خۇسرەۋ بىلەن بولغان مۇنازىرىلەردە ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر جاۋابلىرى بىلەن خۇسرەۋنى قاتتىق مەسخىرە قىلىدۇ. بۇ قۇرلاردىن فەرھادنىڭ مەرد ـ مەردانىلىكىنى، ئىلىم ـ ھېكمەتتە تولغان، پاراسەتلىك، باتۇر خاراكتېرىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز.

فەرھادنى جەڭدە يېڭەلمىگەن خۇسرەۋ نامەردلىك قىلىپ، ھىيلىلەر ئارقىلىق ئۇنى قولغا چۈشۈرىدۇ. فەرھادنىڭ ئۆتكۈر جاۋابلىرىدىن مات بولغان خۇسرەۋ ئۇنى ئۆلتۈرمەي، سەلاسىل قورغىنىغا بەند قىلىدۇ. مۇشۇنداق قىيىن شارائىت ئۇنىڭغا قىلچە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. بەلكى فەرھاد ھىجران غېمىدە پەرياد ئۇرىدۇ، بىھال بولىدۇ. فەرھاد بىلەن شېرىن ئۆزئارا مەكتۇپ يېزىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىشق ـ مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان زالىم خۇسرەۋ زەھەرخەندىلىك بىلەن فەرھادنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلاپ، بىر ھىيلىگەر موماينى ئەۋەتىدۇ. بۇ جادۇگەر ئاقىل بىر موماي سۈپىتىدە فەرھاد بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا يالغاندىن مېھرىبانۇنىڭ خۇسرەۋ بىلەن ياراشقانلىقىنى ۋە شېرىننى ئۇنىڭغا بېرىشكە ماقۇل بولغانلىقىنى، بۇنىڭغا نازارى بولغان شېرىننىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇنىڭدىن چەكسىز ئازابلانغان فەرھاد ھىجران چۆللىرىگە سەپەر قىلىدۇ. كۆز يېشىنى سەلدەك ئاقتۇرۇپ، بىھوش بولىدۇ. باشلىرىنى تاشقا ئۇرۇپ، كۆكسىنى پارە ـ پارە قىلىدۇ ۋە ئاخىرىدا ئىشق ـ پىراق ئازابىدا جاندىن ئايرىلىدۇ. شېرىنمۇ فەرھادنىڭ ئۆلۈمىدىن قاتتىق دىل ئازارى يەيدۇ ۋە دادىسىنى ئۆلتۈرۈپ شاھلىق تەختىگە چىققان شېرۇيەنى ئالداپ، فەرھادنىڭ سۆڭەكلىرىنى ئەرمەنىيە تېغىغا كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىنى قۇچاقلاپ، فەرھادنىڭ تېنىگە تېنىنى، جېنىغا جېنىنى قوشىدۇ. داستان ئاجايىپ بىر تىراگېدىيەلىك گۈزەللىك بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. نەۋائىي ۋاپادار ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ تىراگېدىيەسىنى ئاجايىپ بىر بەدىئىي دىت بىلەن خۇلاسىلەپ بېرىدۇ:

كى جانكىم ئاندادۇر، جانان ۋەفاسى،
كى شاھلىق ئۆزگەدۇر، ئاشىقلىق ئۆزگە.
نېچۈك قىلغاي ئانى دۇشمەن فىداسى.
كېرەك ئاشىققا جان جانان فىداسى،
قۇلاق ئىشق ئەھلى سالماس بۇيلە سۆزگە،
تىلەر ئول قىلسا جانان جان فىداسى.

دېمەك، نەۋائىي فەرھادنى شۇقەدەر بەدىئىيلىك بىلەن تەسۋىرلەيدۇكى، «ئۇنى بارلىق قابىلىيەت، پەزىلەت، ئەردەم ـ مەرىپەت، ئەقىل ـ پاراسەت، ئەمگەك ـ سەنئەت ئەھلىنىڭ يارقىن تىمسالى، مۇھەببەت ـ ۋاپا، ساداقەت، چىن دوستلۇقنىڭ ھەقىقىي نامايەندىسى قىلىپ گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.» (21) يىغىپ ئېيتقاندا، فەرھاد ئوبرازى نەۋائىي ئارزۇسىدىكى ئاشۇ ئىدېئال ھاياتنى روياپقا چىقىرىشتەك ئىزگۈ ئارزۇنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ئىزاھاتلار:

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا، چىن ۋە ماچىنغا ئالاقىدار ئۇچۇرلار تەخمىنەن 40 يەردە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ھەقتىكى تەپسىلىي تەھلىللەر ئۇچۇن ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» دېگەن

كىتابىدىكى مۇناسىۋەتلىك بابلارغا قاراڭ.

② ئىمىن تۇرسۇن: «نەۋائىي ۋە خوتەن»، ئابدۇللا سۇلايمان تۈزگەن «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار»، 5 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، 134 ـ بەت.

③ مۇھەممەتئىمىن ئوبۇلقاسىموۋ: «خوتەن ـ كىلاسسىكلار نەزمىسىدە»، ئابدۇللا سۇلايمان تۈزگەن «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار»، 13 ـ توم، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 ـ يىل 5 ـ ئاي نەشرى، 341 ـ بەت.

④ مۇھەممەتئىمىن ئوبۇلقاسىموۋ: «خوتەن ـ كىلاسسىكلار نەزمىسىدە»، ئابدۇللا سۇلايمان تۈزگەن «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار»، 13 ـ توم، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى، 345 ـ بەت.

⑤ ئەشرەپ ئابدۇللا قۇتزات: «ئەسىرلەر ئابىدىلىرى ـ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، 456 ـ بەت.

⑥ مۇھەممەتئىمىن ئوبۇلقاسىموۋ: «خوتەن ـ كىلاسسىكلار نەزمىسىدە»، ئابدۇللا سۇلايمان تۈزگەن «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار»، 13 ـ توم، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى، 345 ـ بەت؛

⑦ بۇ سۆزلەردە نەۋائىينىڭ تەسەۋۋۇپلۇق ئىدىيەسى ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان بولۇپ، ماھىيەتتە بىر پۈتۈن فەرھاد ئوبرازىمۇ نەۋائىينىڭ تەسەۋۋۇپ ئىدىيەلىرىنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر. ئەمما، نەۋائىينىڭ تەسەۋۋۇپ ئىدىيەسى مۇستەقىل بىر تېما بولغانلىقى ئۈچۈن، مەزكۇر ماقالىدا بۇ ھەقتە ئارتۇقچە پىكىر بايان قىلمايمىز.

⑧ فەتتۇللا گۈلەن: «سوپىزىم ئىدىيەسى ـ ئىسلامنىڭ قەلب مۇساپىسى» 【M】، دىلىڭ شى جىڭ تەرجىمىسى، تەيۋەن ئۈمىد بۇلاق نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى مۇرەككەپ خەنزۇ يېزىقى نەشرى، 221 ـ بەت.

⑨ ھۆرمەتجان ئابدۇراھمان فىكرەت: «تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى» 【M】، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 11 ـ ئاي نەشرى، 31 ـ بەت.

⑩ «جالالىدىن رۇمى شېئىرلىرىدىن» 【J】، جاپپار ئەمەت نەشرگە تەييارلىغان، بۇلاق، 1991 ـ يىلى 3 ـ سان، 88 ـ بەت.

⑪ ھۆرمەتجان فىكرەت: «تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 11 ـ ئاي نەشرى، 28 ـ بەت.

⑫ ئەبۇ ۋافا ۋۇنامىي: «سوپىزمغا سەپەر ـ ئىسلام سوپىزمى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، فەن شىچاڭ تەرجىمىسى، داۋا تەتقىقات ئورنى باستۇرغان ئىچكى ماتېريال، 2005 ـ يىلى 2 ـ ئاي خەنزۇچە باسمىسى، 82 ـ بەت.

⑬ نەزىرە مۇھەممەد سالىھ: «شەرق يۇلتۇزلىرىنى ئىزدەپ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى 1 ـ ئاي نەشرى، 233 ـ بەت.

⑭ رادىي فىش: «جالالىدىن رۇمى» ئۆزبېكچىدىن ھاكىم مۇسا ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى 9 ـ ئاي نەشرى، 100 ـ بەت.

⑮ ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت: «مەسنەۋى خاراباتى»دا ئىشق تەلقىنى» 【J】، مۇنبەر ژۇرنىلى، 2007 ـ يىلى 4 ـ سان.

⑯ ھۆرمەتجان ئابدۇراھمان فىكرەت: «تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى» 【M】، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 11 ـ ئاي نەشرى، 28 ـ بەت.

⑰ ئىقبال توسۇن: «ئۇيغۇرلاردا ھايات ھېكمىتى، ئۆلۈم كۈلپىتى» 【M】، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 ـ يىل 5 ـ ئاي نەشرى، 320 ـ بەت.

⑱ نەزىرە مۇھەممەد سالىھ: «شەرق يۇلتۇزلىرىنى ئىزدەپ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى 1 ـ ئاي نەشرى، 230 ـ بەت.

⑲ غەيرەتجان ئوسمان باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى» 2 ـ قىسىم، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2005 ـ يىل 6 ـ ئاي نەشرى، 339 ـ بەت.

⑳ نەزىرە مۇھەممەد سالىھ «شەرق يۇلتۇزلىرىنى ئىزدەپ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى 1 ـ ئاي نەشرى، 233 ـ بەت.

㉑ ئىمىن تۇرسۇن: «نەۋائىي ھەققىدە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 1 ـ ئاي نەشرى، 93 ـ بەت.

(ئاپتور خوتەن ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتەپ ئوقۇتۇش بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ)

ھەمدخان ئىسلامىي (ئۆزبېكىستان)



# سۇلتانۇل ئارىفىن

## خوجا ئەھمەد يەسسەۋى

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇسالام مۇھەممەد

### سۆز بېشى

تەسەۋۋۇپ تەلىماتى تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، تەرىقەت سۇلۇكىنىڭ پىر-مۇرشىدلىرىغا ئەڭ باي دىيارنىڭ مەركىزىي ئاسىيا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. جۈملىدىن خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي، ئابدۇلخالىق غىجدۇۋانىي، نەجمىددىن كۇبرا، پەھلىۋان مەھمۇد، شاھى نەقشبەند، خوجا ئەھرار ۋەلىي ۋە باشقىلار خەلقىمىزنىڭ بۈيۈك ئىپتىخارلىرىدۇر. بۇ زاتلارغا ئاتاپ ئۇلار ياشىغان جايلاردا مۇزېيلار قۇرۇش، ئىلمىي مىراسلىرىنى ئۆگىنىپ، خەلققە تەقدىم قىلىش ئالدىمىزدا تۇرغان مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرىدۇر.

دېمەك، بۇ ئۇلۇغ دىيار ئالەمشۇمۇل ئەللامە، مۇتەسەۋۋۇپلارنىڭ بۈيۈك ۋە مۇبارەك تۇپرىقى بولۇپ كەلگەن. ئەنە شۇنداق مەشھۇرلاردىن بىرى سۇلتانۇل-ئارىفىن خوجا ئەھمەد يەسسەۋىيدۇر.

خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي تەسەۋۋۇپ تەلىماتى تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان بولۇپ، تەسىر دائىرىسى ناھايىتى كەڭ ئىدى. يەسسەۋىي تەرىقىتى پەقەت مەركىزىي ئاسىيا بىلەنلا چەكلەنگەن ئەمەس. خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي بەرپا قىلغان يەسسەۋىيچىلىك تەرىقىتى ماۋەرائۇننەھىردىن پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىياغىچە؛ ئېدىل بويلىرىدىن كاۋكاز تاغلىرىغىچە؛ خۇراسان، ئىران، رۇم، بەدەخشان ۋە جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىغىچە كېڭىيىپ بارغان.

خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي توغرىسىدا دەسلەپكى مەلۇماتنى ئۆز دەۋرىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى، سوپى مۇھەممەد دانىشمەند (12 ـ ئەسىر)، مۇھىددىن ئەل ـ ئەرەبىي (ۋاپاتى ھىجرىيە 638 ـ، مىلادىيە 1240 ـ يىلى) يېزىپ قالدۇرغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋر ئالىملىرى تەرىپىدىن يېزىلغان قولىيازما ئەسەرلەرمۇ بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، خوجا مۇھەممەد پارسا، نىزامىددىن مىر ئەلىشىر نەۋائىي، پەخرىددىن ئەلى سەفىي، ھەسەن خوجا نىسارىي، سۇلتان ئەھمەد ھەزىنىي، مۇھەممەد تاھىر خارەزمىي، غۇلام سەرۋەر لاھورىي، ھىسامىددىن سىغناقىي قاتارلىق مۇئەللىپلەر قەلىمىگە مەنسۇپ قولىيازما ئەسەرلەردە خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي توغرىسىدا قىممەتلىك مەلۇماتلار بېرىلگەن. ئۇ زاتنى مۇبارەكنى «سۇلتانۇل ـ ئارىفىن»، «پىرى تۈركىستان»، «تۈركىستان خەلقىنىڭ قىبلەئى دۇئاسى» كەبى

يۈكسەك، شەرەپلىك ناملاردا ئاتاپ كەلگەن.

گەرچە خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ ئۇلۇغ زات ئىكەنلىكى بىلەن باغلىق بولغان بەزى مەلۇماتلار بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىرەر ئىجادىي پائالىيىتىگە دائىر ئەسلىي قولىيازما مىراسلىرى بىزگىچە ئانچە مەلۇم ئەمەس. لېكىن، خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ نەسەبنامىسى، شەجەرىسى، سىلسىلىلىرى ① ھەققىدىكى قولىيازمىلار بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. بۇ تارىخىي مەنبەلەرنىڭ بۈيۈك ئەھمىيىتى شۇنىڭدىكى، ئەھمەد يەسسەۋىي شەجەرىسى ئارقىلىق، ئۇ زاتقا باغلىق بولغان بەزى مەشھۇر زاتلارمۇ قولىيازمىلاردا ئۆز ئەكسىنى تاپقانلىقى ھەرقانداق كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىدۇ. بۇ ئورۇندا ساھىبقىران ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئەھمەد يەسسەۋىيگە روھەن يېقىنلىقى، يەسسەۋىي نەسەبنامىسىنى ئۆز دەۋرىدە سەيفىددىن ئورۇڭ قۇيلاقىي ئەرەب تىلىدىن تۈركىي تىلغا ئاغدۇرغىنى ۋە يەسسەۋىي نەسەبى بىلەن ئۆزىنىڭ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكى، يەسسەۋىي شەجەرىسىدىكى خوجا بايەزىدنىڭ ئەمىر تۆمۈرگە پىرى مۇرشىدلىقى، يەسسەۋىي سىلسىلەسىدە جانابىي رەسۇلىللارنىڭ تۈركىيلەشكەن ئەۋلادلىرىنىڭ بارلىقى مەسىلىسىدۇر. بۇ مەسىلىلەر يەسسەۋىيشۇناسلىقتا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپلا قالماي، يەنە ساھىبقىران ئەمىر تۆمۈر شەخسىيىتىنى يورۇتۇپ بېرىشتىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

## خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي دەۋرى

خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي قاراخانىيلار دەۋرىدە دۇنياغا كەلگەن. بۇ دەۋر مەركىزىي ئاسىيانىڭ جاھان تەرەققىياتىدا بۈيۈك يۈكسىلىشلەرگە ئېرىشكەن دەۋر ئىدى. ئىلمىنۇجۇم (ئاسترونومىيە، يەنى يۇلتۇز ۋە كائىنات ئىلمى)، ماتېماتىكا، كېمىياگەرلىك(خىمىيە)، مېدىتسىنا (تېبابەت)، بىيولوگىيە، تىل-ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە، مەنتىق(لوگىكا)، تەپسىرشۇناسلىق ۋە فىقھى ئىلىملىرى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، ئىسلامىيەتنىڭ «ئالتۇن دەۋرى» باغدادتىن سەمەرقەندكە يۆتكەلگەن. بارچە ساھەلەردىكى ئىلىملەر يەن دەرىجىسىدە يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن چاغ ئىدى. مۇسا خارەزمىي( ۋاپاتى مىلادىيە 850 – يىلى)، ئەھمەد فەرغانىي(ۋاپاتى مىلادىيە 865 – يىلى)، ئەبۇ مەنسۇر ماتۇرۇدىي(ۋاپاتى مىلادىيە 944 – يىلى)، ئەبۇ نەسىر فارابىي(ۋاپاتى مىلادىيە 950 – يىلى) ۋە باشقا يۈزلىگەن ئالىملار يارىتقان ئىلىملەر راۋاجلانغان. ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا(ۋاپاتى مىلادىيە 1037 – يىلى)، ئەبۇ رەيھان بىرۇنىي(ۋاپاتى مىلادىيە 1048 – يىلى) جاھاننى ھەيران قالدۇرغان دەۋر ئىدى. ئەھمەد يەسسەۋىي بولسا ئىبنى سىنا، بىرۇنىي، مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ كەبى مەشھۇر ئەللامەلەرنىڭ زاماندىشى بولغانىدى. دېمەككى بۈيۈك مەركىزىي ئاسىيا ئىلىم – پەن تەرەققىياتى راۋاجىدا جاھاننىڭ ئالدىدا تۇرغان دەۋر ئىدى. بۇنداق دەۋردە دۇنياغا كەلگەن خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي مەركىزىي ئاسىيا خەلقىنىڭ، ھەتتا پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ پەخرى ئىدى. بۇ ھەقتە ئەلىشىر نەۋائىي بۈيۈك مۇتەسەۋۋۇپ، مەشھۇر ئەۋلىيا جۇنەيد باغدادىي ئاغزىدىن مۇنداق يازىدۇ: «جۇنەيد باغدادىي سۆزىدۇركىم، ئۇلەما ۋە ھۆكەما تەڭرىتائالادىن خەلققە رەھمەتدۇر».

خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي ياشىغان دەۋردە مەھەللىي (يېڭىدىن يەرلەشكەن) خەلقلەردە ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ھەر خىل دىنلارنىڭ قالدۇقلىرى، تەسىرلىرى يەنىلا مەۋجۇت ئىدى. كۆچمەن قەبىلىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئاشۇ دەۋر ئۆلىمالىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەنىدى. ئەنە شۇنداق زاماندا قەدىمىي

مەدەنىيەت ماكانلىرىدىن بىرى بولغان مەركىزىي ئاسىيانىڭ يەسسى شەھىرىدە، ئىبراھىم شەيخ ئاتلىق بىر كىشىنىڭ خانىدانىدا بىر ئوغلان تۇغۇلغانكى، بۇ بالىغا ئەھمەد دەپ ئات قويۇلدى. مەنبەلەردە يېزىلىشىچە، خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي دەسلەپكى تەربىيەنى ئاتىسى ئىبراھىم شەيختىن ئالغان. كېيىن ئۆز زامانىسىنىڭ مەشھۇر ئۆلىماسى شاھابىددىن ئىسپىجابىي (لەقىمى«ئاق ئاتا») دىن، كېيىن ئارسلان باتتىن تەربىيە ئالغان.

بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئارسلان باب ئاللانىڭ ئەلچىسى جانابىي مۇھەممەد رەسۇلىللادىن روھىيەت ئارقىلىق خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينى تەربىيە قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغانىكەن. بۇ توغرىدا مەشھۇر ئالىملار يازغان ئەسەرلەرگە مۇراجىئەت قىلىدىغان بولساق، ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ ئىچكى، مەنىۋى ئالىمى نەقەدەر ئالىي ۋە يۈكسەك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالىشىمىز مۇمكىن.

## سوپى مۇھەممەد دانىشمەن: خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي توغرىسىدا

خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ شانۇ شۆھرىتى ئۆز زامانىسىدىلا چىقىشقا باشلىغان. ھەتتاكى ئەينى زاماندا مەركىزىي ئاسىيانىڭ ھەممە جايلىرىدىن دېگۈدەك خوجا ئەھمەد يەسسەۋىيگە مۇرىت بولۇش ئۈچۈن كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن. خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ پائالىيىتى توغرىسىدا ئۆز دەۋرىدىن باشلاپ بىزنىڭ ئەسرىمىزگىچە زامان ئەللامىلىرى نەچچە يۈزلىگەن ئەسەرلەر يازغان. ئەنە شۇلارنىڭ بىرى خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ ئىنىسى سەدىر خوجىنىڭ ئوغلى، دانىشمەن خوجا نامى بىلەن مەشھۇر بولغان سوپى مۇھەممەد دانىشمەن قەلىمىگە مەنسۇپ «مىرئاتۇل ـ قۇلۇب» (قەلبلەر ئەينىكى) ئەسىرىدۇر②. ئۇن ئەسىرلىك تارىخىي جەرياندا ئۆتمۈشىنىڭ مۇرەككەپ داۋانلىرىدىن ئېشىپ ئۆتكەن بۇ ئەسەر ئۇزاق ئۆتمۈشتىن، ئۇنىڭ خىلمۇخىل ۋەقەلىرىدىن بىزگە خەۋەر بەرگۈچى «ئۆتمۈشتىن ساۋات» سۈپىتىدە بىباھا مىراس ھېسابلىنىدۇ.

«مىرئاتۇل ـ قۇلۇب»(قەلبلەر ئەينىكى) تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ قانۇن-قائىدىلىرىنى تەھلىل ۋە تەھقىق قىلىپ بەرگۈچى دەسلەپكى ئىلمىي ئەسەردۇر. ئەسەرنىڭ ئۆزى ئەھمەد يەسسەۋىي نۇتقى ئاساسىدا يېزىلغىنىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

ئەسەر تۆۋەندىكىچە باشلىنىدۇ:

«بىسمىللاھىر ـ رەھمانىر ـ رەھىيم، ئەلھەمدۇ لىللاھەس ـ سەمىئۇلئەلىم ۋە سۇبھانەللاھۇل ـ خەللاقۇل ـ كەرىم ۋە ئاگاھ بولغىلكىم، بۇ رىسالەنى جەمئى قىلغان بۇرھانى شەرىئەت ۋە زۇبدەئى ئۇلەمائى تەرىقەت مەۋلانا سوپى مۇھەممەد دانىشمەند تۇرۇر. مۇئتەمەد ئۇلەمالار كىتابلارىدا ۋە تەقى مۇئتەمەد مەشايىخ، يەنى سۇلتانۇل ـ ئارىفىن، قۇدۋەتۇل ـ مۇتەۋەررەئىن قۇتبۇل ـ ئەقتاب رويى زەمىن خاجە ئەھمەد يەسسەۋىي رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ ئەھۋاللارىدىن بۇ ئەزىز سوپى مۇھەممەد دانىشمەند ئايتۇر»...

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. بارلىق ھەمدۇ سانالار ھەممىنى ئاڭلاپ خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچى ئاللاغىلا خاستۇر، ئۇ ئاللا ھەممىدىن پاكتۇر، ئۇ ھەممىنى ياراتقاندۇر.

ئاگاھ بولۇڭلاركى، بۇ رىسالىنى يېزىپ جەمئىي قىلغان كىشى شەرىئەتنىڭ گۇۋاھچىسى ۋە تەرىقەتنى ياخشى يولغا سالغۇچى ئۆلىمالاردىن بولغان مەۋلانا سوپى مۇھەممەد دانىشمەندۇر. ئىشەنچلىك ئۆلىمالارنىڭ كىتابلىرىدا ۋە تېخىمۇ ئىشەنچلىكرەك بولغان ماشايىخلار(ئۇلۇغلار)نىڭ ئېغىزلىرىدا «ئارىفلارنىڭ سۇلتانى» دەپ سۈپەتلەنگەن، ئۆزىنى يامان ئىشلاردىن ساقلىغۇچى، يەر يۈزىدىكى يولباشچىلارنىڭ يولباشچىسى خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ ئەھۋاللىرىدىن بۇ ئەزىز سوپى مۇھەممەد دانىشمەن شۇنداق ئېيتىدۇ....)

مەزكۇر رىسالە 12 ــ ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن، شەرىئەت گۇۋاھچىسى ۋە تەرىقەت ئۆلىماسى سوپى مۇھەممەد دانىشمەن تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، رىسالىنىڭ بېشىدىلا خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ ئۆز زامانىسىدا بۈيۈك مەرتىۋىگە ئېرىشكەن، ئارىفلارنىڭ سۇلتانى ئاتالغان ھەمدە تەقۋادارلىقنىڭ رەھنەماسى ــ يەر يۈزىدىكى قۇتبۇل ئەقتابى دەرىجىسىدىكى زات ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان، شۇنداقلا خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ تەسەۋۋۇپ تەلىم ـ تەربىيەسىگە ئائىت پىكىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، يەسسەۋىي دەۋرى يازما مىراسى بولۇش سۈپىتىدە ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. يەنە كېلىپ بۇ رىسالىنى خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي پائالىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا بىرلەمچى مەنبە سۈپىتىدە ئالەمشۇمۇل ئەھمىيەتكە ئىگە دېسەك خاتا بولمايدۇ.

## ئەلىشىر نەۋائىي: خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي توغرىسىدا

بۈيۈك مۇتەپەككۇر، ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر نەۋائىي 1495 ــ 1496 يىللىرى يازغان «نەسائىمۇل ـ مۇھەببەت» (مۇھەببەت شاماللىرى) تەزكىرىسىنىڭ 611 ـ ئەۋلىيا تەرتىپىدە مۇنداق يازغان:

«خاجە ئەھمەد يەسسەۋىي قەددەسەللاھۇ تەئالا سىررەھۇ تۈركىستان مۈلكىنىڭ شەيخۇل ـ ماشايىخىدۇر. مەقاماتى ئالىي ۋە مەشھۇر، كەراماتى مۇتەۋالى ۋە نامەھسۇر ئەرمىش. مۇرىدۇ ئەسھابى غايەتسىز ۋە شاھۇ گەدانىڭ ئىرادەتۇ ئىخلاسى ئاستانىدە نىھايەتسىز ئەرمىش. ئىمام يۇسۇف ھەمەدانىي قۇددىسە سىررۇھۇنىڭ ئەسھابىدىندۇر. خاجە ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانىي قەددەسەللاھۇ رۇھەھۇ بىلە سۇھبەت تۇتۇبدۇر ۋە خاجە ئەبدۇللاھ بەررەقىي ۋە خاجە ھەسەن ئەنداقىي قەددەسەللاھۇ رۇھەھۇما بىلەكى ئىمام يۇسۇف ھەمەدانىي رەھمەتۇللاھى تەئالا مۇرىدلارىدۇرلار. ئەمما ھەرقايىسى بىرىنىڭ مەرتەبەغە يېتىپدۇرلار، مۇساھىب بولۇپتۇرلار ۋە روزگار ماشايىخىدىن كۆپ بۇزرۇكۋارلار ئانىڭ تەربىيەتىن تاپىپدۇرلار. شەيخ رەزىيۇددىن ئەلى لالا قەددەسەللاھۇ سىررەھۇ شەيخى بۇزرۇكۋار شەيخ نەجمىددىن كۇبرا رەھمەتۇللاھ ئەلەيھى خىدمەتىغە يېتەردىن بۇرۇن خاجە ئەھمەد يەسسەۋىي قەددەسەللاھۇ رۇھەھۇ خىدمەتىدە بولۇپدۇر ۋە ئانىڭ خانەقاھىدا ئانىڭ ئىرشادى بىلە سۈلۈك قىلىپدۇر ۋە ئانىڭ مەزارى تۈركىستاندا، يەسسى دېگەن يەردەكى، ئانىڭ مەۋلۇد ۋە مەنشەئىدۇر ۋاقىئ بولۇپدۇر ۋە تۈركىستان ئەھلىنىڭ قىبلەئى دۇئاسىدۇر»...

(خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي ــ ئاللا ئۇنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي ــ تۈركىستان ئەھلىنىڭ شەيخۇل ـ ماشايىخىدۇر. ئۇ زاتنىڭ تۇرغان جايلىرى ئالىي ۋە مەشھۇر، كارامەتلىرى چوڭقۇر ۋە ئاشكارىدۇر. مۇرىت ـ مۇخلىسلىرى ناھايىتى كۆپ، ئۇ زاتنىڭ دەرگاھىدا شاھ ۋە گادايلارنىڭ ئىخلاسى ناھايىتمۇ چەكسىز. ئۇ زات ئىمام يۇسۇپ ھەمەدانىي ــ ئاللا ئۇنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي ــ

ھەمسۆھبەتچىسى ئىدى. خوجا ئابدۇلخالىق غىجدۇۋانىي ــ ئاللا ئۇنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي ــ نىڭ بىلەنمۇ ھەمسۆھبەت بولۇپ تۇراتتى ۋە خوجا ئابدۇللاھ بەررەقىي، خوجا ھەسەن ئەنداقىي ــ ئاللا ئۇ ئىككىيلەننىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي ــ بىلەن بىرگە ئىمام يۇسۇپ ھەمەدانىي ــ ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي ــ غا مۇرىت بولغانىدى. ئۇلار ياخشى سۆھبەتداشلاردىن ئىدى، ھەرقايىسىسى بۈيۈك مەرتىۋىلەرگە ئېرىشتى. شۇ زامان ماشايىخلىرىدىن كۆپلىگەن بۇزرۇكۋارلار ئۇنىڭ (خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي)دىن تەربىيە تاپتى. ئاللا سىرلىرىنى پاك قىلغۇر شەيخ رەزىيۇددىن ئەلى لالا ئاللا رەھمەت قىلغۇر بۇزرۇكۋار شەيخ نەجمىددىن كۇبرانىڭ خىزمىتىگە بېرىشتىن بۇرۇن خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي ــ تەڭرى روھلىرىنى پاك قىلغاي ــ نىڭ خىزمىتىدە بولدى ۋە ئۇنىڭ(خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ) خانىقاھىدا ئۇنىڭ ئىرشادى، يەنى رۇخسىتى بىلەن سۈلۈك تەۋرەتتى، ئۇنىڭ (خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ) مازىرى تۈركىستاننىڭ يەسسى دېگەن يېرىدە، ئۇ (خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي) شۇ يەردە تۇغۇلغانىدى. ئۇ (خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ قەبرىسى) تۈركىستان ئەھلىنىڭ دۇئايى تىلىكىنى ئىجابەت قىلىدىغان تاۋاپگاھدۇر).

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ بۇ تەۋەررۇك سەتىرلىرىدىن خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ ئەڭ ئالىي ۋە مەشھۇر دەرىجىگە ئېرىشكەن بۈيۈك ئەۋلىيا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ئۇ زاتنىڭ قەبرىسى بولسا مەركىزىي ئاسىيا خەلقىنىڭ دۇئايى تىلىكىنى ئىجابەت قىلىدىغان تاۋاپگاھى بولغىنىدىن دالالەت بېرىدۇ.

## پەخرىددىن ئەلى سەفىي: خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي توغرىسىدا

پەخرىددىن ئەلى سەفىينىڭ 1503 ـ يىلىدا خوجاگان ئەۋلىيالىرى توغرىسىدا مەخسۇس يازغان «رەشەھات» (تامچىلار) ناملىق ئەسىرى خوجا يۇسۇپ ھەمەدانىيدىن باشلىنىدۇ. مۇئەللىپ يۇسۇپ ھەمەدانىينىڭ ئۈچىنچى خەلىپىسى بولغان خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي توغرىسىدا مۇنداق يازىدۇ:

«خاجە ئەھمەد يەسسەۋىي رەھمەتۇللاھى تەئالا يۇسۇف ھەمەدانىي قۇددىسە سىررۇھۇنىڭ خەلىفەلەرىدىن ئۈچلەمچە خەلىفە ئەردىلەر ۋە تۈركلەر ئانى «ئاتا يەسسەۋىي» دەرلەر ۋە «ئاتا»نىكىم، تۈركىي لەفزىدە پەدەرىنى ئايتۇرلەر، ئۇلۇغ ماشايىخلارغە ئىتلاق قىلۇرلار. مەۋلۇدى يەسسى تۇرۇركىم، تۈركىستان بەلدەلەرىدىن بىر مەشھۇر شەھەر تۇرۇر. قەبرى مۇبارەكلىرى ئۇل يەردە تۇرۇر. ساھىب ئاياتۇ كەرامەتى جەلىلە ۋە مەراتىبۇ مەقاماتى رەفىئە ئەردىلەر ۋە ئالار ياشلىقدە مەنزۇرى نەزەرى كىميا ئەسەرى ئارسلان باب بولۇپ ئەردىلەركىم، تۈرك ماشايىخلارىنىڭ قۇدەماسىدىن ۋە ئالارنىڭ ئۇزەمالارىدىن ئەردىلەر ۋە ئايتۇرلار: ئارسلان باب ھەزرەتى رىسالەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەلەمنىڭ بەشارەتىگە مۇشتەمىل بولغان ئىشارەتلەرى بىلە ئالارنىڭ تەربىيەلەرىغە شۇغل ئەتدىلەر ۋە ھەزرەتى خاجەغە ئالارنىڭ خىزمەت ۋە مۇلازىمەتلەرىدە تەرەققىياتى كۇللىي ۋاقىئ بولدى. تا ئارسلان باب قەيدى ھەياتدە ئەردىلەر خاجە بەرسەبىلى داۋام ئالارنىڭ مۇلازىمەتلەرىدە قىيام كۆرگۇزدىلەر. ۋەفاتلەرىدىن سوڭ ھەم ئالارنىڭ ئىشارەتلەرى بىلە بۇخاراغە كەلدىلەر ۋە سۇلۇكلەرى خاجە يۇسۇفنىڭ خىزمەتلەرىدە تامام بولۇپ، دەرەجەئى تەكمىل ۋە ئىرشادىغە يېتۇشدىلەر»...

[خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي ــ ئاللا ئۇ زاتقا رەھمەت قىلسۇن ــ يۇسۇپ ھەمەدانىي ــ ئاللا

سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي ــ نىڭ ئۈچىنچى خەلىپىسى ئىدى. تۈركىيلەر ئۇنى «ئاتا يەسسەۋىي» دەيدۇ. تۈركىيلەر تىلىدا دادىنى «ئاتا» دەيدۇ. كۆچمە مەنىدە يەنە ئۇلۇغ ماشايىخلارنى «ئاتا» دېيىشىدۇ. تۇغۇلغان جايى تۈركىستاننىڭ مەشھۇر شەھەرلىرىدىن يەسسى دېگەن شەھەر ئىدى. مۇبارەك قەبرىسىمۇ شۇ شەھەردىدۇر. كارامەتلىرى ئۇلۇغ ۋە مەرتىۋىلىرى يۇكسەك ئىدى. ياشلىقىدا ئارسلان بابىنىڭ نەزىرىگە چۈشكەن ۋە ئۇ زاتنىڭ سۆزلىرىدىن چوڭقۇر تەسىرات ئالغانىدى. ئارسلان باب تۈرك ماشايىخلىرىنىڭ پېشقەدەملىرىدىن ۋە ئۇلۇغلىرىدىن ئىدى. بەزىلەر شۇنداق ئېيتىشىدۇ: ئارسلان باب ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشارەتلىرى بىلەن ئۇنىڭ(خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ) تەربىيىتىگە مەشغۇل بولدى. ئۇ(خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي) ئارسلان بابنىڭ خىزمەت ۋە مۇلازىمىتىدە تولۇق كامالەتكە يەتتى، تا ئارسلان بابنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە مۇلازىمىتىدە بولدى. ئارسلان بابنىڭ ۋاپاتلىرىدىن كېيىن ئۇ زاتنىڭ ۋەسىيىتى بىلەن بۇخاراغا كەلدى ۋە سۇلۇكنى خوجا يۇسۇپنىڭ خىزمىتىدە تامام قىلىپ، مۇكەممەل دەرىجىگە يەتتى ۋە يېتەكچىلىك ئورنىغا ئېرىشتى.]

دېمەككى، بۇنىڭدىن ئارسلان بابنىڭ ئەھمەد يەسسەۋىينى تەربىيەلىگەنلىكى مەلۇم بولدى. بۇ توغرىدا تەپسىلىي مەتىننى ھەسەن خوجا نىسارىيدىن ئۇقىمىز.

## ھەسەن خوجا نىسارىي: خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي توغرىسىدا

ھەسەن خوجا نىسارىي 1566 ـ يىلى يازغان «مۇزەككىرى ئەھباب» (دوستلار ئەسلىمىسى) ناملىق ئەسەردە تۆۋەندىكى بايانلار ئۇچرايدۇ:

«بىركۈنى كائىناتنىڭ ئەڭ ئەلا كىشىسى، يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ــ ئۇ زاتقا دۇرۇت ۋە سالاملار بولسۇن ــ جىھاتقا كېتىۋاتقانىكەن. ئەتراپىدا كۆپ لەشكەرلەر بار ئىكەن. ساھابىلەر ــ بارچىسىنى ئاللا جەننەتكە كىرگۈزسۇن ــ قايتىشنى تەلەپ قىلىپ ئۇ زاتقا مۇراجىئەت قىلىشىپتۇ. شۇ چاغدا ھەزرىتى جەبرائىل ئەلەيھىسسالام بېھىشتىن جىھات ئوزۇقى ئۈچۈن بىر تاۋاق خورما كەلتۈرۈپتۇ. شۇ ۋاقىتتا تاۋاقتىن بىر خورما يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. جەبرائىل ئەلەيھىسسالام: بۇ خورما بىرنەچچە ۋاقىتلاردىن كېيىن دۇنياغا كېلىدىغان ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ نېسىۋىسىدۇر، ‹ئامانەتنى ئىگىسىگە قايتۇرۇڭلار›(قۇرئان، 4ـ سۇرە، 61ـ ئايەت) دېگەن ئايەتى كەرىمىنىڭ ھۆكۈمىگە ئاساسەن، بۇ خورما ئىگىسىگە قايتسۇن، دەپ بۇيرۇپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە قاراپ: ‹سىزلەردىن بىرىڭىز بۇ بۇيرۇقنى بېجىرىشكە كىرەك›، دەپتۇ. ھېچكىم سوئال-جاۋابقا ئېغىز ئاچماپتۇ. شۇ ۋاقىتتا، بابا ئارسلان ــ ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن ــ نىڭ روھىناتلىرى ھازىر بولۇپ دەپتۇكى: ‹ئۇلارغا مەرھەمەت قىلسىڭىز، پېقىر بۇ ئىشنى ئۆز زىممەمگە ئالسام›. ھەزرىتى پەيغەمبەر ــ ئۇنىڭغا ئاللانىڭ سالاملىرى بولغاي ــ خورمىنى ئۆزىنىڭ مۇبارەك قوللىرى بىلەن ئارسلان بابنىڭ ئاغزىغا قويۇپتۇ ۋە مۇبارەك ئېغىز سۆلىرىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا تاشلاپتۇ. ئاندىن خورما يۈزىگە بىر پەردە تارتىلىپتۇ ۋە شۇندا سۇلتان (خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي)نىڭ مەرىپىتى ۋە بەلگىلىرىنى ئېيتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ (ئارسلان بابنىڭ) تەربىيەسىگە بۇيرۇپتۇ. بۇ قىسسە كۆپتىن بېرى تارىخلاردا يېزىلىپ ۋە ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ تىلىدىن زىكىر ئېيتىلىپ كېلىندى».

دېمەك، خورما توغرىسىدىكى بۇ مەشھۇر قىسسىنىڭ يازما بايانىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئارسلان بابا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ مەنىۋىيەت تەربىيەسىدە ئاساسىي ۋە يېتەكچى پىرى مۇرشىدى بولغانىكەن.

## تاھىر ئىشان: خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي توغرىسىدا

مۇھەممەد تاھىر 1746ـ، 1747ـ يىللاردا يازغان «تەزكىرەتول ـ نەقشىبەندىيەئى تاھىر ئىشان» ئەسىرىدە مۇنداق يازىدۇ:

«ھەزرەتى خاجە ئەھمەد يەسسەۋىي قۇددىسە سىررۇھۇنىڭ ئەھۋالى بەياندۇر، ئۇل ماشايىخ ئەھلى تۈركىنىڭ سەر دەفتەرى، ئالەمى ئەفلاكنى سەير ئەتكۈچى ۋە مەلائىكىلەرنىڭ ھەمنىشىنى، ھادىئى، ئامۇ خاس، رەشىدى باتەمامان، ئامىلى سۈننەت، تابىئى شاھى رىسالەت پەناھى، يەئنى خاجە يۈسۈف ھەمەدانىينىڭ ئۈچىنچى خەلىفە جانشىنى ئەردى ... ۋە تۈرك جەمائەلەرى ئۇل ئەزىزغە ‹ئاتا يەسسەۋىي› دەر ئىدىلەر. ئالارنىڭ ئۇرۇفلەرىدە پەدەر مەئناسىدە بولغان «ئاتا» كەلىمەسىن ماشايىخلەرغە ھەم ئايتۇر ئىدىلەر ۋە ئۇل سەئادەت مەئابنىڭ تەۋەللۇد تاپقان ۋە مەدفۇن بولغان جايى تۈركىستان شەھەرلەرىدىن يەسسى ئاتلىغ شەھەردە ئەردى. ئايتۇرلەركىم، ھەزرەتى خاجە ئەھمەد يەسسەۋىي قەددەسەللاھۇ تەئالا رۇھەھۇل ـ ئالىي ساھىب ئەلامەت ۋە ئەھلى كەرامەت ئەردى ۋە تىفل ئەركەن ئەييامدە كىمىيا نەزەرلىك ئارسلان باب ئەلەيھىر ـ رەھمەغە مەنزۇر بولۇپ ئەردى. ئەمما، ئارسلان بابا شەرىف مەئاب ئەلەيھىر ـ رەھمەغە ئەھل تۈركىنىڭ ماشايىخ مۇتەقەددىملەرىنىڭ جۇملەسىدىن ئەردى. نەقىل مەشھۇردۇركىم، ئارسلان باب رەھمەتۇللاھ ئەلەيھى رەسۇلى ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەلەمنىڭ بەشارەتلەرىگە مۇشتەمىل بولغان ئىشارەت بىلە خاجە ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ تەربىيەتىگە مەشغۇل بولدى. چۈن ئارسلان باب رىھلەت ئەتدى، ئەرسە ئاندىن سوڭ ئانىڭ ئىشارەتى ۋە بەشارەتى بىلە خاجە ئەھمەد يەسسەۋىي ئەلەيھىر ـ رەھمە شەھرى بۇخاراگە كېلىپ، سۇلۇكنى خاجە يۈسۈف ھەمەدانىي ئەلەيھىر ـ رەھمەنىڭ خىزمەتىدە تەمام ئېتىپ، دەرەجەئى كەمالەتغە يېتۇشدى»...

(ھەزرىتى خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي ــ ئاللا سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي ــ نىڭ ئەھۋالىنىڭ بايانىدۇر. ئۇ زات تۈرك ئەھلىنىڭ ئۇلۇغى ۋە ئالەمنى سەير قىلغۇچى مالائىكىلەرنىڭ سۆھبەتچىسى، خالايىققا توغرا يول كۆرسەتكۈچى كامالەت ئىگىسى، سۈننەتكە ئەمەل قىلغۇچى، رىسالەت پاناھ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەلەمگە ئەگەشكۈچى خوجا يۈسۈپ ھەمەدانىينىڭ ئۈچىنچى خەلىپىسى ئىدى. تۈركىي جامائەتلەر ئۇ ئەزىزنى ‹ئاتا يەسسەۋىي› دەپ ئاتىشاتتى. تۈركلەر ‹ئاتا› سۆزىنى ئۇلۇغلارنىڭ ئىسمىغىمۇ قوشۇپ ئېيتاتتى. ئۇ سائادەت ساھىبىنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان جايى تۈركىستان شەھەرلىرىدىن يەسسى ئاتلىق شەھەردۇر. بەزىلەر ئېيتىدۇ: ھەزرىتى خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي ــ ئاللا روھلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي ــ كارامەت ئەھلىنىڭ ئەڭ ئالىيسى ئىدى. گۆدەك ۋاقتىدىلا ئارسلان باب ــ ئۇنىڭغا رەھمەتلەر بولسۇن ــ نىڭ نەزەرلىرىگە چۈشكەنىدى. ئارسلان باب ــ ئۇنىڭغا رەھمەتلەر بولسۇن ــ تۈرك ماشايىخلىرىنىڭ ئەڭ ئاۋۋالقىسى ئىدى. شۇنداق نەقىل قىلىشىدۇكى، ئارسلان باب ــ ئۇنىڭغا رەھمەتلەر بولسۇن ــ ھەزرىتى پەيغەمبەر ــ ئۇنىڭغا تەڭرىنىڭ سالاملىرى بولسۇن ــ نىڭ بېشارىتىگە بىنائەن خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ تەربىيەتىگە مەشغۇل بولدى. ئارسلان باب ۋاپات بولغاندىن كېيىن،

خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي ــ ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن ــ ئارسلان بابنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن بۇخارا شەھىرىگە كېلىپ ، سۇلۇكنى خوجا يۇسۇپ ھەمەدانىي ــ ئۇنىڭغا رەھمەتلەر بولسۇن ــ نىڭ خىزمىتىدە تامام ئېتىپ، كامالەت دەرىجىسىگە يېتىشتى).

## غۇلام سەرۋەر لاھورىي: خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي توغرىسىدا

غۇلام سەرۋەر لاھورىي 1864ـيىلىدا يازغان «خەزىنەتۇل ـ ئەسفىيا» (پاكلار خەزىنىسى) ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق يازىدۇ:

«خاجە ئەھمەد يەسسەۋىي قەددەسەللاھۇل ـ ئەزىزىنىڭ ئەھۋالى بەيانى، ئەمما ئول ھەزرەت ئۇلۇمى زاھىرىي ۋە باتىنىينى جەمئ قىلغان، زۇھدۇ رىيازەتۇ ۋە تەقۋانى ھاسىل قىلغان. شەرىئەت ۋە تەرىقەتدە دەرەجەئى ئەزىم ۋە رۇتبەئى كەبىرنى تاپقان ئەردى. ئەمما خىرقەئى خىلافەتنى خاجە يۇسۇف ھەمەدانىي رەھمەتۇللاھ ئەلەيھدىن تاپىپ ئەردى ۋە پىرى رەۋشەن زەمىرىنىڭ ۋەفاتىدىن سوڭرا ئىرشاد مەسنەدىدە ئولتۇردى. داغى ئول جانابنىڭ تەۋەللۇدى تۈركىستان بىلادلەرىدىن يەسسى ئاتلىغ شەھەردە ۋاقىئ بولدى ۋە ئەييامى تۇفۇلىيەتىدە ئول جاناب تۈركىستان ماشايىخىنىڭ ئۇلۇغى شەيخ ئارسلان بابنىڭ كىميائى ئەسەرى ۋە نەزەرى مۇبارەكى بىلە مەنزۇر بولۇپ ئەردى. شەيخ ئارسلان باب شاھ رىسالەت پەناھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەلەمنىڭ ئىرشادى بىلە تەربىيەتى زاھىرىي ۋە باتىنىينى خاجە ئەھمەد يەسسەۋىيگە ئىجرا ئەتتى. خاجە ئەھمەد يەسسەۋىي ھەم ھەزرەتى شەيخ ئارسلان بابنىڭ خىزمەتىدە مادامۇل ـ ھەيات ھازىر بولدى. چۈن ھەزرەتى شەيخ ئارسلان باب ۋەفات تاپدى. خاجە ئەھمەد يەسسەۋىي بۇخاراغە داخىل بولۇپ، سۇلۇكنى خاجە يۇسۇف ھەمەدانىينىڭ ھەزمىدە ئىتمامغە يەتكۈرۈپ، ساھىب كەمالات بولدى. مەستۇر بولماسۇنكىم، خاجە ئەھمەد يەسسەۋىي تۈركىستان مەشايىخلارىنىڭ سەرھەلقەسى ئەردىكىم، ئەكسەرىسىنىڭ تەرىقەتدە نىسبەتى خاجە ئەھمەد يەسسەۋىي ئەردى. ئەمما، ئول جەنابى شەرافەت مەئابنىڭ تەۋەججۇھلارى بىلە ھەق تالىبلارىدىن مىڭ مىڭ مۇرىدنىڭ ئىئتىقادلارى ساھىبى ئىرشاد بولدىلار. ۋەفاتلارى ئەھلى ئەخبارنىڭ ئىتتىفاقلارى بىلە ھىجرىيەنىڭ بەش يۈز داغى ئالتمىش ئىككىلەمچى يىلى (مىلادىيە 1166ـيىلى) ۋاقىئ بولدى ۋە مەھەد مۇبارەكى يەسسى شەھرىدە ئەردى»...

(خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي ــ ئاللا ئۇ ئەزىزنىڭ سىرلىرىنى پاك قىلغاي ــ نىڭ ئەھۋالىنىڭ بايانى، ئۇ ھەزرەت ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىلىملەرنى ئۆزىدە جەملىگەن، ئىبادەت، رىيازەت ۋە تەقۋانى ھاسىل قىلغان، شەرىئەت ۋە تەرىقەتتە ئۇلۇغ دەرىجىگە ئېرىشكەن ۋە يۈكسەك مەرتىۋە تاپقانىدى. خەلىپىلىك خىرقىسىنى ئاللا رەھمەت قىلغۇر خوجا يۇسۇپ ھەمەدانىيدىن تاپقانىدى. قەلبى نۇرلۇق پىرىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بىر مۇددەت ئۇستازى ئورنىدا سۇلۇك تەۋرەتتى. ئۇ جاناب تۈركىستان شەھەرلىرىدىن يەسسى ئاتلىق شەھەردە تۇغۇلدى ۋە ياش بالا ۋاقىتلىرىدىلا ئۇ جاناب تۈركىستان ماشايىخلىرىنىڭ ئۇلۇغى شەيخ ئارسلان بابنىڭ مۇبارەك نەزەرلىرىگە چۈشكەنىدى. شەيخ ئارسلان باب پەيغەمبەرلەر شاھى مۇھەممەد ــ تەڭرى ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالاملارنى ئەۋەتكەي ــ نىڭ بېشارەتلىرى بىلەن خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىلىملەر بىلەن تەربىيەلىدى. خوجا ئەھمەد يەسسەۋىيمۇ ھەزرىتى شەيخ ئارسلان بابنىڭ خىزمىتىدە ھەمىشە ھازىر ئىدى. ھەزرىتى شەيخ ئارسلان باب ۋاپات بولدى. خوجا ئەھمەد

يەسسەۋىي بۇخاراغا كېلىپ سۇلۇكنى خوجا يۇسۇپ ھەمەدانىينىڭ ھۇزۇرىدا تاماملىغا يەتكۈزۈپ، كامالەت ئىگىسى بولدى. يوشۇرۇن قالمىسۇنكى، خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي تۈركىستان ماشايىخلىرىنىڭ يېتەكچىسى ئىدى. تەرىقەتنىڭ كۆپىنچىسى خوجا ئەھمەد يەسسەۋىيگە نىسبەت بېرىلەتتى. ئۇ جانابنىڭ خەيرخاھلىقى بىلەن مىڭلىغان تالىپ ۋە مۇرىتلار يېتىشىپ چىقتى. ۋاپاتلىرى بولسا تارىخچىلارنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن ھىجرىيەنىڭ بەش يۈز ئاتمىش ئىككىنچى (مىلادىيە 1166 – ) يىلىغا توغرا تېپىلدى. مۇبارەك قەبرىسى يەسسى شەھىرىدە ئىدى).

## ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ نەسەبنامىسى

ئەھمەد يەسسەۋىي نەسەبنامىسى توغرىسىدا يېزىلغان قوليازمىلار بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. بۇ قولىيازمىلار ئەرەب، پارس ۋە تۈركىي تىللاردا يېزىلغان. بۇ نەسەبنامىلەر ھەرقايسى دەۋرلەردە نۇسخا كۆچۈرۈلۈپ كىتاب شەكلىگە كەلتۈرۈلگەن. ئۇلاردىن ئەڭ ئىشەنچلىكى بولسا، نەسەبنامىنىڭ ئەسلىي ۋە ئەينى ھۆججەتلىكىگە ھەرقايسى دەۋرلەردىكى مەھكىمە شەرئىي تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈپ مۆھۈر بېسىلغىنىدۇر. ئەنە ئاشۇ تەستىق ھۆججەتلەرگە ئاساسەن ئېيتىدىغان بولساق، ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى ئاللا رازى بولغۇر ھەزرىتى ئەلى مۇرتەزاغا تۇتىشىدىكەن.

نەسەب دېگەندە، بىر ئاتىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن نەسىلگە، يەنى بىر ئاتىدىن ھاسىل بولغان ئوغۇلغا ئېيتىلىدۇ. ئەگەر قىز بالا تۇغۇلسا، ئىسمى شەجەرىگە يېزىلىدۇ. لېكىن، نەسەب داۋاملىغا كىرمەيدۇ.

قولىمىزدا خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي نەسەبنامىلىرى پۈتۈلگەن ئوندىن ئارتۇق قولىيازما مەۋجۇت. ئۇلاردىن ئەڭ قەدىمىي دەپ ھېسابلانغىنى خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ ئىنىسىنىڭ نەۋرىسى سەيفىددىن ئۇرۇڭ قويلاقىي قولىيازمىسىدۇر. سەيفىددىن ئۇرۇڭ قويلاقىي قەلىمىگە مەنسۇپ «نەسەبنامە» 1996 – يىلى تاشكەنتتە، «خەزىنە» نەشرىياتىدا ۋە شۇ يىلى ئىستانبۇلدا كىتاب قىلىپ نەشر قىلىندى. ئىستانبۇل نەشرىدىكى نەسەبنامە خېلىلا تەرتىپلىك ۋە ئىشەنچلىك دەپ قارالغان ئون نەچچە قولىيازمىغا تايانغىنىنى ئىناۋەتكە ئېلىپ، ھازىرچە ئاشۇ نەسەبنامىنى ھۇزۇرىڭىزغا تەقدىم قىلدۇق. ئۇنىڭدا تۆت نەسەبنامە كۆرسىتىلگەن. بىز ئۇنىڭ بىرىنچىسىدە بېرىلگەن A نۇسخىسىنى ئالدۇق③.

«خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي ئىبراھىم شەيخ ئوغلى، ئىبراھىم شەيخ ئىلياس شەيخ ئوغلى، ئىلياس شەيخ مەھمۇد شەيخ ئوغلى، مەھمۇد شەيخ ئىپتىخار شەيخ ئوغلى، ئىپتىخار شەيخ مۇھەممەد شەيخ ئوغلى، مۇھەممەد شەيخ ئوسمان شەيخ ئوغلى، ئوسمان شەيخ ئۆمەر شەيخ ئوغلى، ئۆمەر شەيخ ھەسەن شەيخ ئوغلى، ھەسەن شەيخ ئىسمائىل شەيخ ئوغلى، ئىسمائىل شەيخ مۇسا شەيخ ئوغلى، مۇسا شەيخ مۆمىن شەيخ ئوغلى، مۆمىن شەيخ ھارۇن شەيخ ئوغلى، ھارۇن شەيخ ئىسھاق باب ئوغلى، ئىسھاق باب ئابدۇررەھمان ئوغلى،ئابدۇررەھمان بەتتال غازىي ئوغلى، بەتتال غازىي ئابدۇلمەننان ئوغلى، ئابدۇلمەننان مۇھەممەد ھەنەفىيە ئوغلى، مۇھەممەد ھەنەفىيە ھەزرىتى ئەلى مۇرتەزا ئوغلى».

مەزكۇر نەسەبنامىدە خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ ئىنىسى سەدىر خوجىنىڭ ئەۋلادلىرى مۇنداق داۋاملاشقان:

«سەدىر خوجا، ئۇنىڭ ئوغلى دانىشمەن خوجا(سوپى مۇھەممەد دانىشمەن)، ئۇنىڭ ئوغلى مەۋلانا

سەيفىددىن ئۇرۇك قويلاقىي، ئۇنىڭ ئوغلى زاھىد شەيخ، ئۇنىڭ ئوغلى ئەھمەد شەيخ ئاتا، ئۇنىڭ ئوغلى باھاۋۇددىن شەيخ، ئۇنىڭ ئوغلى قۇتبىددىن شەيخ، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇلخالىق شەيخ، ئۇنىڭ ئوغلى ئەھمەد شەيخ، ئۇنىڭ ئوغلى خوجا ئەھمەد باقى شەيخ، ئۇنىڭ ئوغلى خوجا مۇھەممەد، ئۇنىڭ ئوغلى خوجا ئەھمەد باقىي، ئۇنىڭ ئوغلى خوجا ئاخۇند، ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەد خوجا ئاخۇند...».

## سەيفىددىن ئۇرۇك قويلاقىي

سەيفىددىن ئۇرۇك قويلاقىي خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ ئىنىسى سەدىر خوجىنىڭ ئوغلى دانىشمەن خوجىنىڭ پەرزەنتىدۇر. دانىشمەن خوجا بەزىدە سوپى مۇھەممەد دانىشمەن دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەلىشىر نەۋائىي « نەسايىمۇل ـ مۇھەببەت» ئەسىرىنىڭ بابا كامال جەندىي بايانىدا ئاجايىب بىر لەۋھەنى يازىدۇ. بابا كامال ۋەلىيلىك دەرىجىسىگە يەتكەندە ھەزرىتى شەيخ نەجمىددىن كۇبرا ئۇنىڭغا خىرقە كىيدۈرۈپ، تۈركىستانغا بېرىشنى تاپشۇرىدۇ. شۇ چاغدا ئېيتقانكى: «تۈركىستان ۋىلايەتىدە مەۋلانا شەمسۇددىن مۇفتىينىڭ فەرزەندىكى، ئاتى ئەھمەد مەۋلانادۇر. بىزنىڭ بۇ خىرقەنى ئاڭا يەتكۈر ۋە تەربىيەتنى ئاندىن دەرىغ تۇتما» دەپ، يىراق جايدىكى ئەھمەد مەۋلاغا خىرقە بېرىدۇ. بابا كامال مىلك چاقىرىمدىن ئارتۇق يول بېسىپ مەنزىلگە كېلىدۇ ۋە بىر توپ ياش باللار ئارىسىدىن ئەھمەد مەۋلانانى تونۇۋالىدۇ. شۇندا سالاملىشىپ، قول تۇتۇشۇپ شەمسىددىن مۇپتىنىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ. شەمسىددىن مۇپتى ئېيتىدۇكى: «بۇ فەرزەند مەجزۇبدۇر، شايەد شايىستە خىدمەت قىلا ئالماغاي. ئۇلۇغ ئاغاسى دانىشمەند مەۋلانا بەغايەت زىرەك ۋە مۇئەددەبدۇر». بابا دېدىكىم: «ئاڭا ھەم نەسىب بولغاي، ئەمما بىز ھەزرەتى شەيخ ھەۋالەسى ۋە ئىشارەتى بىلە مۇنۇڭ خىزمەتىغە كەلگەنمىز».

بۇ لەۋھەدىكى دانىشمەند مەۋلانا سوپى مۇھەممەد دانىشمەن ئىدى. شەمسىددىن مۇپتى بولسا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ ئىنىسى سەدىر خوجا ئىدى. «شەمسىددىن» (دىنىنىڭ قۇياشى) ئىسلام ئىلمىدىكى سۇپىتى، مۇپتى بولسا شەرىئەت قانۇن ـ قائىدىلىرى بولمىش فىقھى ئىلمىدىكى دەرىجىسى ئىدى. دېمەك، سەدىر خوجا شەمسىددىن مۇپتى سەيفىددىن ئۇرۇك قويلاقىينىڭ باباسى (بوۋىسى) ئىدى.

يەسسەۋىي نەسەبنامىسىدە: «ئىلياس خوجا شەيخنىڭ ئوغلى ئىبراھىم شەيخ، ئانىڭ ئىككى ئوغلى بار ئەردى. بىرىنىڭ ئاتى ئەھمەد خوجا (خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي)، يەنە بىرىنىڭ ئاتى سەدىر خوجا ئەردى. ئانىڭ ئىككى ئوغلى بار ئەردى. بىرىنىڭ ئاتى ئابدۇلمەلىك (بۇ زات ئېھتىمال ھەزرىتى شەيخ نەجمىددىن كۇبرا بابا كامال ئارقىلىق خىرقە ئەۋەتكەن ئەھمەد مەۋلانا بولۇشى مۇمكىن)، يەنە بىرىنىڭ ئاتى دانىشمەند خوجا ئەردى، لەقەبى زاھىد ئۇرۇك قويلاقىي ئەردى. ئانىڭ ئوغلى مەۋلانا سەيفىددىن، لەقەبى ئۇرۇك قويلاقىي ئەردى...».

ئۇرۇك ــ ئاق، پارلاق مەنىسىگە ئىگە بولغىنى ئۈچۈن، سەيفىددىن ئۇرۇك قويلاقىي ئاق رەڭلىك قويلارنى بېقىش بىلەن شۇغۇللانغان بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. كېيىنچە «قويلىق ئاتا» ئاتىلىپ، ئاشۇ كەسپى رەسمىي نام بولۇپ رەسمىيلىشىپ قالغان بولسا كېرەك.

مۇھەممەد تاھىر ئىشان 1746 ــ 1747 ـ يىلىدا يازغان « تەزكىرەئى نەقشىبەندىيە» ئەسىرىدە مۇنداق يازىدۇ:

«سوفى مۇھەممەد دانىشمەند ئەلەيھىررەھمەنىڭ بەياندۇر: ئول بۇزرۇكۋار خاجە ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ تۆرت خەلىفەسىنىڭ ئۈچۈنچىسى ئەردى. خاجە ئەھمەد يەسسى شەھرىگە كېلىپ، زىكرى جەھرىيغە مەشغۇل بولدى. ھەزرەتى سوفى مۇھەممەد دانىشمەند خاتىرىغە كەلدىكىم، خاجە ئەھمەدنى زىكرى جەھرىيدىن مەنئ قىلغاي. ئول قەسد بىلە مەنزىلدىن رەۋان بولدى. خاجە ئەھمەد ئەلەيھىررەھمەگە كېلۇرىدىن مەئلۇم بولدى. ئول كەلمەسدىن بۇرۇن تەۋەججۇھى تەمام ئېتىپ، مەۋلانانى ئۆز تەسەررۇفىگە كىرگۈزدى. مۇلاقات ئاساسىدا خاجە ئەھمەدنىڭ شەرافەتىدىن تەكمىلۇ ئەكمەل دەرەجەسىغە مۇشەررەف بولدى».

(رەھمەت تاپقۇر سوپى مۇھەممەد دانىشمەننىڭ بايانىدۇر، ئۇ بۇزرۇكۋار خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ تۆت خەلىپىسىنىڭ ئۈچىنچىسى ئىدى. خوجا ئەھمەد يەسسى شەھىرىگە كېلىپ ئاشكارا زىكرىگە مەشغۇل بولدى. ھەزرىتى سوپى مۇھەممەد دانىشمەننىڭ خىيالىغا خوجا ئەھمەدنى ئاشكارا زىكرىدىن مەنئى قىلىش كەلدى. رەھمەت تاپقۇر خوجا ئەھمەدكە سوپى مۇھەممەد دانىشمەننىڭ كېلىشى مەلۇم بولدى. ئۇ كېلىشتىن بۇرۇن دىققىتىنى تولۇق قارىتىپ مەۋلانانى ئۆز تەسەررۇپىغا كىرگۈزدى. يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن (سوپى مۇھەممەد دانىشمەن) خوجا ئەھمەدنىڭ شاراپىتىدىن ئەڭ مۇكەممەل دەرىجىگە مۇشەررەپ بولدى).

يۇقىرىدىكى ئاجايىپ لەۋھەلەردىن مەلۇم بولدىكى، بۈيۈك شەيخ نەجمىددىن كۇبرا غايەتتە ئۇزاق مۇساپىدە تۇرۇپ، يەسسەۋىي جىيەنىنى ئۆز تەسىرىگە ئالغان، بابا كامال جەندىي ئارقىلىق روھىي جەھەتتە تەربىيەلىگەن، خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي بولسا، ناھايىتى زىرەك ۋە ئەقىللىق يەنە بىر جىيەنى دانىشمەن مەۋلانانى ئۆز تەسىرى ۋە تەربىيەسىدە كامالەتكە يەتكۈزۈپ، يەسسەۋىي تەرىقىتىدە ئورۇنباسار (خەلىپە) قىلىپ تەيىن ئەتكەن.

دېمەك، سەيفىددىن ئۇرۇڭ قويلاقىي يېتۈكلۈك دەرىجىسىگە يەتكەن، ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ خەلىپىسى بولغان سوپى مۇھەممەد دانىشمەننىڭ ئوغلى ئىدى. بۇ ھۆججەتكە ئاساسلانغاندا، «نەسەبنامە»نىڭ ئەسلىي قولىيازمىسى ئەرەب تىلىدا يېزىلغانىكەن. ئەرەب تىلىدىكى بۇ «نەسەبنامە»نى سەيفىددىن ئۇرۇڭ قويلاقىي تۈركىي تىلىغا تەرجىمە قىلغانلىقىنى تۆۋەندىكىچە يازىدۇ:

«ئەمما ئىسھاق باب روزغارىدىن بارۇ ئون بىر ئاتالارىمىز كەچدى. بۇ ‹نەسەبنامە› مەۋلانا سەيفىددىن ئۇرۇڭ قويلاقىيغە قالدى. بۇ نەسەبنامە ئەرەب تىلى بىرلە ئەردى. مەۋلانا سەيفىددىن ئۇرۇڭ قويلاقىي تۈركىي تىلىغە ئۆگۈردى. ئەمما ھىجرەتدىن بەش يۈز قىرىق يىل كېچىپ ئەردى».

(ئەمما ئىسھاق بابتىن كېيىن ھەممىسى بولۇپ ئون بىر ئاتا-بوۋىلىرىمىز ياشاپ دۇنيادىن ئۆتۈپ، بۇ «نەسەبنامە» مەۋلانا سەيفىددىن ئۇرۇڭ قويلاقىيغا قالدى. بۇ نەسەبنامە ئەرەب تىلىدا ئىدى. مەۋلانا سەيفىددىن ئۇرۇڭ قويلاقىي تۈركىي تىلىغا ئۆرۈدى. ئەمما، ھىجرەتتىن بەش يۈز قىرىق يىل ئۆتكەنىدى).

ھىجرىيە 540 - يىلى مىلادىيە 1145 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ. سەيفىددىن ئۇرۇڭ قويلاقىي 12 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇغۇلۇپ 13 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئالەمدىن ئۆتكەن بولىدۇ. ئاساسىي مەسىلە، بۇ چاغدا ئىسھاق بابانىڭ ئەۋلادلىرى مەركىزىي ئاسىيا زېمىنىدا سۈلۈك تەۋرىتىش بىلەن بۇ جايدا ئولتۇراقلىشىپ قالغانىدى. دېمەك، ئۇلارنىڭ نەسىل ۋە نەسەبتە مەھەللىي تىل ۋە ئادەتلەر

ھۆكۈمرانلىقىغا كىرگەنلىكى ۋە تۇركىيلەشكەنلىكى بىلىنىدۇ. «نەسەبنامە» كىتابىدا يەنە بىر لەۋھە ئېتىبارىغا لايىق:

«يەسسەۋىي ئەھمەد خاجە ئاتا ئاخىرەتكە ئۇلانۇر بولدى ئەرسە، ئۆز ئورنىنى قىرىنداشىم ئوغلى دەپ مەۋلانا سەيفۇددىن ئۇرۇك قويلاقىيغا بەردى. سەيفۇددىن ئۇرۇك قويلاقىينىڭ توقسان ئۈچ يىل بولدى. ئەللىك يىل خىزىر، ئىلياس بىرلە سۇھبىتى بولدى... ».

(خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي ئاتا ئاخىرەتكە سەپەر قىلىشتىن بۇرۇن ئۆز ئورنىنى قېرىندىشىم ئوغلى، دەپ مەۋلانا سەيفىددىن ئۇرۇك قويلاقىيغا بەردى. سەيفىددىن ئۇرۇك قويلاقىينىڭ ئۆمرى توقسان ئۈچ يىل بولدى. ئەللىك يىل خىزىر، ئىلياس بىلەن سۆھبەتتە بولدى).

يەسسەۋىي «نەسەبنامە»سىگە ئاساسەن، بۇ نەسەبكە لايىق ئەجداد ۋە ئەۋلادلار يەسسىدىن تا پەرغانە ۋادىسىغىچە بولغان زېمىندا ياشايدۇ. بۇ مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، تاشكەنتتىكى «قويلۇق ئاتا» قەبرىسىنىڭ سەيفىددىن ئۇرۇك قويلاقىينىڭ قەبرىسى بولۇشى ئېھتىمالدىن خالىي ئەمەس.

### ساھىبقىران ئەمىر تۆمۈرنىڭ بىرىنچى پىرى خوجا بايەزىد

1992 ـ يىلى چىمكەنت شەھىرىدە مۇئەررىخ (تارىخچى) مىرئەھمەد مىرخالدار ئوغلىنىڭ «شەجەرەئى سەئادەت» ناملىق كىتابى نەشر قىلىندى. ئەسەردە يېزىلغان خوجا بايەزىد مېنىڭ دىققىتىمنى تارتقانىدى. گەپ شۇنىڭدىكى، مېنى جەلپ قىلغان خوجا بايەزىد توغرىسىدا ئېنىق بىر دەلىل ئىزدەپ يۈرگەنىدىم. بۇ ھەقتە ھازىق كۈللىياتى ئاساسىدا پۈتۈلگەن «ئىسمائىل ئاتا ئىبراھىم ئاتا ئوغلى، ئىسھاق ئاتا ئىسمائىل ئاتا ئوغلى» دەپ يېزىلغان مەتىن تەرتىپى داۋامىدا شائىر ھۈسەيىن تايى، مەنسۇر ئاتا، خوجا باھاۋۇددىن ( ئىسمائىل ئاتىنىڭ نەۋرىسى)، خوجا بايەزىد ئورۇن ئالغاندۇر.

بۈيۈك ساھىبقىران، مەشھۇر سەركەردە ئەمىر تۆمۈرنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتى توغرىسىدا كۆپتىن كۆپ قولىيازما مەنبەلەر، نەچچە ئونلىغان كىتابلار بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. بۇلاردىن باشقا، زامان ئۆلىمالىرى ۋە فۇزۇلالىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ ساھىبقىران ئەمىر تۆمۈر توغرىسىدا مۇھىم دەلىللەر يېزىپ قالدۇرۇلغان. شۇلاردىن بىرى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ھىجرىيە 901 ـ يىلى (مىلادىيە 1495 ـ، 1496 ـ يىللىرى) يازغان «نەسائىمۇل ـ مۇھەببەت مىن شەمايىمۇل ـ فۇتۇۋۋەت» (ئۇلۇغلۇق خۇش بۇيلىرىنى تاراتقۇچى سۆيگۈ شاماللىرى) ناملىق ئەسىرىدۇر. نەۋائىي بۇ ئەسىرىدە تۇرك ماشايىخلىرىنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتىدىكى بۈيۈك ئۇلۇغۋارلىقلىرىغا ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەندۇر. ئەسەرنىڭ تۇرك ماشايىخلىرى قىسمىدا ئابدۇراھمان جامىينىڭ « نەفەھاتۇل ـ ئۇنس» ناملىق ئەسىرىدىن پەرقلىق ھالدا ئابدۇللاھ مۇبارەك، ئەبۇ مەنسۇر ماتۇرۇدىي، خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي، خوجا بايەزىد ۋە باشقا يۈزدىن ئارتۇق تۇرك ماشايىخلىرى ئورۇن ئالغان. ئەسەرنىڭ بىرنەچچە جايىدا ساھىبقىران ئەمىر تۆمۈر شەخسىيىتىگە دائىر مەلۇماتلارمۇ بايان قىلىنغان. ئەسەردىكى ئەۋلىيالار تەپسىلاتلىرىنىڭ 617 ـ رەقەم تەرتىپى ئاساسىدا نەۋائىي مۇنداق يازىدۇ:

«خاجە بايەزىد ئەلەيھىررەھمە ئاتانىڭ يەقىن ئەۋلادلىرىدىندۇر، تېمۇربەگ ئانىڭ سۇھبەتىغە كېلىپتۇر ۋە كېلۇردە كۆڭلىدە كېچۇرۇپدۇركى، بۇ ئەرنىڭ مەئنا ئالەمىدىن خەبەرى بولسە، بىزگە

ئىسسىغ ھەلۋا تارتقاي. ئول مۇرىتلارىغە ھەلۋا خۇد بۇيۇرغان ئەركەندۇر. بەگ بىلە سەلاملاشىپ، كۆرۈشگەندىن سوڭرا دەپدۇركى: «ئەۋۋەلۇھا سەلام، ئەۋسەتۇھا تەئام، ئاخىرۇھا كەلام.» فىلھال ھەلۋانى تارتدۇرۇپتۇر. بەگكە بۇ ھال زاھىر بولغاچ، مۇرىت بولۇپ، لەنگەر ياساپ، كۆپ ئەۋقاف قىلىپتۇر»...

(رەھمەت تاپقۇر خوجا بايەزىد بولسا ئاتىنىڭ يېقىن ئەۋلادلىرىدىندۇر، تۆمۈربەگ ئۇنىڭ سۆھبىتىگە كېلىپتۇ ۋە كېتىپ بېرىپ كۆڭلىدىن: «بۇ زاتنىڭ مەنە ئالىمىدىن خەۋىرى بولسا بىزگە ئىسسىق ھالۋا تارتىدۇ» دېگەن پىكىر كېچىپتۇ. ئۇ (خوجا بايەزىد) مۇرىتلىرىغا ھالۋا تەييارلاپ تۇرۇشنى بۇيرۇغانىكەن. بەگ بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن دەپتۇكى: «ئاۋۋال سالام، ئوتتۇرىدا تائام، ئاخىرىدا كالام». ئارقىدىنلا ھالۋىنى تارتتۇرۇپتۇ. بەگكە بۇ ئەھۋال ئاشكارا بولغاندىن كېيىن، مۇرت بولۇپ، ھەقسىز كارۋان سارايلارنى قۇرۇپ، نۇرغۇنلىغان ۋەخپىلەرنى ئاجرىتىپتۇ.)

بۇ لەۋھەدە ئەمىر تۆمۈر خوجا بايەزىد سۆھبىتىگە ئەتەيلەپ كەلگەنلىكى بايان قىلىنغان. ساھىبقىراننىڭ خوجا بايەزىد ھۇزۇرىغا كېلىشىنىڭ ئۆزى ئەۋلىيانىڭ ئۆز زامانىسىدا مەشھۇر بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەمىر تۆمۈرنىڭ كۆڭلىدىن كەچكەن پىكىرنى ياكى شەرتلىك سىناقنى خوجا بايەزىدنىڭ غايىبى ئالەم ئارقىلىق بىلىشى ئۇ زاتنىڭ باتىنىي ئىلىملەردىن، مەنە ئالىمىدىن خەۋەردار يۈكسەك دەرىجىدە كامالەتكە ئېرىشكەن ئەۋلىيا ئىكەنلىكىگە دالالەت ئىدى. دېمەك، ساھىبقىران ئەمىر تۆمۈرنىڭمۇ مەنە ئالىمىنىڭ سىر ـ ئەسرارلىرىغا ئىشەنگەن ۋە خوجا بايەزىدنىڭ كارامەت دۇنياسىغا ئىنتىلگۈچى كىشى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن خوجا بايەزىد زىيارىتىگە يول ئېلىپ، ئىزگۈ نىيەت بىلەن ئۇ زاتىي شەرىف سۆھبىتىگە كېلىدۇ. ئەمىر تۆمۈر خوجا بايەزىد ھۇزۇرىغا بارغىنىدا، خۇددى ئويلىغىنىدەك، خوجا بايەزىد ئەمىر تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا ئىسسىق ھالۋا تارتقۇزىدۇ. ئەلۋەتتە ھىرات (ياكى سەمەرقەند)تىن پەرغانە ۋادىسىغا كەلگەن ساھىبقىراننىڭ ئۆزى، ئەمىرلىرى، قوروقچىلىرى نەزەرگە ئېلىنسا، كەم دېگەندە 200 ياكى 300 كىشى دېسەك، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ھالۋا تارتتۇرۇشنىڭ ئۆزى ئەينى ۋاقىتتا زاھىرىي كارامەت ئىدى.

بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ساھىبقىران ئەمىر تۆمۈر تەسەۋۋۇپ سۇلۇكىگە كىرىشنى نىيەت قىلغان ۋە بۇ مەنە ئالىمىنىڭ سىر ـ ئەسرار تەلىماتى يولىدا خوجا بايەزىدنى ئۆزىنىڭ پىرى مۇرشىدى دەپ بىلگەن ھەم تەن ئالغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، خوجا بايەزىدكە كۆپ «ئەۋقاف»، يەنى مەبلەغلەر ئاجرىتىپ، ۋەخپە ـ مۈلۈكلەر تەيىن قىلغان، ئەينى چاغدا بۇ مەبلەغلەر تالىبى ئىلىملەرنى ئوقۇتۇش، مەدرىسە، مەكتەپلەر قۇرۇش، ئۇلار ئۈچۈن مەدەنىي ـ مەنىۋى شارائىتلارنى يارىتىش، دائىمىي ۋەخپىلەر ئۈچۈن يەر، مال ـ مۈلۈكلەر ئاجرىتىش، تەمىن ئېتىش كەبى ھاياتىي، مەئرىپىي، مەنىۋى يۈكسىلىشنى تەمىنلەشتە خوجا بايەزىد ئۈچۈن كاتتا ئىمكانىيەتلەر يارىتىپ بەرگەنىدى.

يەنە خوجا بايەزىدكە كەلسەك، ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائىي ئۇ زاتنى «ئاتانىڭ يېقىن ئەۋلادىدىندۇر» دەپ يازىدۇ. بۇ يەردە دېيىلگەن «ئاتا كىم ئىدى؟» دېگەن سوئال ئۆز-ئۆزىدىن تۇغۇلىدۇ. ئەلىشىر نەۋائىي بۇ توغرىدا ئۆزى: «نەسائىمۇل ـ مۇھەببەت»نىڭ 614 ـ ئەۋلىيا تەرتىپىدە تۆۋەندىكىچە بايان قىلىدۇ:

«ئىسمائىل ئاتا ئەلەيھىررەھمە زاھىرەن خاجە ئەھمەد يەسسەۋىي قۇددىسە سىررۇھۇنىڭ ئىبراھىم ئاتا ئاتلىغ ئىنىسىنىڭ ئوغلىدۇر ۋە خاجەنىڭ مۇرىتى ۋە نەزەر قىلغانىدۇرۇر ۋە ئالارغە مۇرىدۇ ئەسھاب كۆپ بولۇپتۇر ۋە كەرامات ۋە مەقامات خەۋارىقى ئاداتى بىنىھايات ۋە ياشى يۈزگە يەقىن، ئەۋلادى ئۇن

يەتتى يا ئون سەككىز ۋە ئالەمدىن ئۆتەردە ئەۋلادى ئاراسىدىن ئىسھاق ئاتانى ئۆز قايىم مەقامى قىلىپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇر».

(رەھمەت تاپقۇر ئىسمائىل ئاتا خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي ـ ئاللا ئۇنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي ـــ نىڭ ئىبراھىم ئاتا ئاتلىق ئىنىسىنىڭ ئوغلىدۇر ۋە خوجىنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ ئارىسىدا نەزىرى چۈشكىنىدۇر. ئۇنىڭغا(ئىسمائىل ئاتىغا) مۇرىت ھەم سۆھبەتداشلار كۆپ بولدى. ئاجايىب ـ غارايىب كارامەتلىرى بار ئىدى. يېشى يۈزگە يېقىنلاشقان، ئەۋلادى ئون يەتتە ياكى ئون سەككىز ئىدى، ئالەمدىن ئۆتەردە ئەۋلادلىرى ئارىسىدىن ئىسھاق ئاتىنى ئۆزىگە ئىزباسار قىلىپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ).

دېمەك، خوجا بايەزىد تۈركىستان خەلقىنىڭ قىبلەئى دۇئاسى، سۇلتانۇل ـ ئارىفىن خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ جىيەنى، ئىسمائىل ئاتىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ چىقىدۇ. ئىسمائىل ئاتىنى بولسا خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ ئۆزى مەنە ئالىمىنىڭ سىر ـ ئەسرارلىرىدىن ۋاقىپلاندۇرۇپ تەربىيەلىگەن. خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ ئەۋلىيالىق نەزەرلىرى ئۇ زاتقا ھەم ئۆتكەن بولۇپ چىقىدۇ. دېمەك، ئەھمەد يەسسەۋىيدىن تەربىيە تاپقان، ساھىب كارامەت ئەۋلىيا ئىسمائىل ئاتىنىڭ ئەۋلادى بولمىش خوجا بايەزىدنى ئەمىر تۆمۈر پىرى مۇرشىد تۇتقانىكەن.

ئەلىشىر نەۋائىي يېزىپ قالدۇرغان مەتىندىن، يەنى ئەمىر تۆمۈرنىڭ خوجا بايەزىدنى پىرى مۇرشىد تۇتقانلىرى، ئۇ زاتنىڭ كارامەتلىرىدىن بەھرە ئالغانلىرى ھەققىدىكى خەۋەرلەردىن بىر مۇھىم مەسىلىنىڭ ماھىيىتى ئايان بولىدۇ. ساھىبقىران ئەمىر تۆمۈر ئەلىشىر نەۋائىي تەبىرى بىلەن ئېيتقاندا، « تۈركىستان ئەھلىنىڭ قىبلەئى دۇئاسى» خوجا ئەھمەد يەسسەۋىيگە بۈيۈك ئىخلاس بىلەن قاراشلىرى بىكاردىن بىكار ئەمەس ئىدى. گەپ شۇنىڭدىكى، خوجا بايەزىد «نەسائىمۇل ـ مۇھەببەت»دە تىلغا ئېلىنغان «ئاتانىڭ ئەۋلادى»، «ئاتا» دېيىلگەن بۇ زات ئىسمائىل ئاتا بولۇپ، ئۇ كىشى خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ جىيەنى ھەمدە سۇلۇكدە مۇرىتى بولمىش ئىبراھىم ئاتىنىڭ ئوغلىدۇر. خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينى ئۆزىنىڭ مەنىۋى پىرى مۇرشىدى دەپ بىلگەن ساھىبقىران ئەمىر تۆمۈر خوجا ئەھمەد يەسسەۋىيگە ئاتاپ ھەشەمەتلىك، كاتتا مەقبەرە بەرپا قىلىدۇ. قەبرە تېشىنى ھىندىستاندىن كەلتۈرگەن بولۇپ، سەۋەبى ئۇ كەم تېپىلىدىغان يېشىل مەرمەر ئىدى. بۇ بۈيۈك ئابىدە بۈگۈنكى كۈندىمۇ پۈتكۈل ئىسلام ئالىمىنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ زىيارەتگاھى بولۇپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. يەنە بىر مۇھىم مەسىلە شۇكى، ساھىبقىران ئەمىر تۆمۈر تەسەۋۋۇپ ئەھلىگە شۇنچىلىك ئىخلاسمەن بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇ بۈيۈك دۆلەت ئەربابى ۋە ھىممەت ساھىبى سوپىتىدە ھامىي بولغانىدى.

نەۋائىينىڭ «نەسائىمۇل ـ مۇھەببەت» ئەسىرىدىكى تۈرك ماشايىخلىرى قىسمىنىڭ 648 ـ ئەۋلىيا تەرتىپىدە تۆۋەندىكى مەتىننى ئۇچرىتىمىز:

«بابا سۇڭۇ قۇددىسە سىررۇھۇ زەمان مەجزۇبلىرىدىن ئەرمىش، ئەندىخۇد قەسەبەسىدە بولۇر ئەرمىش. ساھىبى باتىن كىشى ئەرمىش، رەمىتەلەرىن بىلگەنلەر، نەتىجە تاپارلار ئەرمىش. تېمۇربەگ خۇراسان مۈلكى ئەزىمەتىگە يۈرگەندە ئەندۇخۇدگە يەتگەندە مەشھۇردۇركى، بابا خىدمەتىغە بارغاندۇر. ئولتۇرغاندىن سوڭرا بابا ئىلايىدە بىر سۇفرەدە ياخنە ئەت ئېركەندۇر. قوينىڭ ياخنە تۆشىنى ئالىپ، تېمۇربەگ سارى ئاتىپدۇر. تېمۇربەگ غايەتى ئەقلۇ زەكاسىدىن دەپدۇركى: خۇراسان يەر يۈزىنىڭ كۆكسى دەپدۇرلار، ئانى بابا بىزگە ھەۋالە قىلدى، دەپ بۇ بەشارەت بىلە يۈرۈپ، خۇراسان مۈلكىنى ئالىپدۇر...».

(بابا سۇچۇ ــ ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي ــ زامان ئەھلىنى ئۆزىگە قاراتقانلاردىن ئىدى. ئەندىخۇد دەيدىغان چوڭ بىر قىشلاقتا ياشايتتى. يوشۇرۇن سىرلاردىن خەۋەردار كىشى ئىدى. يوشۇرۇن ئىلىملەرنى ئۆگەنگەن ۋە ئۇنىڭدىن نەتىجە تاپقانىدى. تۆمۈربەگ خوراسان مەملىكىتىگە يۈرۈش قىلىپ ئەندىخۇد قىشلىقىغا يەتكەندە، بابا خىزمىتىگە بارغانىدى، ئولتۇرغاندىن كېيىن، بابا ئالدىدىكى سۇپىرىدا تۇرغان قوينىڭ تۆشىنى ئېلىپ تۆمۈربەگ تەرىپىگە ئېتىپتۇ. تۆمۈربەگ غايەت ئەقىللىقلىقىدىن: «خوراساننى يەر يۈزىنىڭ كۆكسى دېيىشىدۇ، بابا ئۇنى بىزگە ھاۋالە قىلدى» دەپ، بۇنى خوش بېشارەت بىلىپ ئاتلىنىپ، خوراساننى ئۆز تەسەررۇپىغا ئاپتۇ).

بۇ كىچىك لەۋھەدىكى باياندا، بۈيۈك سەركەردە ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئىچكى، مەنە ئالىمىنىڭ غايەت باي، باتىنىي تۈزۈلۈشىنىڭ چەكسىز ئىنكەنلىكى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. ساھىبقىران ئەمىر تۆمۈردە تۈركىستان ماشايىخلىرىغا بولغان ھۆرمەت ۋە ئىخلاسى يۇقىرى بولغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۆز زامانىسى ۋە دەۋرىنىڭ بۈيۈك نامايەندىسى، ساھىبقىران ئەمىر تۆمۈرنىڭ بۈيۈك ئىمپېرىيەنى باشقۇرۇشى، ئادالەت ۋە ئاسايىشلىق ئورنىتىشى، ئاۋاتچىلىق ۋە پاراۋانلىقتىكى قايغۇسى، تەرەققىيات ۋە ئادالەتنى تىكلەش ۋە باشقا بىر قاتار مەسىلىلەردە پىرلار تەربىيەسى ۋە روھىي مەدەتلىرىنىڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز.

تەبىئىيكى، بۇ سىرلىق، نازۇك مەسىلىلەر جاھاننى لەرزىگە كەلتۈرگەن بۈيۈك سەركەردە ساھىبقىران ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئىچكى روھىيەت ئالىمىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىنكەنلىكىنى چۈشىنىشتە بىز ئۈچۈن غايەت زور مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

خوجا بايەزىدنىڭ قەبرىسى پەرغانە ۋىلايىتى بۇۋەيدە ناھىيەسىنىڭ مازار قىشلىقىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. كەلگۈسىدە بۇ مۇبارەك جاي پەرغانە ۋادىسى خەلقىنىڭ ئالىي زىيارەتگاھىغا ئايلىنىشى شۈبھىسىزدۇر.

### خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي سىلسىلەسىنىڭ بىر تارمىقى

سىلسىلە دەپ، بىر پىر ـ مۇرشىدقا تۇتاش تىزىلغان ياكى زەنجىرسىمان تەرتىپتە باغلانغانلارغا قارىتىلىدۇ.

ئەھمەد يەسسەۋىي سىلسىلەسى ئاساسلىقى مەركىزىي ئاسىياغا باغلىق بولغانلىرى بىلەنلا چەكلەندى.

1. مەنسۇر ئاتا ــ خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ ئاۋۋالقى خەلىپىسى (ئىزباسارى) ئىدى.

2. ھەزرىتى خوجا ئابدۇلمەلىك ــ ئۇ جانابىي مەخدۇم رەھمەت تاپقۇر ھەزرىتى مەنسۇر ئاتانىڭ پەرزەنتى.

3. ھەزرىتى تاج خوجا ــ بۇ زات ھەزرىتى خوجا ئابدۇلمەلىكنىڭ پەرزەنتى ۋە زەنگى بابانىڭ ئاتىسى ئىدى.

4. ھەزرەت سەييىد ئاتا ــ بۇ جاناب شەرەپلىك ۋە سىرلىرى مۇقەددەس بولغۇر خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ ئىككىنچى خەلىپىسى ئىدى.

5. سوپى مۇھەممەد دانىشمەن ــ بۇ زات بۇزرۇكۋار خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ ئۈچىنچى خەلىپىسى

ئىدى.

6. ھەكىم ئاتا — خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ خەلپىلىرىدىن ئىدى. ئۇ تۈركىي تىلدا مۇنداق دېگەنىكەن:

ھەر كىم كۆرسەڭ خىزىر بىل، بارچە ياخشى بىز يامان،
ھەر تۈن كۆرسەڭ قەدىر بىل. بارچە بۇغداي بىز سامان.

7. زەنگى ئاتا — بۇ زاتنى يەنە زەنگى بابا دەپمۇ ئاتايدۇ. ھەكىم ئاتىنىڭ ئۇلۇغ ۋە پېشقەدەم خەلىپىسى ئىدى. زەنگى ئاتا رەھمەت تاپقۇر ئارسلان بابانىڭ نەۋرىلىرىدىن ئىدى ۋە تاج خوجىنىڭ پەرزەنتى ئىدى. ئاتىسى ۋاپاتىدىن كېيىن ئىشارىتى غەيبىي بىلەن بىر نەچچە مۇددەت ھەكىم ئاتىنىڭ مۇلازىمەتلىرىدە بولدى.

8. ئۇزۇن ھەسەن ئاتا — ئۇ جاناب زەنگى ئاتىنىڭ تۆت خەلپىسىنىڭ ئاۋۋالقىسى ئىدى. قەبرىسى تۈركىستان شەھەرلىرىدىن سايرام ئاتلىق شەھەردە.

9. سەييىد ئەھمەد ئاتا — ئۇ جاناب زەنگى ئاتىنىڭ ئىككىنچى خەلپىسى ئىدى. جانابى رەسۇل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدۇر.

10. ئىسمائىل ئاتا ئىسمىلىك ئۈچ بۇزرۇك ئۆتكەن بولۇپ، ئىسمائىل ئاتا شۇلاردىن ئۈچىنچىسى ئىدى. سەييىد ئەھمەد ئاتىنىڭ ئەسھابلىرىدىن ئىدى. ئىسمائىل ئاتا تاشكەنت بىلەن سايرام ئاتلىق ۋىلايەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ھۇرزىيا ئاتلىق ناھىيەدە ئىستىقامەت قىلاتتى.

11. ھەزرىتى ئىسھاق خوجا — ئىسمائىل ئاتىنىڭ پەرزەنتى ئىدى. قالماق جامائەتلىرىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغان ئەسنادا قالماقلار ئۇ جانابنى شېھىت قىلغان. مۇرىتلىرى جەسەت سۆڭىكىنى تاشكەنتكە ئېلىپ كېلىپ، پەدەرى بۇزرۇكۋارى قەبرىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە دەپنە قىلغان.

12. ھەزرىتى سەدر ئاتا — زەنگى ئاتىنىڭ ئۈچىنچى خەلپىسى ئىدى. سەدر ئاتىنىڭ مۇبارەك قەبرىسى بۇخارانىڭ غىجدۇۋان دېگەن يېرىدە.

13. ھەزرىتى بەدىر ئاتا — زەنگى ئاتىنىڭ تۆتىنچى خەلپىسى ئىدى. قەبرىسى قەراچىدە. قەراچىدىكى خوجىلار ئۇ ھەزرەتنىڭ ئەۋلادلىرىدىندۇر.

14. ھەزرىتى ئەل - مەين بابا — ئەلەۋىي سەييىدلىرىدىن، ھەزرىتى نەبەۋىينىڭ چىراغچىلىرىدىن ئىدى. قەبرىسى ئۆزكەنتتە، دەرۋازىغا يېقىن ئىدى.

15. ھەزرىتى شەيخ ئەلى — ئۇ ھەزرەت ئەل - مەين بابىنىڭ خەلپىسى ئىدى. قەبرىسى قاراقول شەھىرىدە.

16. ھەزرىتى مەۋدۇد شەيخ — ئەلى شەيخ ۋاپاتىدىن كېيىن تالىبلارنى ھەق يولغا دەۋەت قىلدى.

17. ھەزرىتى كامال شەيخ — تاشكەنتتە ئىستىقامەت قىلاتتى. ئۇنىڭ قەبرىسى بەسىر شەھىرىنىڭ تاشقىرىسىدا، پايقاباق ئاتلىق دەرۋازىغا يېقىن بىر جايدا ئىدى.

18. ھەزرىتى سەييىد ئەھمەد ۋەلىي — ئۇنىڭ قەبرىسى سەمەرقەند شەھىرىنىڭ تاشقىرىسىدا، ھەزرىتى كامال شەيخنىڭ قەبرىسى بىلەن بىر يەردە ئىدى.

19. ھەزرىتى ئاخۇندىي موللا شەمسىددىن ئۆزگەندىي — ئۇ ھەزرەت سەييىد ئەھمەد ۋەلىينىڭ خەلىپىسىدۇر.

20. ھەزرىتى خادىم شەيخ — ئۇ جاناب ماۋەرائۇننەھر ۋە تاشكەنت ۋىلايەتلىرى خەلقلىرىنىڭ پىرى مۇرشىدى ئىدى. قەبرىسى سەمەرقەنتنىڭ پىلمازار دېگەن قەبرىستانلىقىدا.

21. ھەزرىتى شەيخ جامالىددىن بۇخارىي — ئۇ ھەزرەت خادىم شەيخنىڭ مۇرىتىدۇر. قەبرىسى سەئىدۇددىن كاشغەرىي قەبرىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە.

22. ھەزرىتى خۇدايداد ۋەلىي — ئۇ جاناب ھەزرىتى شەيخ جامالىددىننىڭ ئەسھابلىرىدىن ئىدى.

23. ھەزرىتى ئاخۇندىي موللا ۋەلىي ئەزىزان — ھەزرىتى خۇدايداد ۋەلىينىڭ خەلىپىسى ئىدى.

تۆۋەندە بۇ سىلسىلىگە ئاساسلىنىپ تاھىر ئىشان يازغان قوليازمىدىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان سەييىد ئەھمەد ئاتا نەسەبنامىسىنىڭ تولۇق مەتنىنى كەلتۈرىمىز.

سۇلتانۇل ـ ئارىفىن خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي سىلسىلىسىدە جانابىي رەسۇلللا ئەۋلادى سەييىد ئەھمەد ئاتا.

«ھەزرەتى سەييىد ئاتا رەھمەتۇللاھى تەئالانىڭ بايانىدۇر، ئۇل مەئلەمۇل ـ ئۇلەما ۋە ئەفزەلۇل ـ فۇزەلا رەسۇل ئەلەيھىسسەلامنىڭ ئەۋلادلارىنىڭ ئەئلاسى ۋە سەئادەت جامائەسىنىڭ مۇكەررەمى، ساھىبۇل ـ ئەفتا شەجەرىنىڭ مىۋەسى ھەزرەتى سەييىد ئاتا ئەلەيھىر ـ رەھمەدۇر ۋە سەييىد ئاتا رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى ھەزرەتى زەنگى بابا ئەلەيھىر ـ رەھمەنىڭ ئىككىلەمچى خەلىفەسى ئەردى. چۇنانچە ئۇشبۇ بەيت ئۇل مەئنادىن خەبەر بېرۇر:

بىگۇيەم شۇنەۋ زى زەنگى ئاتا،
بىنىشەستە بەجايەش سەييىد ئاتا.

ۋە ئۇل جەنابى بەرەكاتى مەئابنىڭ نامى مۇبارەكى سەييىد ئەھمەد بىننى ئەبۇبەكر رىزا بىننى سەييىد ھۇسەيىن قاھىر بىننى سەييىد مۇسا ئەتتەقىي بىننى سەييىد ئەبدۇللاھ بىننى سەييىد مۇھەممەد بىننى سەييىد جەئفەر بىننى سەييىد ئەبدۇللاھ بىننى سەييىد مۇھەممەد كەبىر بىننى سەييىد ئىبراھىم رىزا بىننى ئىمام مۇسا كازىم بىننى ئىمام مۇھەممەد جەئفەرى سادىق بىننى ئىمام مۇھەممەد باقىر بىننى ئىمام زەينۇل ـ ئابىدىن بىننى شەھىدۇش ـ شۇھەدا ھەزرەتى ئىمام ھۇسەيىن بىننى ئەسەدۇللاھ ئەل ـ غالىب بىننى ئەبۇ تالىب ئەردى...».

(ئاللا رەھمەت قىلغۇر ھەزرىتى سەييىد ئاتانىڭ بايانىدۇر، ئەڭ پەزىلەتلىك ئۆلىمالاردىن بولغان بۇ زات رەسۇل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەلاسىدۇر ۋە سائادەتمەن كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. تەمكىنلىك دەرىخنىڭ مېۋىسى رەھمەت تاپقۇر ھەزرىتى سەييىد ئاتادۇر ۋە ئاللا رەھمەت قىلغۇر سەييىد ئاتا زەنگى بابانىڭ ئىككىنچى خەلىپىسى ئىدى. مانا بۇ بېيىت شۇ مەنىدىن خەۋەر بېرىدۇ:

يەنە بىر مەرتە ئېيتىمەن قۇلاق سال زەنگى ئاتا،
ئۇنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغان سەييىد ئەھمەد ئاتا.)

ۋە ئۇ جانابنىڭ مۇبارەك نەسەبلىرى سەييىد ئەھمەد ئەبۇبەكر رىزا ئوغلى، ئەبۇبەكر رىزا سەييىد ھۇسەيىن قاھىر ئوغلى، سەييىد ھۇسەيىن قاھىر سەييىد مۇسا ئەتتەقىي ئوغلى، سەييىد مۇسا ئەتتەقىي سەييىد ئەبدۇللاھ ئوغلى، سەييىد ئەبدۇللاھ سەييىد مۇھەممەد ئوغلى، سەييىد مۇھەممەد سەييىد جەئفەرى ئوغلى، سەييىد جەئفەرى سەييىد ئەبدۇللاھ ئوغلى، سەييىد ئەبدۇللاھ سەييىد مۇھەممەد كەبىر ئوغلى، سەييىد مۇھەممەد كەبىر سەييىد ئىبراھىم رىزا ئوغلى، سەييىد ئىبراھىم رىزا ئىمام مۇسا كازىم ئوغلى، ئىمام مۇسا كازىم ئىمام مۇھەممەد جەئفەرى سادىق ئوغلى، ئىمان مۇھەممەد جەئفەرى سادىق ئىمام مۇھەممەد باقىر ئوغلى، ئىمام مۇھەممەد باقىر ئىمام زەينۇل ـ ئابىدىن ئوغلى، ئىمام زەينۇل ـ ئابىدىن ئىمام ھۇسەيىن ئوغلى، ئىمام ھۇسەيىن تەڭرىنىڭ غالىب ئارسلانى (ھەزرىتى ئەلى)ئوغلى، تەڭرىنىڭ غالىب ئارسلانى (ھەزرىتى ئەلى) ئەبۇ تالىبنىڭ ئوغلى ئىدى...)

تارىخچى سەييىد ئەھمەد ئاتىنىڭ ئەجدادلىرىنى يېزىپ قالدۇرۇش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. بەلكى ئۇ زاتى شەرىپىنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ مۇبارەك ناملىرىنىمۇ يېزىپ قالدۇرغان. تاھىر ئىشان يازغان قولىيازمىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئەھمىيىتى ئۇنىڭ بۈيۈك تۈركىستان تەۋەسىدە جانابىي رەسۇلۇللانىڭ تۈركىيلەشكەن ئەۋلادلىرى بارلىقىغا دەلىل ۋە ھۆججەت ئىكەنلىكىدە. بۇنىڭغا ھەركىم ئىشەنچ بىلەن قارايدۇ. تاھىر ئىشاننىڭ «سەييىد ئاتانىڭ ۋەفاتى ھىجرەتنىڭ يەتتى يۈز سەككىزىنچى يىلىگە ۋاقىئ بولدى» دەپ يازغىنىغا ئاساسەن، سەييىد ئەھمەد ئاتىنىڭ ۋاپاتى مىلادىيە 1308 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

سەييىد ئەھمەد ئاتىنىڭ ھازىرقى قەبرىسى زەنگى ئاتا ناھىيەسىگە جايلاشقان. قەبرە بېشىدا ناھايىتى كۆپ قۇشلار سەير قىلىپ يۈرۈشىدۇ.

## ئىسمى مۇبارەك

ئاللانىڭ توقسان توققۇز ئىسمى مۇبارىكى قۇرئان كەرىمدە ۋە ھەدىس شەرىفتە قەيت قىلىنغان. بۇ توغرىدا ئەبۇ مەنسۇر ماتۇرىدىي ئەس ـ سەمەرقەندىي ئالاھىدە شەرھى بىلەن «تەۋھىد» ئەسىرىدە يازغان. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش جانابىي رەسۇلۇللانىڭمۇ زاتى مۇبارىكى شەرىپىگە توقسان توققۇز ئىسمى بارلىقى ئۆزگىچە خاس مەنە بىلەن قەيت قىلىنغان. بۇلاردىن بىرىنچىسى، مۇھەممەد ـــ ماختالغۇچى مەنىسىگە ئىگە بولسا؛ ئىككىنچىسى، ئەھمەد ـــ ئاللاغا كۆپ ھەمدىلەر ئېيتقۇچى دېگەن مەنىگە ئىگە ئىدى. شۇ سەۋەبلىك، «ئەھمەد»ئېتىغا زامانىسىنىڭ مەشھۇر خەتتات ئالىمى ھاجىخان ئاتلىق كىشىنىڭ دائىرە شەكلى ئاساسدائىشلىگەن نەقشى «دىۋانى ھېكمەت» ئارقىلىق بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا «ھەزرەتى سۇلتان خاجە ئەھمەد يەسسەۋىي» دەپ يېزىلغان بولۇپ، ئەتراپىدا ئاۋۋال جانابىي رەسۇلۇللانىڭ، ئاندىن تەرتىپتە مەشھۇر بولغان ئەھمەد ئىسىملىك توققۇز ئەۋلىيانىڭ ئىسمى نەقىش بىلەن بېرىلگەن. ئۇنىڭ يېنىغا تۆۋەندىكى ئەرەبچە مەتىننىڭ پۈتۈلگەنلىكىنى كۆرىمىز. مەتىن تەرجىمىسى تۆۋەندىكىچە: «ئىسىملارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. ئاسمان ۋە يەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. شۇنداق ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەنكى، ئۇنىڭ ئىسمى تۇپەيلى يەر ۋە ئاسماندىكى بىرەر نەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇ ئىشتكۈچى ۋە بىلگۈچى زاتتۇر. ئەمەلى ھاجىخان»، دەپ ئويما خەتتە يېزىلغان. لەۋھە ھىجرىيە 1212 ـ يىلى (مىلادىيە 1797 ـ

يىلى) يېزىلغان.

ئىسىملار تەرتىپى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ئەھمەدى مۇرسەل سەلەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم
2 ـ شەيخ ئەھمەدى ھەنبەل
3 ـ شەيخ ئەھمەدى خەيرۇننەسساج
4 ـ شەيخ ئەھمەدى ئەرقەم
5 ـ شەيخ ئەھمەدى خۇزرەۋىيە
6 ـ شەيخ ئەھمەدى رەۋۋىيە
7 ـ شەيخ ئەھمەدى مۇختار
8 ـ شەيخ ئەھمەدى جامى
9 ـ شەيخ ئەھمەدى كەبىر
10 ـ شەيخ ئەھمەدى سەغارىيە

دېمەك ئەھمەد ئىسىملىك بۇ ئەۋلىيالارنىڭ ئىسمى مۇبارىكىدە جاھانغا شانۇ شۆھرەت تاراتقان ئۇلۇغۋار كىشىلەر يەسسەۋىي «ھېكمەتلىرى»گە «نەقىش» سۈپىتىدە كىرگۈزۈلگەن.

## خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ ئىجادىي مىراسى

سۇلتانۇل ـ ئارىفىن خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ «ھېكمەت» يازغىنى مۇنازىرىسىز ھەقىقەتتۇر. ئەمما، «دىۋانى ھېكمەت» يازغان ياكى يازمىغىنى شەرھىگە موھتاجدۇر. چۈنكى، «ھېكمەت»نىڭ مەنىسى دانىشمەنلىكتە تۇرۇش دېمەكتۇر. شۇ سەۋەبكە بىنائەن، «دىۋان»دىكى ئاجىز ھېكمەتلەرگە كەڭ كۆلەملىك، بىر نەچچە تەتقىقاتلاردا ئىزاھلار تەلەپ قىلىنىدۇ.

خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي پائالىيىتىگە كەلسەك، تەسەۋۋۇپ نىزامنامىسى بولغان «فەقىرنامە» خوجا ئەھمەد يەسسەۋىيگە نىسبەت بېرىلىدۇ ـ يۇ، ئەمما ئېنىق دەلىل بىلەن ھېچكىم ئىسپات قىلالمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز دەۋرىدىكى قولىيازمىغا ئېھتىياج تۇغۇلىدۇ ۋە ئاشۇ ئاساستا ئېنىق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىن.

ھازىرچە تۆۋەندىكى ئەسەرلەر(قولىيازما) خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ دەپ قارىلىدۇ، ئۇلار:

«قۇدرەتنامە»، «رىسالەئى دەر ئادابى تەرىقەت» (تەرىقەت ئەدەپلىرى ھەققىدە رىسالە)، «كەلىماتى خاجە ئەھمەد يەسسەۋىي» (خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ سۆزلىرى)، «قىيامەتنامە»، «مۇناجاتى قۇل خاجە ئەھمەد يەسسەۋىي» قاتارلىقلاردۇر.

ئېھتىمال تېخى بىزگە نامەلۇم ئەسەرلىرىمۇ باردۇر. بۇ ئىشلار يەنە كېيىنكى ئىزدىنىشلەردە ئىسپاتلىنىشى مۇمكىن.

## ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ ساھىبقىران ئەمىر تۆمۈرگە روھىي مەددىتى

ساھىبقىران ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئەھمەد يەسسەۋىيگە بولغان ئېتىقادى ناھايىتى يۇكسەك ئىدى. ساھىبقىران ئەمىر تۆمۈرنىڭ يەسسىي شەھرىگە ئۆز زامانىدا كىشىنى لال قالدۇرىدىغان ھەشەمەتلىك مەقبەرە قۇردۇرۇشى بۇنىڭ مىسالىدۇر.

ئەمىر تۆمۈر رۇم سۇلتانى يىلدىرىم بايەزىدكە قارشى ھەربىي يۈرۈشكە ئاتلانغاندا، ئازدۇر ـ كۆپتۇر

ئەندىشىلەردە بولغانىكەن. رۇم تەرەپكە يۈرۈش قىلىشقا يۈزلەنگەندە، ھەزرىتى خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي ئەمىرنىڭ چۈشىگە ئايان بوپتۇ. شۇ ئەسنادا، خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي: «ھەر چاغدا مۈشكۈللۈككە دۇچ كەلسىڭىز، بۇ رۇبائىينى يەتمىش مەرتە ئوقۇڭ» دەپ بېشارەت قىلغانىكەن. روبائىي:

يەلدا كېچەنى شەمئى شەبىستان ئەتكەن،
بىر لەھزەدە ئالەمنى گۈلىستان ئەتكەن.
بەس، مۈشكىل ئىشىم تۇشۇپدۇر ئاسان ئەتكىل،
ئەي، بارچەنىڭ مۈشكىلىنى ئاسان ئەتكەن .

ئەمىر تۆمۈر بۇ رۇبائىينى يادلاپ رۇم سۇلتانى بايەزىد ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانىكەن. خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ كېيىنكى ئەسىرلەردە تۆمۈرىي شاھزادىلىرىگە، ھەتتاكى ھۇمايۇن مىرزىغىمۇ روھىي مەدەتى بولغانلىقى توغرىسىدا مەنبەلەردە يېزىلغان.

تارىخچى، ئەللامە فەخرىددىن ئەلى سەفىينىڭ «رەشەھات» (تامچىلار) كىتابىدا يېزىلىشىچە، خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي خوجا ئەھرار ۋەلىي روھىيىتىگىمۇ تەسىر قىلغانىكەن. ئۇنىڭ تەسىرى بولسا ساھىبقىران ئەمىر تۆمۈرنىڭ شاھزادىلىرىگە مەدەت بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى.

## سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ ھەزرىتى ئىشان(خوجا ئەھرار)نىڭ ئىلتىپاتلىرى بىلەن مىرزا ئەبدۇللاھ ئۈستىدىن غالىب كەلگەنلىك قىسسىسى

«ئەجىللەئى ئەسھابدىن نەقىل ئەتتىلەركىم، بىزلەر مەبادىيى ھالدا فەركەتتە ھەزرەتى ئىشاننىڭ مۇلازىمەتلەرىدە ئەردۇك. بىر كۈنى دەۋاتۇ قەلەم تەلەپ ئەتدىلەر، بىر كاغەزگە ئادەملەرنىڭ ئاتلارىنى يازدىلار ۋە بۇ ئەسنادا يازدىلاركىم ‹سۇلتان ئەبۇ سەئىد›، ۋە ئول ئاتنى دەستارى مۇبارەكلەرىدە قويدىلار ۋە ئول زەماندا ھەنۇز سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزانىڭ نام - نىشانى ھېچ جايدا يوق ئەردى. مەھرەملەردىن بەئزەلەر گۇستاخلىق قىلىپ سوردىلاركىم: ‹ نېگە ئات يازىلدى، ئەمما ئاتنى تەئزىم ئېتىپ مۇبارەك دەستارىڭىزدا كۆتۈردىڭىز، ئول كىمنىڭ ئاتى تۇرۇر؟›. ئايتدىلار: ‹بىر كىشىنىڭ ئاتى تۇرۇركىم، بىزلەر ۋە سىزلەر ۋە ئەھلى تاشكەند ۋە سەمەرقەند ۋە خۇراسان ھەممە ئانىڭ رەئىيەتى بولۇرمىز!›

بىرنەچچە كۈندىن سوڭ، سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزانىڭ ئاۋازەسى تۈركىستان جانىبىدىن پەيدا بولدى ۋە ئول بىر تۈش كۆرۈپ ئەردىلەركىم، ھەزرەتى ئىشان خاجە ئەھمەد يەسسەۋىي قۇددىسە سىررۇھۇنىڭ ئىشارەتلەرى بىلە ئانىڭ ئۈچۈن فاتىھە ئوقۇدىلەر ۋە ئول ئۇيقۇدە خاجە ئەھمەددىن ئالارنىڭ ئاتلارىنى سوراپ ياد ئالىپ ۋە سۈرەتلەرىنى خاتىرەدە ساقلاپ ئەردى. ۋاقتىكى، بىدار بولدى. ئۆز ئادەملەرىدىن سوراپدۇركىم: ‹ھېچ ئەزىزنى بۇ نامۇ نىشان بىلە بىلۇرسىزلەرمۇ، تانۇرمۇسىزلەر؟› بەئزىلەركىم ئەندەك بىلۇر ئەردىلەر، ئايتدىلار: ‹ئارى، بۇ ياڭلىغ ئەزىزنىكىم، ئايتۇرسىز، تاشكەند ۋىلايەتىدە بولۇر!› بىر نەچچە كۈندىن كېيىن مىرزا دەرھال ئاتلانىپ، تاشكەندگە يۈز قويدى. ۋاقتىكىم، ھەزرەتى ئىشان ئىشىتتىلەركىم، ئول كېلۇر. فەركەت تەرەفىگە كەتدىلەر ۋە ئول تاشكەندغە كېلىپ ھەزرەتى ئىشاننى تاپمادى. تەفەھھۇس ئەتگەندىن سوڭ ئايتدىلەر: ‹ ھەزرەتى ئىشان فەركەتگە كەتدىلەر›. ئول يەردىن فەركەتگە ئەزىمەت ئەتدى. ۋاقتىكىم، يەقىن يەتتى. ھەزرەتى ئىشان ئاڭا ئىستىقبال ئەتدىلەر. ئانىڭ

نەزەرى ھەزرەتى ئىشانغا تۇشقان ھامان مۇزتەرىب بولدى ۋە ئېيتتى: «بىسمىللاھكىم، ئالار تۇرۇرلار ئول ئەزىزكىم، مەن ۋاقىئەدە كۆرۈپمەن!»

بەس، ئالارنىڭ ئاياقىغە تۈشۈپ، كۆپ نىيازمەندلىك ئەتتى ۋە ھەزرەتى ئىشان ئانىڭ بىلە گەرم سۆھبەت ئەتتىلەر ۋە ئانىڭ خاتىرىنى ئۆز تەرەفلەرىگە مۇنجەزىب ئەتتىلەر ۋە مىرزا ئول سۆھبەتنىڭ ئاخىرىدا فاتىھە ئىلتىماس ئەتتى. ئېيتتىلار: «فاتىھە بىر بولۇر». ئاندىن سوڭ، كۆپ لەشكەر ئانىڭ ئەترافىغە جەمئ بولدى ۋە ئاڭا سەمەرقەندنىڭ ئالماقىنىڭ دائىيەسى بولدى ۋە ھەزرەتى ئىشان يانلارىغە كېلىپ ئېيتتى: «خاھلارمەنكىم، سەمەرقەندغە بارسام ۋە مۇلازىملەرىنىڭ ئىلتىفاتى خاتىرلەرىن ئۈمىد ئېتەرمەن!»

ھەزرەتى ئىشان ئېيتتىلاركىم: «قايسى نىيەت بىلە بارۇرسىز، ئەگەر شەرىئەتنىڭ تەقۋىيەسى ۋە رەئىيەتلەرنىڭ شەفقەتىنىڭ نىيەتى بىلە بولسە بارغانىڭىز مۇبارەكتۇرۇر ۋە فەتھۇ نۇسرەت سىزنىڭ تەرەفىڭىزدە تۇرۇر»، ۋە ئول قەبۇل ئەتتىلەركىم: «شەرىئەتنىڭ تەقۋىيەسىدە جانىم بىلە قوشۇش كىرگۈزۈرمەن ۋە رەئىيەتنىڭ شەفقەتىدە سەئيى بەلىغ ئېتۇرمەن». ھەزرەتى ئىشان ئېيتتىلەركىم: «ئەمدى شەرىئەتنىڭ پەناھىدا بارىڭكىم، مۇراد ھاسىل تۇرۇر».

بەئزى ئەسھاب نەقىل ئەتتىلەركىم، ھەزرەتى ئىشان مىرزا سۇلتان ئەبۇ سەئىدگە ئېيدىلاركىم: «ۋاقتىكىم، دۈشمەنگە مۇقابىل بولساڭىز، تا ئەقەبىڭىزدىن زاغلار چوقى كەلمەسە سىز دۈشمەنگە ھەملە ئەتمەڭ».

ۋاقتىكىم، ئالارنىڭ لەشكەرى مىرزا ئەبدۇللاھنىڭ لەشكەرىنىڭ بەرابەرىدە تۇردىلار. مىرزا ئەبدۇللاھنىڭ لەشكەرى ئات قويدىلار ۋە ھەملە ئېتىپ، مىرزا ئەبۇ سەئىدنىڭ لەشكەرىنىڭ ئوڭ تەرەفىنى كۆتەردىلەر. خاھلاردىلاركىم، يانە بىر تەرەفىگە ھەملە كەلتۇرسەلەركىم، ناگاھ زاغلارنىڭ چوقى مىرزا ئەبۇ سەئىدنىڭ ئەقەبىدىن پەيدا بولدى. ئالار ئول نىشانەنى كۆرۈپ، كۆڭۈللەرىدىن قۇۋۋەت تاپىپ، ھەممە بىر مەرتەبە مىرزا ئەبدۇللاھنىڭ لەشكەرىغە ھەملە ئۇردىلار ۋە ئەۋۋەلغى ھەملەدە مىرزا ئەبدۇللاھنىڭ لەشكەرى مەغلۇب بولدى ۋە مىرزا ئەبدۇللاھنىڭ ئاتى لايغا پاتدى.

دەرھال ئانى تۇتدىلار ۋە باشىنى تەنىدىن جۇدا ئەتدىلەر. ھەسەن باھادۇركىم مەمەن ئېلىنىنىڭ ئەئيانىدىن ئەردى، تۈركىستاندە بىر ئۇلۇغ قەبىلە تۇرۇر. نەقل ئەتدىكىم: «ئول لەشكەركىم، مىرزا سۇلتان ئەبۇ سەئىد تاشكەنددىن سەمەرقەند تەرەفىگە ئالىپ باردى، مەن ھەمراھ ئەردىم، بۇلۇنغۇر سۇيىنىڭ لەبىدە مىرزا ئەبدۇللاغە مۇقابىل بولدىلار ۋە سەف تارتدىلار. مەن سۇلتان ئەبۇ سەئىدنىڭ ياقىنىدا ئەردىم، بىزلەرنىڭ مەجمۇئى لەشكەرىمىز يەتتى مىڭگە قەرىب ئەردى ۋە مىرزا ئەبدۇللاھنىڭ لەشكەرىگە كىرىپ قوشۇلدى. مىرزا سۇلتان ئەبۇ سەئىد بەغايەت مۇزتەرىب بولدى ۋە خەۋف ئاڭا غالىب بولدى، بۇ مەھەلدە مىرزا بەر سەبىلى تەئەججۇب ئېيتدى: «ھەي، ھەسەن، نە كۆرەرسەن؟». ئېيتدىم: «ئەي سۇلتانىم، ھەزرەتى خاجەنى كۆرەرمەنكىم، بىزلەرنىڭ ئالدىمىزدا يۈرۈرلەر». مىرزا ئېيتدى: «ۋەللاھكىم، مەن ھەم ئالارنىڭ شەبھىنى كۆرەرمەن!». مەن ئېيتدىم: «ئەي مىرزا، ئەمدى كۆڭلىڭىزنى قەۋي تۇتۇڭ، دۈشمەنگە زەفەر تاپدۇق!».

بۇ ئەسنادا مېنىڭ تىلىمغە كەلدىكىم: «ياغى قاچدى»، ۋە لەشكەرنى ھەممەلەرى بۇ ئىبارەتنى ئېيتىپ، بىردىن ھەملە ئەتدۇك ۋە يارىم سائەتدە مىرزا ئەبدۇللاھنىڭ لەشكەرى شىكەست تاپدى ۋە ئول قولگە تۈشدى ۋە ئۆلتۈرۈلدى ۋە شول كۈن سەمەرقەندنىڭ فەتھى مۇيەسسەر بولدى.

ھەزرەتى ئىشان ئېيتۇر ئەردىلەر: «ئول زەماندا مىرزا ئەبدۇللاھكىم، گىرىفتار بولدى. مەن تاشكەندىدە

مۇتەۋەججىھ ئەردىم، كۆردىمكى، جەررى فەلەكدىن بىر ئاق قوي يەرگە تۈشدى، ئانى تۇتدىلەر ۋە ئۆلتۈردىلەر. بىلدىمكى، ئۇل مىرزا ئەبدۇللاھ تۇرۇركىم، شول لەھزەدە ئىشنى كىفايەت ئەتدىلەر، ئاندىن سوڭ، مىرزا سۇلتان ئەبۇ سەئىد ئىلتىماس ئېتىپ، ھەزرەتى ئىشاننى تاشكەندىن كۆچۈرۈپ سەمەرقەندگە كەلتۈردى...

(شۇ زامان شاھىتلىرىدىن بەزىلەر نەقىل قىلىدۇكى، بىز مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن فەركەت قىشلىقىدا ھەزرىتى ئىشان (خوجا ئەھرار)نىڭ مۇلازىمەتلىرىدە ئىدۇق. بىر كۈنى (ھەزرىتى ئىشان) دۇۋەت ـ سىياھ تەلەپ قىلدى، بىر قەغەزگە ئادەملەرنىڭ ئىسىملىرىنى يازدى ۋە شۇ قاتاردا «سۇلتان ئەبۇ سەئىد» دەپ يازدى ۋە ئۇ ئىسىمنى سەللىسى ئۈستىگە ئېلىپ كۆتۈردى. تا مۇشۇ كەمگىچە سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ نام ـ نىشانى ھېچ جايدا يوق ئىدى. مەھرەملەردىن بەزىلەر قىزىقىپ (ھەزرىتى ئىشاندىن) سورىدى: « نېمە ئىسىم يازدىڭىز؟ بۇ ئىسىمنى ئۇلۇغلاپ، مۇبارەك دەستارىڭىزدە كۆتۈردىڭىز، ئۇ كىمنىڭ ئىسمى ئىدى؟» (ھەزرىتى ئىشان) ئېيتتىكى: « بۇ بىر كىشىنىڭ ئىسمىكى، بىزلەر ۋە سىزلەر، تاشكەند، سەمەرقەند ۋە خۇراسان خەلقلىرى ئۇ كىشىنىڭ پۇقراسى بولۇرمىز!»

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ داڭقى تۈركىستان تەرەپتە پەيدا بولدى. (سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا) بىر چۈش كۆرگەنىدى. چۈشىدە خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ ئىشارەتلىرى بىلەن (ھەزرىتى ئىشان) ئۇنىڭ ئۈچۈن فاتىھە ئوقۇدى (ئەبۇ سەئىد) چۈشىدە خوجا ئەھمەدتىن ئۇنىڭ (ھەزرىتى ئىشاننىڭ) ئىسمىنى سوراپ بىلىۋالدى ۋە سۈرەتلىرىنى (تەقى ـ تۇرقىنى) ئىسىدە مەھكەم ساقلىۋالدى. ئويغانغاندىن كېيىن ئۆز ئادەملىرىدىن سورىدى: « قايسى ئەزىزنى بۇ نام ـ نىشان بىلەن تونۇيسىلەر؟ بەزىلەر تونۇيتتى، شۇڭا ئېيتتى: «ئارى، ئېيتقىنىڭىز شۇنداق ئەزىزكى، ئۆزى ھازىر تاشكەند ۋىلايىتىدە».

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا ئاتلىنىپ تاشكەندكە كەلدى. ھەزرىتى ئىشان سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ تاشكەندكە كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، فەركەت قىشلىقىغا كەتتى. سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا تاشكەندكە كېلىپ، ھەزرىتى ئىشاننى تاپالمىدى، كىشىلەردىن سورىسا كىشىلەر: «ھەزرىتى ئىشان فەركەتكە كەتتى» دېيىشتى. سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا ئۇ يەردىن فەركەتكە يول ئالدى. فەركەتكە يېقىن قالغاندا، ھەزرىتى ئىشان ئىستىقبالغا چىقتى. سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ نەزىرى ھەزرىتى ئىشانغا چۈشكەن ھامان قاتتىق ھاياجانلىنىپ ئېيتتى: « ئاللا بىلەن قەسەمكى، مەن ئالدىمدا تۇرغان بۇ ئەزىزنى چۈشۈمدە كۆرگەنمەن».

سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا ھەزرىتى ئىشاننىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ ھۆرمەت بەجا كەلتۈردى. ھەزرىتى ئىشان سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا بىلەن سۆھبەتلەشتى ۋە سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ ئەس ـ يادىنى ئۆز تەرىپىگە مايىل قىلدى. سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا سۆھبەتنىڭ ئاخىرىدا ھەزرىتى ئىشاندىن فاتىھە تەلەپ قىلدى. ھەزرىتى ئىشان ئېيتتىكى: «فاتىھە بىر بولۇر». شۇنىڭ بىلەن كۆپ لەشكەرلەر (ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ) ئەتراپىغا توپلاندى. شۇندا سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىدا سەمەرقەندنى ئالماقنىڭ ئىستىكى تۇغۇلدى ۋە ھەزرىتى ئىشاننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېيتتى: « ئارزۇيۇم شۇكى، سەمەرقەندكە بارسام، شۇ يەردە خىزمەتلىرىدە بولۇشنى ئۈمىد قىلاتتىم». ھەزرىتى ئىشان ئېيتتىكى: « قانداق نىيەت بىلەن بارسىز؟ ئەگەر شەرىئەتنىڭ راۋاجى ۋە پۇقرالارغا شەپقەت قىلىش نىيىتى بىلەن بارسىڭىز، بۇ سەپىرىڭىزگە مۇبارەك بولۇر ۋە غەلىبە ـ نۇسرەت سىز تەرەپتە تۇرۇر». سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا قوبۇل قىلىپ ئېيتتىكى: « شەرىئەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا جېنىم پىدادۇر ۋە پۇقرالارغا شەپقەت كۆرسىتىشتە

شجائەت كۆرسىتىمەن». ھەزرىتى ئىشان ئېيتتىكى: « ئەمدى شەرئەتنىڭ پاناھىدا بېرىڭ، مۇرادىڭىز ھاسىل بولغاي».

يەنە بەزى شاھىتلار نەقىل قىلىدۇكى، ھەزرىتى ئىشان سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىغا مۇنداق دېگەنىكەن: «ئەگەر دۈشمەنگە مۇقابىل بولسىڭىز، تاكى بىر توپ قاغىلارنى كۆرمىگۈچە سىز دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلماڭ».

ۋاقتىكى، سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا بىلەن ئەبدۇللاھ مىرزىنىڭ لەشكەرلىرى بىر ـ بىرىگە قارشى سەپ تۈزۈشتى. ئەبدۇللاھ مىرزىنىڭ لەشكەرلىرى ئاۋۋال ھۇجۇم قىلىپ، سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئوڭ قانىتىنى ئارقىغا چېكىندۈردى. ئەبدۇللاھ مىرزىنىڭ لەشكەرلىرى سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ سول قانىتىغا ھۇجۇم قىلغاندا، بىر توپ قاغىلار پەيدا بولدى. سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا بۇ نىشانىنى كۆرۈپ كۆڭۈللىرى قۇۋۋەت تاپتى. ھەممە بىر نىيەتتە ئەبدۇللاھ مىرزىنىڭ لەشكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدى، تۈنجى ھۇجۇمدىلا ئەبدۇللاھ مىرزىنىڭ لەشكەرلىرى مەغلۇپ بولدى ۋە ئەبدۇللاھ مىرزىنىڭ ئېتى لايغا پېتىپ قالدى. سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ لەشكەرلىرى ئەبدۇللاھ مىرزىنى دەرھال تۇتتى ۋە كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. شۇ جەڭدە مەمەن خەلقىنىڭ چوڭلىرىدىن بولغان ھەسەن باھادۇرمۇ سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ تەرىپىدە تۇرۇپ جەڭ قىلغانىدى. مەمەن قەبىلىسى تۈركىستاندا چوڭ بىر قەبىلە ئىدى. ھەسەن باھادۇر نەقىل قىلىدۇكى: سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا لەشكەرلىرىنى تاشكەنتتىن سەمەرقەندكە ئېلىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭغا ھەمراھ ئىدىم. بولۇنغۇر دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا ئەبدۇللا مىرزىنىڭ لەشكەرلىرىگە قارشى سەپ تۈزدۇق. مەن سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ يېنىدا ئىدىم. بىزنىڭ ھەممە لەشكەرلىرىمىز يەتتە مىڭچە ئىدى. ئەبدۇللاھ مىرزىنىڭ لەشكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدۇق. سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا تولىمۇ پەرىشان بولدى ۋە مەغلۇبىيەت ئۇنىڭغا يۈزلەنگىلى تۇردى. شۇ ئەسنادا، سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا تەئەججۇبلىنىپ ئېيتتى: «ئەي ھەسەن، نېمىنى كۆردۈڭ؟»، مەن ئېيتتىم: «ئەي سۇلتانىم، ھەزرىتى خوجىنى كۆردۈم، بىزنىڭ ئالدىمىزدا كېتىپ بارىدۇ». مىرزا ئېيتتى: «ئاللا بىلەن قەسەمكى، مەنمۇ ھەزرىتى ئىشانغا ئوخشاش بىر كىشىنى كۆردۈم». مەن دېدىم: « ئەي مىرزا، ئەمدى كۆڭلىڭىزنى خاتىرجەم تۇتۇڭ، بىز دۈشمەن ئۈستىدىن زەپەر قازاندۇق». شۇ ئەسنادا، مېنىڭ تىلىمغا: «ياغى قاچتى» دېگەن سۆز كەلدى ۋە ھەممە لەشكەرلەر بۇ سۆزنى تەكرارلاپ دۈشمەنگە بىراقلا ھۇجۇم قىلدۇق. يېرىم سائەت ئىچىدىلا ئەبدۇللاھ مىرزىنىڭ لەشكەرلىرى مەغلۇپ بولۇپ، ئەبدۇللاھ مىرزا قولغا چۈشتى ۋە ئۆلتۈرۈلدى. شۇ كۈنى سەمەرقەندنى ئىشغال قىلىش بىزگە مۇيەسسەر بولدى...

ھەزرىتى ئىشان شۇنداق دەيدۇ: «مىرزا ئەبدۇللاھ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان كۈنى، مەن تاشكەنتتىن قارىغانىدىم، ئاسماندىن بىر ئاق قوي يەرگە چۈشتى. كىشىلەر ئۇ قوينى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشتى. بىلدىمكى، ئۇ ئاق قوي مىرزا ئەبدۇللاھ ئىكەن. شۇ تەرىقىدە ئىشنى تامام قىلدى».

شۇنىڭدىن كېيىن، سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا ئىلتىماس قىلىپ ھەزرىتى ئىشاننى تاشكەنتتىن كۆچۈرۈپ سەمەرقەندكە ئېلىپ كەلدى.)

شۇنداق قىلىپ، سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا خوجا ئەھرار ۋەلىي ھەزرەتلىرىنىڭ ئىلتىپاتلىرى ۋە روھىي مەدەتلىرى تەۋەسسۇلگە كىرىدۇ. كېيىنچە، بارچە تەۋەلەردىكى تۆمۈرىي شاھزادىلىرى ۋە ئەمىرلەر خوجا ئەھرار ۋەلىي تەۋەسسۇلگە، يەنى يېتەكچىلىك قىلىش ئىختىيارىغا ئۆتىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي «نەسائىمۇل ـ مۇھەببەت»نىڭ 484 ـ ئەۋلىيا تەرتىپىنىڭ شەيخ ئەبۇل ـ مەكارىم

سىمنانىي باياندا زىكرى قىلىنغان بىر سۆھبەتنى ئېتىبارىڭىزغا تەقدىم ئېتىمىز:

«بىر كۈنى دەرۋىش ئالاردىن سوئال قىلدىكىم، چۈن بۇ بەندەغە تۇفراقتە ئىدراك يوقتۇر ۋە روھ ئاندىن مۇفارىق بولۇپتۇر ۋە ئەرۋاھ ئالەمىدە ھىجاب يوقتۇر؟ نە ئېھتىياجدۇر قەبىر باشىغە بارماق؟ چۈن ھەر مەقامدەكى بىر بۇزرۇگنىڭ روھىغە تەۋەججۇھ ۋاقىئ بولۇر. ھەم ئۇلدۇركى، كىمشى قەبىرە باشىغا بارىپدۇر؟» شەيخ دېدىلەركىم: «كۆپ فايدەسى بار، بىرى بۇكىم، بىراۋكى بىر ئەزىزنىڭ قەبرى زىيارەتىغە بارۇر، ھەر نېچە ئۇل يان قەدەم قويار، تەۋەججۇھ كۆپرەك بولۇر. چۈن تۇپراغى باشىغە يېتەر، ھېسسىي داغى ئۇل تۇفراغنى مۇشاھەدە قىلۇر ۋە تەۋەججۇھدە ھىسسى داغى مەشغۇل بولۇر ۋە كۈللىي مۇتەۋەججىھ بولۇر. فايدا كۆپرەك بولۇر. يانە بىرى بۇكى، ھەر نېچەكى، روھغە ھىجاب يوقتۇر ۋە بارچە ئالەم ئاڭا بىردۇر. ئەمما، بەندىنىكى، تەمام تىرىكلىك ئەييامىدە ئانىڭ بىلە سۆھبەت تۇتمىش بولغاي ۋە ئانىڭ بەدەنى مەھشۇرنى بولغايكى، ھەشردىن سوڭرا ئەبەدۇل ـ ئەبەد بولغۇسىدۇر، ئانىڭ بىلە بولغاي، ئۇل مەۋزىئغە نەزەر ۋە تەئەللۇقى كۆپرەك بولغۇسىدۇر، ئۆزگە يەردىن».

(بىركۈنى بىر دەرۋىش شەيخ ئەبۇلمەكارىم سىمنانىيدىن مۇنداق بىر سوئال سورىدى: «نېمە ئۈچۈن بەندىلەرگە تۇپراقتا ئىدراك يوق ۋە تەندىن ئايرىلغان روھلاردا ھىجاب① بولمايدۇ؟ ئىنسان نېمە ئېھتىياج تۇپەيلىدىن قەبرە بېشىغا بارىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن كىشىلەر ئۇلۇغلارنىڭ قەبرە بېشىغا بېرىپ ئۇلارنىڭ روھلىرىغا ھۆرمەت كۆرسىتىدۇ؟». شەيخ ئەبۇلمەكارىم سىمنانىي جاۋاب بېرىپ دېدىكى: «بۇنىڭ كۆپ پايدىسى بار. بىرى، بىراۋنىڭ، بىر ئەزىزنىڭ قەبرىسىنى يوقلاش ئۈچۈن ئۇ تەرەپكە قەدەم قويۇشى شۇ ئەزىزگە بولغان ھۆرمىتى يۈزىسىدىندۇر. تۇپراق بېشىغا بارغاندا، ئۇ تۇپراقنى كۆرۈپ ھۆرمەت ھېسسىياتى قوزغىلىدۇ ۋە ئۆزىمۇ ئۆلۈمنى ئەسلەيدۇ؛ يەنە بىرى، ھەرقانداق روھتا ھىجاب يوقتۇر ۋە بارچە ئالەم ئۇ روھلارغا ئوخشاشتۇر. ئەگەر بەندىلەر تىرىكلىك ۋاقىتلىرىدا كىم بىلەن سۆھبەتتە بولغان بولسا، مەھشەر كۈنى شۇ كىشىلەرنىڭ روھى بىر جايغا توپلىنىپ ئەبەدلئەبەد بىرگە بولىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر باشقا يەرگە قارىغاندا قەبرە بېشىغا كۆپرەك نەزەرنى ئاغدۇرۇشىدۇ).

## ئاخىرقى سۆز ئورنىدا

**مەھمۇد ھەسەنىي** (ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قوليازمىلار فوندىنىڭ مۇدىرى، تارىخ پەنلىرى نامزاتى)

خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي توغرىسىدا يېزىلغان مۆتىۋەر قولىيازما مەنبەلەر بىلەن تونۇشقان ۋاقتىمىزدا، خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ ئۆز زامانىسىنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرلىرى تەرىپلىگەن يۈكسەك سۈپەتلىرىدىن ئۇنىڭ ئۇلۇغ مەرتىۋىگە ئىگە تەڭدىشى يوق زات، «ئارىفلارنىڭ سۇلتانى» ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ئارىف بولسا نەبىي(پەيغەمبەر)دىن كېيىنكىلا مەرتىۋە ئىدى. خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي نەسەبنامىسىگە ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ يارىلىشىدىنلا ئۇلۇغ زات ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي تەلىماتى، ھېكمەتلىرى، ئىش ئىزلىرى ۋە يازغان ئەسەرلىرى ئۆز دەۋرىدىلا مەركىزىي ئاسىياغا تارالغان. جۈملىدىن، ئوتتۇرا شەرق، كاۋكاز، تۈركىيە، ئىران، ھىندىستان، ۋە جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىغىچە يېتىپ بارغانىدى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇ زاتى شەرىپنىڭ ھېكمەتلىرى، ئىش ئىزلىرى، شەجەرە ۋە سىلسىلەلىرى توغرىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەر دۇنيادىكى كۆپلىگەن مەملىكەتلەرنىڭ كۇتۇپخانىلىرىدا قولىيازما ھالىتىدە ساقلانماقتا.

خوجا ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ مىراسى تۈركىي يازما ئەدەبىياتنىڭ سالماقلىق قىسمىنى تەشكىل ئېتىدىغان مەنبەدۇر. ئۇنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات، پەلسەپە، تارىخ، تەسەۋۋۇپ تەلىماتى كەبى پەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۆتمۈشتە، مەركىزىي ئاسىيا ھۇدۇدىدا پەننىڭ تۈرلۈك ساھەلىرى بويىچە قەلەم تەۋرەتكەن ئالىملار ۋە شائىرلار بىھېسابتۇر. ئۇلارنىڭ ئىجادىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئالىملار ئالدىدا تۇرغان ۋەزىپىلەردىن بىرى. بولۇپمۇ، مەركىزىي ئاسىيا تەۋەسىدە تەسەۋۋۇپ ئىلمى زور تەرەققىياتلارغا ئىگە بولغان ۋە شۇنىڭغا ئەگىشىپ تۈرلۈك تەرىقەتلەر پەيدا بولغان. تەسەۋۋۇپقا ئائىت كۆپلەپ ئەسەرلەر يېزىلغان. شۇنداق تەرىقەتلەردىن بىرى يەسسەۋىي تەرىقىتى بولۇپ، ئۇنىڭ بەرپاچىسى خوجا ئەھمەد يەسسەۋىيدۇر.

خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي تەرىقىتى ھەققىدە ئالىملار تەرىپىدىن نۇرغۇنلىغان ماقالىلەر ۋە رىسالىلەر يېزىلغان بولسىمۇ، بىراق بۇ ساھەنى مۇكەممەل تەتقىق قىلىنغان دېيىشكە بولمايدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئەھمەد يەسسەۋىينىڭ ئەۋلادلىرىمۇ تەسەۋۋۇپ ساھەسىدە كۆرۈنەرلىك ئىش ئېلىپ بارغان. ئۇلارنىڭ ئىجادى ۋە پائالىيەتلىرىنى ئۆگىنىشمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئاتاقلىق مەنبەشۇناس ئالىم ھەمىدخان ئىسلامىي ئەنە شۇ ساھەنى تولدۇرۇش مەقسىتىدە خەيرلىك ئىشقا تۇتۇش قىلغان بولۇپ، ھەر تەرەپلەردىن پايدىلىق بولغان مەزكۇر رىسالىنى يازغان. خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي ھەققىدە قولىيازما مەنبەلەردە ھەر خىل مەلۇماتلار مەۋجۇت بولۇپ، بۇ مەلۇماتلارنىڭ كۆپچىلىكى ئىلمىي مۇئامىلىگە كىرگۈزۈلمىگەن. ھامىدخان ئىسلامىي ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قارىمىقىدىكى قولىيازما مەنبەلىرىنى ئۆگىنىپ چىقىپ، ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ پايدىلىنىشىنى ئاسانلاشتۇرۇش مەقسىتىدە، مەزكۇر مەلۇماتلارنى ئەسلىي ھالىتىگە كەلتۈرگەن ۋە بۇ مەلۇماتلارنى ئۆزىنىڭ يېڭىچە پىكىرلىرى بىلەن بېيىتقان. مەزكۇر رىسالە ۋە ئۇنىڭدىكى مەلۇماتلار يەسسەۋىي تەرىقىتىنىڭ ئاساسلىرىنى ئۆگىنىشتە ۋە تىكلەشتە كاتتا قىممەتكە ئىگە.

ئىزاھاتلار:

① سىلسىلە ــ بىر پىر-مۇرشىدقا تۇتاش تىزىلغان ياكى زەنجىرسىمان تەرتىپتە باغلانغان نەسەبنامە.

② بۇ ئەسەرنىڭ قولىيازمىسى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئەبۇ رەيھان بىرۇنىي نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قارىمىقىدىكى «ھەمىد سۇلايمان مەجمۇئەسى»دە No1/3004 نومۇر بىلەن ساقلانماقتا.

③ پىروفېسسور، دوكتۇر كامال ئارسلان: «نەسەبنامە تەرجىمىسى». ئىستانبۇل، 1996 ـ يىلى نەشرى، 30 ـ، 31 ـ بەتلەر.

④ ھىجاب ــ يېپىنچا، پەردە، توسۇق.

(ئۇيغۇر چىلاشتۇرغۇچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى)

# تۇرپان توي-مۇراسىم قوشاقلىرى



نەشرگە تەييارلىغۇچى: بوغدا ئابدۇللا

فادىشاھدۇر ئۆزلەرى شىرىن زەباندۇر سۆزلەرى،
ھەر گۇناھ قىلسام كەچۇرگەن فادىشاھدۇر ئۆزلەرى.
فادىشاھ بىرلە گاداي ھالىمغە كۆيسە نە ئەجەب،
بولسام ئەگەر ياڭلىك گاداي فادىشاھغە مۇبتىلا.
كەتسەڭ كېتىبەر يارىم، ئارقاڭدىن يېتىشۇرمەن،
يامان ئېرىڭدىن قورقساڭ، خالىدە تافىشۇرمەن.
تاغلارىڭنى فەسلەتىپ ئارغامچى بولدۇم دارىگە،
تالىئىمنىڭ يوغۇدىن، يالغانچى بولدۇم يارىگە.
ئىشىك ئالدى شالاسۇن، شاھلار كېلىپ ئويناسۇن،
كىمنىڭ مەيلى كىمگەدۇر، قۇيا بېرىڭ ئويناسۇن.
گۇل خېنىم گۇل بېرىدۇر باغقە كىرىپ يەڭ ئىچىدە،
گۇلنى مەن قايدا ئالاي، شۇنچە خەلايىق ئىچىدە.
گۇل تۇبىدە ئولتۇرۇپ گۇلنى تەماشالار قىلىپ،
قورقە ـ قورقە دىلبەرىم بىر غۇنچە ئۈزمەك ئارزۇ.
قارغالار ئۇچسا قارايدۇر مەرغىلاننىڭ يولىغا،
خۇدايىم سالىپ قويۇپدۇر بىۋەفانىڭ يولىغا.
مەن ساڭا پاناھ تارتىپ ئايبانىڭدا ياتايمۇ؟
ئالتە كۇنلۇك ئالەمدە سېنىڭ دەردىڭنى تارتايمۇ؟
قارا خوجەنىڭ سۇيى قاراڭغۇ باغلاردىن ئاقۇر،
ئۇسماسى چارىكى چوكان يۇرەككە ئوتلارنى ياقۇر.
بارغۇچە باغ بىرلە باردىم، يانغۇچە تاشلىق بىلەن،
ئوت تۇتاشتى كۆيدى جانىم سەن قەلەمقاشلىق بىلەن.
ئاسمانلار ئالاڭلاپدۇر، يۇلتۇزلار شالاڭلاپدۇر،
يارغە مەن نېمە قىلغان؟ يار مەندىن يامانلاپدۇر.
بۇگۇن كۇنگە چەھارشەنبە، تارت ئاراباڭنى قوش ئەمدى،
بىز ئەمدى كېتىر بولدۇق، كۆرەشكەن يارىم خوش ئەمدى.
موندىن بارسام ياتىپسەن، گۇل ياستۇغۇڭ باشىڭدا،
ئۆلۇپ كەتسەم ئارمان يوق، بىردەم ياتساڭ قاشىمدا.

ئەنتىم بارۇ ئەنتىم بار، رومالىمدا قەنتىم بار،
يار ئايرىلىمەن دەيدۇ، ئايرىلماسقە شەرتىم بار.
باغغە كىردىم گۇل ئۈزەي دەپ، گۇل ياتۇر شاخى بىلەن،
يۇرىكىمگە داغنى قويدۇم گۇلنى يافراقى بىلەن.
ئالمىخان دەيمۇ سېنى، زەۋەرىخان دەيمۇ سېنى؟
قولدا باققان فاخلانىم دەپ، ئۆلتۇرۇپ يەيمۇ سېنى؟
ئالمىخاننىڭ يوللارى ئۈچ يۈز ئاتمىشنىڭ يولى،
ئالمىخانغە تولا مىڭىپ تېشىلدى فىخەينىڭ سوڭى.
كۆرمىگەنلەر ئايتادۇر: ئالمىخان قايداق نېمە؟
ئاغزى ئويماق، كۆزى قات ـ قات، بېلى چۇمگەچ بىر نېمە.
دەرت كەلسە بۇ باشىمغە، كىشى كەلمەيدۇر قاشىمغە،
كىشى كەلسىدى قاشىمغە، خەت بەرسەم ئاداشىمغە.
دەرەخنىڭ ئىچى زەخمە، قات ـ قاتمىكىن، فورمىكىن؟
بىزنىڭ باشنى ئايلاندۇرغان قاتىلمىكىن، قىزمىكىن؟
ئىكى تاغنىڭ ئاراسىدا قاما بىرلە قۇندۇز بار،
قاراڭغۇ دەپ كەلمەي تۇرمە، ئاي بولماسە يۇلتۇز بار.
دۇتارنى تولا چالىپ نازۇك بىلەكىم تالغان،
ئاتامدىن كىچىك قالىپ بىچارە ئانام باققان.
ئۇچاق تۇبى ئويمان، بۆكۈڭىزنى قىڭغىر قويماڭ،
مەن سىزنىڭ خىلىڭىز ئەمەس، خىلىڭىزنى تېپىپ ئويناڭ.
ئايغا مەن يولداش ئىدىم، چولفانغە ھەمرا يوق ئىكەن،
ئاخۇنۇمدىن سورىسام، ئاداشغە نىكاھ يوق ئىكەن.
يارىم كېتىمەن دەيدۇر، كەتكۈزگىلى قويمايمەن،
ئالدىغە مۇنار سالىپ، ئۆتكەرگىلى قويمايمەن.
گۇل تېرىدىم كۆرسىلەر، ئوسما تېرىدىم كۆرسىلەر،
بىر قويۇم ئوسما بېرەي، بوينۇم قۇچاقلاپ سۆيسىلەر.
تاغقە چىقتىم تاماشا، يامان ئاتغە مىنگەشىپ،
يامان ئاتغە يول كېرەك، ئاشنام ساڭا قول كېرەك.

سامابارىم بولسە ئىدى، چايلار قايناپ تۇرسە ئىدى،
بىر چىنا چاي ئىچكۈنچە يارىم ئويناپ تۇرسە ئىدى.
سۇ بويىدا ياي تېرەك، ياي تېرەككە سۇ كېرەك،
ئۇزۇن بويلۇق يىگىتكە ئوتترى بويلۇق قىز كېرەك.
دابانچىنىڭ يېرى قاتىغ، تابۇزى تاتلىق،
مېنىڭ ئاندا بىر يارىم بار ئەنبەرخان ئاتلىق.
ئەنبەرخاننىڭ كەيگەن تونى سارىق تۇرادۇر،
هاراق ئىچىپ مەست بولغاندا كۆزى خۇمادۇر.
ئەنبەرخاننىڭ ساچى ئۇزۇن يەرگە تىگەمدۇر؟
ئەنبەرخاندىن سوراپ باقىڭ، ئەرگە تىگەمدۇر؟
ئىشلەپ، ئىشلەپ فۇل تاپقايمىز تەڭگەسى بىرلەن،
ئەنبەرخاننى ئەف قاچقاي بىر يەنگەسى بىرلەن.
ئېتەكىڭنى لاي قىلغان تاختە كۆبرۈك تۇفاسى،
ئەنبەرخاننى هەيۋەت قىلغان كۆزگىلىكىنىڭ ئوسماسى.
يار يانىمدا ئولتۇرسە تاغدەك يۆلەك ئەمەسمۇ،
ئاغزىدا دېگەن بىرلەن كۆڭلى بۆلەك ئەمەسمۇ.
ئاتلارىڭنى هايدايدىكەن مۇز دابان بىرلەن،
بىر ياخشىنى قىنايدىكەن بىر يامان بىرلەن.
قاشىڭ بىرلە كۆزۈڭگە، ئاشنا بولدۇم ئۆزۈڭگە،
بىر نەچچە مەهەل بولدى، ئايتالمادىم ئۆزۈڭگە.
ئەرتىگەندە كۈن قىزىل بۇلۇتنى تارتتۇر،
ئادەم ئوغلى يامان بولسە نە قىيىن تارتتۇر.
من بېلىمنى باغلاپ ئالدىم قىل بىلەنۇ سىم بىلەن،
مەن كېتەرمەن، سەن قالۇرسەن ئۆيدە يالغۇز كىم بىلەن.
بۇ قېرى يامان قېرى ئۆينى قوشۇپ باغ تارتىدۇر،
قىزىنى سۆيەي دېسەم، ئوترى چىشى يەل تارتىدۇر.
يوقايىندىن شامال كەلسە تىگۇرمەننىڭ نۇرى دەڭلار،
يار ئۈچۈن ئۆلۈم كەلسە، ئۆزۈمنىڭ شورى دەڭلار.
كەلمەكنى خىيال ئەيلەپ تاغ ئىچىدە يول سالدۇق،
كەلمەسەك بولۇر ئىكەن، مۇسافىر بولۇپ قالدۇق.
گۇلمىدى، غۇنچەمىدى يار سېنىڭ باشىڭدىكى،
كېچىلەپ تونالمىدىم كىملەر ئىدى قاشىڭدىكى.
سېنى مەن كۆرگەن زەمان قىزىل گۇلدەك ئاچىلۇرمەن،
قىزىل گۇلدەك باشلارىڭغە ساچىلۇرمەن.
قەلەمقاش ياخشى دوستلارنىڭ فىراقى،
بىزگە بولدى زىيادە ئىشتىياقى.
سەهەردە ساراغان بۇلبۇل خۇداغە نالە قىلمامدۇر،
ئاتامىز يوق، ئانامىز يوق، خۇدايىم رەهم قىلمامدۇر.
سايراڭ بۇلبۇلۇم، سايراڭ، گۇللار شادلانسۇن،
يار ئايرىلمەن دەيدۇر، ئايرىلىپ كۆڭلى تىنسۇن.
بۇ دالان ئېگىز دالان، فەنجۇرەسى يىغاچ دالان،
بىزنىڭ يارغە خالتە قىلغان، ئالمە بىلەن تاتلىق چىلان.
ئېگىز يەرگە دالان سالدىم شوتا سالىڭلار،
بىزنىڭ يارلار قاراپ قالىپدۇر فوتە سالىڭلار.
ئېگىز ئۆستەڭ باشىدا يار بىرلە ياتتىم يالاڭاچ،
قارا يامغۇر ياغىپدۇر كەلگىل يارىم قوينۇڭنى ئاچ.
بۆكۈڭىز سەككىز تالا، تۆرتى قارا، تۆرتى ئالا،
سەككىز ئاي ئوتتۇڭدا كۆيدۈم، بىلمىگەن كۆڭلى قارا.
ئاق سارايدىكى كاتتا يارىم بىلەن مەن ياتقان،
ئايرىلىپ كېتەي دېسەم، دەردىنى تولا تارتقان.
ئاتاڭ بارمۇ بۇ جاڭگالدا، ئاناڭ بارمۇ بۇ جاڭگالدا؟
لاچىن سۇققان توشقاندەك تۇنەپ قالدىم بۇ جاڭگالدا.
لاچىن سۇققان توشقاننىڭ جاڭگالدا ئۇۋاسى بار،
بىزنىڭدەك مۇسافىرنىڭ بۇ يەردە نېمەسى بار.
ئانام بارمۇدۇر مېنىڭ، ئاتام بارمۇدۇر مېنىڭ،
شۇبۇ كۇندە ئۆلۈپ قالسام دەردىم بارمۇدۇر مېنىڭ.
ئاتام مېنى جىخۇ قىلىپ يامبۇ تافارمۇ؟
شۇبۇ كۇندە ئۆلۈپ قالسام، قۇمدىن تافارمۇ؟
باغدا فاختەك چۆللەرنىڭ بېغىرتاقىمەن،
خەلقغە تازا، ئۆزۈمگە ئاغرىق شۇبۇ چاغدىمەن.
ناخشا ئايتىمەن يارىم ئەقلىڭ بولسە ئۇقماسەن،
كۆيەك ئوتىغە سالىپ قويۇپ خۇدايىمدىن قورقماسەن.
ناخشا ئايتىمەن يارىم ناخشانىڭكى قەزاسى يوق،
بىز مۇنداق يۈرگەن بىرلەن، ئىچىمنىڭ تازاسى يوق.
كىشى ئۆز يارىنى دائىم ياخشى ياد قىلماسمۇ،
كېچەدە زار ـ زار يىغلاپ نالە ـ فەرياد قىلماسمۇ.
كىشى ئۆز يارىنى مۇنداغ جەفالارغە سالۇر بولسە،
بۈگۈن تاڭلار قيامدە خۇداغە زار قىلماسمۇ
دىلبەرىم دەرمەن سېنى، ئاشىقىم دېگىل مېنى،
تا قىيامەت بولغۇنچە سېنى دەرمەن، سەن مېنى.
سېنى مەن كۆرگەن زەمان دىۋانە بولدۇم، نە قىلاي؟
شۇبۇ خۇدانىڭ تەقدىرى بىچارەدۇرمەن، نە قىلاي؟
سېنى كۆرمىسەم بىر نەچچە هەفتە،
يۈرەك باغرىم بولۇر لەختە ـ لەختە.
ئەجەب بولدۇم، ئەجەب بولدۇم، ئەجەب بولغانغە يىغلارمەن،
مەن يارىمدىن ئايرىلىپ غەرىب بولغانغە يىغلارمەن.
ئالمەدەك رەڭلىك ئىدىم، رەنگىمنى سارغاتتى فىراق،
خالاساڭ يانىڭدا مەن، خالاماساڭ كەتتىم يىراق.
ئالما يەيسەن، غورا يەيسەن، فايدا قىلمايدۇر ساڭا،
بىۋافا كىشى يۈرسە رەهمە قىلمايدۇر ساڭا.
سەن كېتەر يولۇڭدا ئۇلۇغ ـ ئۇلۇغ يول بولسۇن،
مەندىن بۆلەك يار تۇتساڭ، تازا كۆزۈڭ كور بولسۇن.

تاغ تۇبىدە ئۆيۈم بار، قۇم چۆگۈندە چىيىم بار،
شۇنچە خەلق ئاراسىدا سەن يارىمغە مەيلىم بار.
كەت دېسەڭ كاشغەرغە كېتەرمەن، قالدى تۇرفانىڭ ساڭا،
دۆلىتىڭنى تولا كۆردۈم، رۇخسىتىڭ بولسۇن ماڭا.
تام بېشىدا ئولتۇرادۇر شاخى بويلۇق شا يىگىت،
ئاغزىدىن شەربەت ئاقادۇر، شەربەتى تاتلىق يىگىت.
قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى، تۇرفان يولىدا ساراپ،
كۆزلەر قاماپ كەتتى، يانىڭ يولىغە قاراپ.
چىنەنى بەرمەڭ نادانغە، ئويناپ ـ ئويناپ سىندۇرۇر،
بىۋەفا كىشىنىڭ يارى قاچان كۆڭۈلنى تىندۇرۇر.
ئىشىكىڭدىن مەن ئۆتەرمەن گۇل زاراڭزا تەرگەلى،
گۇل زاراڭزا باھانە بولدى، ئاي يۈزۈڭنى كۆرگەلى.
تۇرفانغە بارارىم يوق، ئارقامغە يانارىم يوق،
باشىمغە ئۆلۈم كەلسە، بۇ ئىشدىن يانارىم يوق.
بىزنىڭ ئۆي شامال باغدا، بارسىلار تاپالامدۇلا؟
ئىشىك باشىدا ئاچقۇ، غۇلۇپنى ئاچالامدۇلا؟
ئاق بوز ئاتىم، كۆك بوز ئاتىم، يالىڭنى ئۈزات،
بۇگۈن كېچە يار قاشىغە يەتكۈزگىل، بوز ئات.
بۇگۈن كېچە يار قاشىغە يەتكۈزسەڭ، بوز ئات،
باشلارىڭدىن يۈگەن ئالىپ، قۇيارمەن ئازات.
كۆرگىلى كەلدىڭمۇ يار، كۆيدۈرگىلى كەلدىڭمۇ يار؟
كۆيۈپ ئۆچكەن ئىشق ئوتىنى ياندۇرغىلى كەلدىڭمۇ يار؟
سېنىڭ كويۇڭدا مەن دەرياغە ئاقسام،
خۇدايىم بۇيرۇسا باغرىمنى ياقسام.
يار ئېتىزغا چىقمايدۇر، ئورمەسىنى ئورمايدۇر،
يار خىيالغە كىرگەندە، قولۇم ئىشغە بارمايدۇر.
شافتۇلاڭنى ئالمايمەن، ئېتەكىمنى لاي قىلىپ،
چىرايلىقغە كۆيمەيمەن، يۈرەكىمنى قان قىلىپ.
ئېگىز تۆپەگە چىقساڭ، ئۇچۇپ ئۆلەرسەن،
چىرايلىقغە بەرمە كۆڭۈل، كۆيۈپ ئۆلەرسەن.
ھا دېسەم يەتمەس ئۈنۈم، باستى تاغلارنى تۇمان،
يىغلاسام دۈشمەن تۇيادۇر، ئىچىمگە تۇشەدۇر فىغان.
تال ئۇچى تالغە يېتىشتى، گەردىشى ئاندىن يىراق،
مەيلىمىز سىزلەرگە تۈشتى، ئۆيلەرىڭىز ئاندىن يىراق.
ئۆيى يىراق بولسە بولسۇن، كۆڭلى يىراقى بولماسۇن،
مەيلىمىز سىزگە تۇشۇپدۇر، ئوت فىراقى بولماسۇن.
بىزنىڭ يارلار كىچىك ئىدى، ئەمدى چوڭ بولدى،
مەن يارىمغە بىر تاي باقتىم، مىنگۈدەك بولدى.
ئاي يارىمنى باغدا كۆردۈم ئاق تۇخۇم پەينەكىدە،
ئاي يارىم كۆردىمىكىن ئوسما قويۇپ ئەينەكىدە.
مەن ئۆزۈم كاشغەر بالاسى كەلگەنىم فوشمان ماڭا،
ئالتە تال قارا ساچىمدىن باشقەسى دۈشمەن ماڭا.
تويۇق يولى سىيانغو سىيانغۇدا تاش ئاتقان،
توختىخان ئوبدان چوكان شىرىن جاننى قاقشاتقان.
چوكان سىكىلەك يارىم ساچ غۇلىغە فاتمايدۇر،
خۇلۇم خوشنەلەر يامان بىزنى يارغە قاتمايدۇر.
قارچىغانى قۇشلامىغان تاغلار قالمادى،
مەن يار بىلەن ئويناشمىغان باغلار قالمادى.
ھاۋادا فارچە بۇلۇت يامغۇر يىغىپ ئۆتكەن ئەمەس،
ئىكى ئاشىق بىر بولۇپ مۇرادىغە يەتكەن ئەمەس.
ئاتمىش ئالتە دەريا سۇيى بىر بولۇپ ئاقتى،
مەن يارىمغە باقاي دېسەم ئوقەتنىڭ ۋاقتى.
ئىلىغە چىقىپ كەتتى يول بىلمايدۇرغان بالالار،
سودانى قىلالامدۇر، جىگدە ساتماغان بالالار.
مەن ئىلىغە بارغاندا، ئات كۆكسىدە ياغدى قار،
تاشلاپ ئاتقالى بولماس غەرىبلىقدە تۇتقان يار.
ئالما گۈلىدۇر ئوبدان، گۇل بەرگىدە ساغارغان،
كىشىنىڭ يارىنى كۆزلەپ ئۆز يارىدىن ئايرىلغان.
چىراغ ئۆچۈپ قىلىپتۇر، فەرلەپ قويسە بولمامدۇر،
بىزنىڭ يارلار كەلمەپدۇر، چىرلاپ قويسە بولمامدۇر.
ئىشىكىڭدىن ئۆتكەندە فەنجۇرۇڭدىن ئاتاي تاش،
جانىم خۇن بولۇپ ئاقتى، بىر باقساڭچۇ قەلەمقاش.
ئوقەت قىلمادىڭ دەيسەن، نېچۈك قىلامەن ئوقەت،
كېلۇر يارىمدىن خەبەر، جانىمدا قالمادى تاقەت.
ئالما بەرسەم ئالمايسەن، يېمىش بەرسەم يېمەيسەن،
قايسى بەگنىڭ قىزىسەن؟ بىزگە كۆڭۈل بەرمەيسەن.
ئالماتۇرغە بارمايمەن ئالماتۇر مېنىڭ جايىم،
تۇشۇمگە كىرىپ قافتۇر ئالماتۇرداكى ئايىم.
بۇ چىنار ئېگىز چىنار، چىقما يارىم شاخى سىنار،
شاخى سىنغاندىن كېيىن بۇلبۇل كېلىپ نەگە قۇنار؟
گۈلما خۇب، گۈللارما خۇب، گۇل تۇبىدە ياتقانما خۇب،
چوڭ بولۇپ دەرد تارتقۇچە، چىچەك چىقىپ ئۆلگەنما خۇب.
يارىم كەتتى يىراققا ئوتنى ياقتى چىراققا،
مەن يارىمنى قوغلاشىپ توخماق يېدىم شىراققا.
سېنىڭ بىلەن يۈرگەندە كۆرۈپ ئىدىم بۇ دۆلەتنى،
سېنىڭدىن ئايرىلىپ كۆردۈم قىزىل چۇغدەك قىيامەتنى.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)




ئاجايىپ ۋەقەلەرنىڭ بىۋاستە شاھىتى بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ۋەقەلەرنى ئەجدادلىرىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپ، تاكى بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزۈپ كېلىش ئۈچۈن ئەقىل - پاراستىنى كۆۋرۈك، تىلىنى تۇۋرۇك ۋە دىلىنى يورۇق قىلىپ كەلگەن بىر رىۋايەت ئوردىسىنىڭ غەزىنىدارى بار ئىكەن. ئۇ قەسىردىكى ھېسابسىز دەپىنە - دۇنيالارنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن، پاراسەت ئاچقۇچىنى ئېلىپ، ھېكمەت قولۇپىنى ئېچىپ، ئوردا قەسىرگە ئېغىر قەدىمىنى يېنىك قىلىپ كىرىپ كەپتۇ. قەسىر ئىچىدىكى بۇ بايلىقلارنى كۆرۈپ كۆزلىرى قامىشىپتۇ، جىسمىنى تىترەك بېسىپ، پۇتلىرى ئالمىشىپتۇ، ئېگىزدىكى قەسىر تەكچىلەرگە يامىشىپتۇ. رىۋايەت ئوردىسىنىڭ توقسان توققۇز مىڭ توققۇز يۈز توقسان توققۇز ئىشىكلىك قەسىرلىرىنى ئۆزىنىڭ ئالتۇندەك سېھىرلىك نۇرى بىلەن باھار يامغۇرىدىن كېيىنكى ئاپتاپتەك يورۇتۇپ نۇرلاندۇرۇپ تۇرغان «سېھىرلىك قاپاق»نى باغرىغا بېسىپ كەينىگە يېنىپتۇ. ئوردا - قەسىرنىڭ ئىشىك - دەرۋازىلىرىنى تاقاپتۇ. بۇ رىۋايەتنىڭ سىرلىق نۇرى بىلەن جىمى ئىقلىم، ئەل - يۇرتنى نۇرلاندۇرۇشقا نىيەت قىپتۇ. بۇ رىۋايەتتە شۇنداق بىر ھېكايەت كىشىلەر قەلبىنى زىلزىلىگە ساپتۇ.

بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا ئىدىقۇت تېغىنىڭ باغرىدا داڭقى پۈتۈن ئالەمگە تارقالغان شەھىرى ھىسار دەپ ئاتالغان بىر شەھەر بولۇپ، شەھەردە ئادىل بىر شاھ سەلتەنەت سۈرگەنىكەن. بۇ يۇرتنىڭ پۇقرالىرى ئادىل پادىشاھنىڭ مۇرۇۋۋەتلىك سېخىيلىقى، دانالىقى، مېھرىبانلىقى، كۆيۈمچانلىقى، نىيىتىنىڭ خالىس - توغرىلىقىدىن تولىمۇ رازى ئىكەن. شۇڭا، خەلقى ئىناق، تۇرمۇشى باياشات، يۇرتى ئاۋات، يېيىشى گۆش - پولۇ، ئىچىشى قەن - ناۋات ئىكەن. «ياخشى كۈننىڭ ۋاقتى قىسقا، ياخشى ئادەمنىڭ ئۆمرى كالتە» دېگەندەك، كۈنلەر ئايلارنى تولدۇرۇپ، ئايلار يىللارنى تۇشقۇزۇپ، ۋاقىت ئېقىن سۇدەك ئۆتۈپ

كېتىپتۇ. بۇ پادىشاھنىڭ چاچ ـ ساقاللىرىنى قىرقۇ باغلاپ يېشى يەتمىشكە يېتىپ، كۆزىنىڭ نۇرى ئاجىزلاپ، جىسمى كۈچ ـ ماغدۇردىن كېتىپتۇ. ئوردا ئىشلىرىنى ۋەزىرگە قويۇپ، تەكيىنى قىرلاپ، نەچچە قات كۆرپە ئۈستىدە ئۈن ـ تىنسىز يېتىپتۇ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى، بارلىق دۆلەت ئەركانلىرى بىلەن يالغۇز ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرىپ، ئۆز ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەنزىلگاھىغا يېتىپ قالغانلىقىنى ھەمدە ئامانەتنى تاپشۇرۇشنىڭ قەرەلى توشقانلىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. ئوڭ قول، سول قول ۋەزىرلىرىگە ۋەسىيەت قىلىپ، ئوغلىغا پادشاھلىق مىراس قالدۇرۇپتۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا ئاقىلانە مەسلىھەتلەرنى بېرىپتۇ. يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سوراپ، پۇقرالىرىنىڭ دەردىگە دەرمان، رەنجىگە شىپا بولۇشنى، بۇ پادىشاھلىقنى گۈللەندۈرۈپ، تېخىمۇ قۇدرەت تاپقۇزۇشنى، شەھىرى ھىسارنى تېخىمۇ ئاۋات قىلىشنى تاپشۇرۇپتۇ. شۇ ئىشتىن كېيىن يەتتە كۈن ئۆتكەندە، پادىشاھ پانىي ئالەم بىلەن خوشلىشىپ، باقىي ئالەمگە سەپەر قىپتۇ.

ياش شاھزادە سەلتەنەت بىلەن شاھلىق تەختىتىدە ئولتۇرۇپتۇ، لېكىن ئۇ نادان بولغاچقا، شاھلىقنىڭ سەلتەنەت ئىشلىرىنى تاشلاپ، ئويۇن ـ تاماشا، كەيپ ـ ساپاغا بېرىلىپتۇ؛ خەلقنى ئەستىن چىقىرىپتۇ. ئاچ كۆز، پىتنىخور، خوشامەتچىلەرنىڭ كۈنى تۇغۇلۇپتۇ. خىيانەتچى، پارىخورلار دۆلەت خەزىنىسىنىڭ ئۇلىنى كولاپتۇ. ئادىل پادشاھنىڭ دەۋرىدىكى ئادالەت بىلەن ئىش قىلىدىغان توغرا نىيەتلىك ۋەزىرلەر چېقىمچى، يالغانچىلارنىڭ قۇربانلىقىغا ئايلىنىپتۇ. قالغانلىرىمۇ بىر ـ بىرلەپ ئوردىدىن ھەيدەپ چىقىرىلىپتۇ، پادشاھلىقنىڭ بەرىكىتى قولدىن كېتىپتۇ. خەلق ھەر تەرەپكە قاراپ قېچىپتۇ. مەرھۇم پادىشاھنىڭ كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ بىللە ئويناپ چوڭ بولغان ئادىل ئىسىملىك بىر ۋەزىرى بولۇپ، بۇ ۋەزىر پادشاھنى كۆپ قېتىم خېيىم ـ خەتەردىن قوتۇلدۇرۇپ قالغانىكەن. پادشاھلىق ئۈچۈن نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلغانىكەن. شۇڭا، پادشاھلىق ۋە ئاۋام ئىچىدە ئىززەت ـ ئابرۇيى يوقىرى ئىكەن. ياش پادىشاھ ئادىل ۋەزىرنى مەرھۇم ئاتىسىنىڭ يۈزىنى قىلىپ ھۆرمەت قىلغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پايدىلىق، ئاقىلانە تەدبىر، مەسلىھەت، كۆرسەتمىلىرىگە قۇلاق سالماي، ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەپ، پادشاھلىق ئۈچۈن تېخىمۇ ئېغىر خەۋپلىك ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىپتۇ، خەلقنى ئېسىدىن چىقىرىپتۇ. ئالۋاڭ ـ ياساق، ھاشار ۋە زۇلۇم سېلىپ خەلقنى پادشاھلىقتىن تەزدۇرۇپتۇ. شاھزادە چېقىمچىلارنىڭ ھەسەتخورلۇق بىلەن بەرگەن يالغان ـ ياۋىداق مەلۇماتىغا ئىشىنىپ، ئادىل ۋەزىرنىڭ پۈتۈن مال ـ بىساتىنى خەزىنىگە ئېلىپ، ئۆزى ۋە يالغۇز ئوغلىنى شەھىرى ھىساردىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

ئادىل ۋەزىرنىڭ 14 ياشلىق ھەسەن ئىسىملىك بىر ئوغلى بولۇپ، بۇ ئوغۇل ۋەزىرنىڭ بۇ دۇنيالىقتىكى بىردىنبىر يۆلەنچۈكى ۋە قوۋانچى ئىكەن. ئادىل ۋەزىر شەھىرى ھىساردىن قوغلاپ چىقىرىلغاندا، ھەسەن شاھلىق مەدرىسەدە بىلىم تەھسىل قىلىۋاتقانىكەن، ئادىل ۋەزىر ئوغلىنىڭ ئۇستازىدىن دۇئا ئېلىپ، ئوغلى بىلەن بىرلىكتە شەھەردىن ئايرىلىپ، جەنۇب تەرەپكە ـ چۆلگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ بىرقانچە مەزگىل يول يۈرگەندىن كېيىن، بىر بۇلاق بېشىغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئاتا ـ بالا ئىككىسى بۇلاقتىكى

زومرەتتەك سۇدىن قانغۇچە، ھوزۇرلىنىپ ئىچىپتۇ، ئۇلار ئازراق ئارام ئالغاندىن كېيىن ئادىل ۋەزىر ئوغلىغا :

— ئوغلۇم، بىز ئۆزىمىزنىڭ تۇغۇلغان يۇرتىمىزدا مۇشۇنداق ئېغىر قىسمەتلەرگە دۇچار بولۇپ، سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ ماكانسىز قالدۇق. تەقدىرنىڭ قىسمىتى بىزنى مۇشۇ ئادەمزاتسىز قېلىن ئورمانلىقتىكى بۇلاق بېشىغا ئېلىپ كەلدى، بۇمۇ ئاللانىڭ بىزگە قىلغان ھىممىتى، بۇنىڭدىن كېيىن مۇساپىرلىق ـ يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتقاندىن كۆرە، بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنىمىزنى مۇشۇ بۇلاق بېشىنى ماكان تۇتۇپ ئۆتكۈزەيلى، — دەپتۇ.

ھەسەن ئاتىسىنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ :

— ئاللا، بىزنىڭ رىسقىمىزنى ئۈزۈپ قويمىسىلا، بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرىمىزنى ئۆزىمىزگە تايىنىپ خاتىرجەم ئۆتكۈزىمىز، — دەپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئاتا ـ بالا ئىككىسى تېزلا بىر يۇرۇش كېمىر ئۆي سېلىۋاپتۇ. بۇلاققا يېقىن يەردە بوز يەر ئېچىپ، تېرىقچىلىق قىلىپتۇ، ئوۋچىلىق قىلىپتۇ، كۈنلىرىنى تىنچ ـ خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ. كۈنلەر كېيىندىن كۈنلەر ئۆتۈپ، ھەسەن ئۆسۈپ ـ يېتىلىپ، ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ سىرلىرىنى ئىگىلەپ ئاتىسىنىڭ تولۇق يۆلەنچۈكى بولۇپ قاپتۇ. ئەمما، ئادىل ۋەزىر بولسا ئەل ـ يۇرتىنىڭ غېمى، يالغۇزلۇق، مۇساپىرچىلىق دەردىدە چاچلىرى ئاقىرىپ، چىشلىرى سارغىيىپ، گېلىدىن غىزا ئۆتمەي ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ، ھەسەن ئاتىسىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، ئوۋغا چىقىپ، قىرغاۋۇل ـ كەكلىك ئوۋلاپ كېلىپ، ئاتىسىنى ئوبدان كۈتكەن بولسىمۇ، ئاتىسىنىڭ ھالى كۈندىن ـ كۈنگە يامانلىشىپ، ئۇزاق ئۆتمەي ئادىل ۋەزىر يالغۇز ئوغلىنى تېخىمۇ يالغۇز قالدۇرۇپ ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىپتۇ.

ھەسەن ئۆزى يالغۇز يىغلاپ قاقشاپ، ئاتىسىنى يەرلىكتە قويغاندىن كېيىنمۇ، دېھقانچىلىق ـ ئوۋچىلىق ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، ھەسەن ئوۋ قىلىپ تىرىك تۇتقان كېيىك، بۇغا، ئۆي قۇشلىرىنى بېقىپ كۆندۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن توغراقلىقتا ھەر خىل ئۇچار قۇشلار ماكان تۇتۇپ، ھەسەننىڭ يالغۇزلۇقىنى ئۇنتۇلدۇرۇپتۇ، ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە قۇشلارنىڭ نەغمىسىدىن ئويغىنىپ ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھەسەن سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئورمانلىقنىڭ چېتى بىلەن پىيادە ئوۋغا مېڭىپتۇ، ھەسەن ئانچە ئۇزاق ماڭمايلا، ئۇنىڭ ئالدىغا بىر ـ بىرى بىلەن قاتتىق ئۇرۇشۇۋاتقان بىلەكتەك چوڭلۇقتىكى ئىككى يىلان ئۇچراپتۇ، ھەسەن دىققەت بىلەن قاراپ، يىلانلارنىڭ بىرىنىڭ گەجگىسىدە باش بارماق ئۇزۇنلۇقىدا قارا داغ بارلىقىنى، ئۇ رەقىبىنى چىشلەپ خېلىلا ھالسىزلاندۇرۇپ قويغانلىقىنى بايقاپتۇ. يەنە بىر يىلاننىڭ گەجگىسىدىكى داغ قىزغۇچ رەڭدە بولۇپ، رەقىبىگە قارىغاندا كىچىكرەك ئىكەن، ئۇنىڭ گەجگىسىدىكى قىزغۇچ داغدىن ئارىلاپ ـ ئارىلاپ نۇر يېنىپ تۇرغاندەك كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ كىچىك بولسىمۇ قەيسەرلىك بىلەن رەقىبىگە تاقابىل تۇرۇۋاتقانىكەن، بۇنى كۆرۈپ ھەسەننىڭ ئاشۇ قىزغۇچ يىلانغا ھېسداشلىقى قوزغىلىپ، مېھرى چۈشۈپ قاپتۇ ـ دە، يېنىدىن ئوقياسىنى چىقىرىپ، گەجگىسىدە قارا داغ بار يىلاننى چەنلەپ ئوق ئۈزۈپتۇ، ئوق قارا داغ بار يىلاننى

يارىلاندۇرۇپتۇ، ئۇ يىلان ھەسەنگە خىرىس قىلىپ بېقىپتۇ، ئاندىن كەينىگە بۇرۇلۇپ چىرقىرىغىنىچە قېچىپ كېتىپتۇ، گەجگىسىدە قىزغۇچ رەڭلىك داغ بار يىلان خەتەردىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ، ئۇنىڭ گەجگىسىدىكى قىزغۇچ رەڭدىن راستتىنلا نۇر يېنىپ تۇرغانىكەن، يىلان بېشىنى ئېگىپ ھەسەنگە مىننەتدارلىقىنى بىلدۇرۇپ :

— ئەي ئادەمزات، ئادەملەر بىزنى ئۆزىنىڭ دۈشمىنى دەپ بىلەتتى، لېكىن سىز مېنىڭ جېنىمنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭىز، يەنە كېلىپ مېنى ئۆز خىلىمدىكىلەر تەرىپىدىن كەلگەن ئۆلۈم خەۋپىدىن ساقلاپ قالدىڭىز، بۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىزگە چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. مۇبادا، سىز بولمىغان بولسىڭىز، مەن ئاللىقاچان ئۆلگەن بولاتتىم، شۇڭا سىز بۈگۈندىن باشلاپ مېنىڭ قىيامەتلىك دوستۇم، ئەگەر سىز مالال كۆرمىسىڭىز، بىزنىڭ شەھىرىمىزگە بېرىپ چاھار باغلىرىمىزدا سەيلە قىلىپ، شاھانە زىياپەتلىرىمىزگە قاتنىشىپ بەرسىڭىز، — دەپ ئىلتىجا قىلىپتۇ.

ھەسەن يىلاننىڭ سۆزىگە ھەيران بولۇپ:

— سىز بىر يىلان تۇرسىڭىز، مەن قانداق قىلىپ شەھىرىڭىزگە بارالايمەن، — دەپتۇ.

يىلان ھەسەنگە قاراپ:

— دۇرۇس، مېنىڭ ھازىرقى تۇرقۇم يىلان، لېكىن مەن يەر ئاستى يىلانلار پادىشاھلىقىنىڭ تەخت ۋارىسى، يىلان شاھىنىڭ يالغۇز ئوغلى، شاھزادىسى بولىمەن، بىزنىڭمۇ خۇدانىڭ ھىممىتى بىلەن ئىنسانلارنىڭكىگە ئوخشاش سەلتەنەتلىك ئوردا - سارايلىرىمىز، ھەشەمەتلىك چاھار باغلىرىمىز، زۇمرەت سۇلىرىمىز بار، مەن سىزنى ئۇلۇغ شاھ ئاتامغا، خانىش ئانامغا تونۇشتۇرۇپ، سىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا، سىزگە مىننەتدارلىقىمنى بىلدۇرۇشكە ۋە مەڭگۈلۈك دوست بولۇشقا ئىجازەت ئالىمەن، — دەپتۇ.

ھەسەننىڭ كۆڭلىدە يىلانلار شاھلىقىنىڭ ئوردا - ساراي، ھەرەم باغلىرىنى كۆرۈپ بېقىش ئىستىكى قوزغىلىپ، يىلان شاھزادىسىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپتۇ. يىلان شاھزادىسى ئۇنى باشلاپ مېڭىپتۇ. ئۇلار بىرھازا ماڭغاندىن كېيىن، يىلان پاتقۇدەك بىر تۆشۈكنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ، يىلان شاھزادىسى ھەسەنگە:

— كۆزىڭىزنى يۇمۇپ ئالدىڭىزغا قاراپ مېڭىڭ، مەن «كۆزىڭىزنى ئېچىڭ» دېگەندىن كېيىن كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، — دەپتۇ.

ھەسەن كۆزىنى يۇمۇپ ئالدىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قانچىلىك ماڭغانلىقىنى بىلمەپتۇ، بىر چاغدا يىلان شاھزادىسىنىڭ:

— كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، — دېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

ھەسەن كۆزىنى ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا، بېشى ئادەمنىڭ بېشىغا، بېلىنىڭ ئاستى تەرىپى يىلانغا ئوخشايدىغان بىر جانىۋارنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ، ھەسەن ھەيران بولۇپ ئەتراپىغا قارىغانىكەن، ئۇ جانىۋار:

— مەن سىزنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلگەن يىلان شاھزادىسى بولىمەن، — دەپتۇ، ھەسەن شاھزادىگە قاراپ كۈلۈپتۇ، ھەسەن ئەتراپىغا قاراپ ئالدىدىكى تۈز كەتكەن يول ۋە يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە يولغا سايە تاشلاپ تۇرغان بۈك - باراقسان دەل - دەرەخلەر، دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدا ئېقىۋاتقان زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇلارنى كۆرۈپتۇ. دەل - دەرەخلەردىن ھەر خىل خۇش پۇراقلار تاراپ، دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇرىدىكەن، يىلان شاھزادىسى

ھەسەننى ئاشۇ يول بىلەن باشلاپ مېڭىپتۇ، ئۇلار خېلى ماڭغاندىن كېيىن ئالتۇندەك نۇر چېچىپ تۇرىدىغان، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ھەشەمەتلىك سارايىنىڭ ئالدىغا يېتىپ بېرىپتۇ. ھەسەن بۇ سارايغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇرغاندا، يىلان شاھزادىسى:

— ئەي دوستۇم، مانا بۇ بىز يىلانلار پادىشاھلىقىنىڭ ئوردا ـ سارايلىرى، ئەنە، ئاشۇ كۆرۈنۈپ تۇرغىنى بىزنىڭ شاھ ئوردىمىز بولىدۇ. بىز شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرگىنىمىزدە خۇددى سىزگە ئوخشاش ئىنسان قىياپىتىگە كىرىمىز، چۈنكى ئاللا، جىمىكى مەخلۇقاتلارنىڭ ئىچىدە ئادەمدىن ئۇلۇغ مەخلۇقات بولمايدۇ، دەپ ياراتقانىكەن. بىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادىمىز ئاللانىڭ ئالدىدا بىر ئېغىر گۇناھقا مۇپتىلا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆز زېمىنىمىزدىلا ئادەمدەك ياشاشقا ھۆكۈم قىلىنغانىكەن. زېمىنىمىز سىرتىدا بولسا بېشىمىز ئادەم، تېنىمىز يىلان، يەر يۈزىدە پۈتۈن بەدىنىمىز يىلان شەكلىدە بولىدىكەنمىز. قېنى ئەمىسە، بىزنىڭ شەھىرىمىزگە مەرھەمەت، — دەپتۇ.

ھەسەن يىلان شاھزادىسىنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەپتۇ. ھەيۋەتلىك شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە سەككىز قاراۋۇل تۇرغانىكەن. ئۇلار شاھزادىنى كۆرۈپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ. شاھزادە دەرۋازا بوسۇغىسىنى ئاتلىشىغا، شاھزادىنىڭ يىلان پوستى خۇددى بىرى ئۈستىدىكى تونىنى سالدۇرۇۋالغاندەك چۈشۈپ كېتىپتۇ، شۇ زامان چاقماق چېقىلىپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپتۇ، ھەسەن نېمە بولغانلىقىنى بىلىپ بولغۇچە، يىلان شاھزادە ئادەم سىياقىغا ئۆزگىرىپ، ھەسەنگە ئوخشاش چىرايلىق بىر يىگىتكە ئايلىنىپتۇ. شاھزادىنىڭ يىلان پوستىنى دەرۋازا ئىچىدە ھازىر بولۇپ تۇرغان مۇلازىملار ئېلىپ قاپتۇ. ھەسەن شاھزادىنىڭ مەرمەرگە ئوخشاش ئاق، سۈزۈك تۇرقىغا قاراپ، بىرقانچە يەردە يارا ئىزىنى كۆرۈپتۇ. ھەسەن بۇنىڭ نېمە يارا ئىزى ئىكەنلىكىنى سورىماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، يىلان شاھزادە ھەسەننىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ:

— دوستۇم، بەدىنىمدىكى بۇ جاراھەت ئىزلىرى بۈگۈن ئەتىگەندىكى جەڭنىڭ ماڭا قالدۇرغان ئېچىنىشلىق خاتىرىسى، — دەپتۇ.

ئۇلار ئازراق ماڭغاندا، ئالدىغا تۆت ئارغىماق قوشۇلغان كاتتا مەپە يېتىپ كېلىپتۇ. ئۇلار مەپىدە ئولتۇرۇپ كەڭ كوچا ۋە رەستىلەرنى ئايلىنىپ، ئوردا دەرۋازىسى ئالدىغا كەپتۇ، دەرۋازا ئالدىغا قىممەت باھالىق پاياندازلار سېلىنغانىكەن. دەرۋازىنى ساقلاۋاتقان قاراۋۇللارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش كىيىنگەن بولۇپ، شاھانە مەپىنى كۆرۈپ ھۆرمەت بىلەن دىققەتتە تۇرۇشۇپتۇ. مەپە شەھەر دەرۋازىسىدىن ئۆتۈپ بىر قەسىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ. يىلان شاھزادە ھەسەننى مەپىدىن باشلاپ چۈشۈپتۇ. ھەسەن مەپىدىن چۈشۈپ بۇ قەسىرلەرنىڭ تاملىرىنىڭ كۈمۈشتىن، تۈۋرۈكلىرىنىڭ مەرمەردىن ياسالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇ سەلتەنەتلىك قەسىرنىڭ قاشتېشىدىن ياسالغان، مەرۋايىتتىن زىننەتلەنگەن چوڭ دەرۋازىسى يىلان شاھزادىسى بىلەن ھەسەن كېلىشىگە ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپتۇ. دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرغان مولازىملار باش ئېگىپ سالام بېرىپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار شۇ ھالەتتە تاملىرى ھەر خىل رەڭدىكى ياقۇت، ئۈنچە ـ مەرۋايىت بىلەن نەقىشلەنگەن، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن بىر قەسىرگە

كىرىپتۇ. قەسىرنىڭ تۆرىدە سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان چېھرىدىن نۇر چاقناپ تۇرغان بىر مويسىپىتنى كۆرۈپتۇ، بۇ يىلان شاھزادىنىڭ ئاتىسى يەنى يىلان پادىشاھلىقىنىڭ شاھى ئىكەن. ھەسەن يىلان شاھزادە بىلەن شاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ، تەزىم قىپتۇ، يىلان شاھزادە:

— سالامەت بولغايسەن، ئۇلۇغ شاھ ئاتا، — دەپتۇ.

يىلان شاھ ئۇلارنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلىپ:

— سالامەت بولغىن، بالام، يېنىڭدىكى ئادىمىزات دۇنياسىنىڭ يۇقىراسى قانداق قىسمەت بىلەن بىزنىڭ ماكانىمىزغا قەدەم باستى ؟ — دەپ سوراپتۇ، يىلان شاھزادە :

— گۇناھىمنى كەچۈرگىن، شاھ ئاتا. مەن شىكارغا چىقىپ، مولازىملىرىمدىن ئايرىلىپ قېلىپ يولدىن ئېزىپ، ئۆز ماكانىمىزدىن ئايرىلىپ ئادىمىزات دۇنياسىغا چىقىپ قاپتىمەن. بۇ چاغدا ئۇزاقتىن بۇيان سىڭىللىرىمنىڭ قەستىدە يۈرگەن قارا يىلانلار پادىشاھلىقىنىڭ سەركەردىسى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز قاتتىق تۇتۇشۇپ قالدۇق، — دېيىشىگە يىلان شاھ:

— ئاھ، پەرۋەردىگارىم، ئاللا بىزنى مۇشۇ تىلسىم ماكاندىلا ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ، تالاي جەڭلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئۇ قانخور مەلئۇنىنىڭ قولىدىن قانداق قۇتۇلغانسەن؟ قېنى سۆزلىگىن ئوغلۇم، سەن قانداق ھايات قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ، يىلان شاھزادە:

— مەن دەل شۇ ئىشنى سۆزلىمەكچى، ئاتا. مەن بۇ جەڭدە پەقەت روھىمنى چۈشۈرمىدىم، تەسلىم بولۇشنى خىيالىمغا كەلتۈرمىدىم. ھەق - ئادالەتلىك كىشىلەرنى ئاللا ئۆز پاناھىدا ساقلايدىكەن. ئۆلۈم ئالدىدا، مەن قورقۇنچاقلىق قىلىپ قېچىشتىن، دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ ئۆلۈشنى ئەۋزەل كۆردۈم. جېنىم ھەلقۇمىغا كېلىپ ھاياتتىن ئۈمىدىمنى ئۈزگەن چېغىمدا، مانا مۇنۇ يېنىمدىكى ئادىمىزاتتىن بولغان دوستۇم مېنى ئۆلۈم دەھشىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن مەن قائىدىنى بۇزۇپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەلمىساقتىن بۇيانقى ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، بۇ دوستۇمنى ماكانىمىزغا باشلاپ كەلدىم، — دەپ ھەسەننى باشلاپ كېلىشنىڭ جەريانى ۋە سەۋەبىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

يىلان شاھ ئوغلىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ:

— سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭغا قارىغاندا، قارا يىلان پادىشاھلىقىنىڭ ئۇ سەركەردىسى ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، ئۆز شاھىنىڭ جازاسىغا ئۇچرىغان ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شۇنداق ئاتا، قارا يىلان پادىشاھى بۇ سەر- كەردىگە سىڭلىم ھۆسنىكامالنى ئەكىلىپ بېرىشنى بۇيرۇغان، ئۇ بىرقانچە قېتىم ھەرىكەت قىلىپمۇ ھۆسنىكامالنى قولغا چۈشۈرەلمىگەن، بۇ سەركەردە جەڭ ئارقىلىقمۇ، ھىيلە - مىكىر ئارقىلىقمۇ ھۆسنىكامالنى قولغا چۈشۈرەلمىگەنلىكتىن، شاھ- نىڭ غەزىپىگە تېگىپ، ئۇنى ئۆز ماكانىدىن ئادى- مىزات دۇنياسىغا ھەيدەپ چىقارغانىكەن، چۈنكى ئادەملەر ئەزەلدىن تارتىپ يىلاننى نەدە كۆرسە، شۇ يەردە ئۆلتۈرىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ جاجىسىنى ئادەملەر بەرسۇن دەپ شۇنداق قىلغانىكەن. دەل شۇنداق پەيتتە، ئۇنىڭغا ئادەم ئەمەس مەن ئۇچراپ قاپتىمەن. ئۇ مېنى كۆرۈپ خوشال بولۇپ «ماڭا ھۆسنىكامالنى ئەكىلىپ بەرسەڭ، سېنى قويىۋې- تىمەن، بولمىسا جېنىڭنى ئالىمەن» دېدى. ئۇنىڭ مەقسىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىپ، مەن سىڭلىم ئۈچۈن ئۇ سەركەردە بىلەن جەڭ قىلىش

نىيىتىگە كەلدىم. ئاخىرى ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن بۇ دوستۇمنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ ئامان قالدىم، ــ دەپ ئىشنىڭ تولۇق جەريانى ۋە سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپتۇ.

يىلان شاھ ئوغلىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەسەنگە قاراپ، ئۇنىڭ ئادىمىيلىكى بۇ جەزىرىگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى، ئۆز قىسمەتلىرىنى سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپتۇ. ھەسەن يىلان شاھقا تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ قىسمەتلىرىنى، كەچۈرمىشلىرىنى باشتىن-ئاخىر سۆزلەپ بېرىپتۇ. يىلان شاھ ھەسەننىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

ــ سەن شاھزادە بىلەن مېنىڭ ماكانىمدا تۇرۇپ قالغىن. قاچانكى بۇ يەردىن قايتىپ كەتمەكچى بولساڭ، بىز سېنى ئۆز خاھىشىڭ بويىچە قولىمىزدىن كەلگىنىچە تىلىكىڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، تەلىپىڭنى بەجا كەلتۈرىمىز ھەم ئۆز ماكانىڭغا يولغا سېلىپ قويىمىز، ــ دەپتۇ. يىلان شاھ ھەسەننىڭ ئۇستىبېشىغا بىر قاراپ چىقىپ، يىلان شاھزادىگە:

ــ سېنىڭ بۇ دوستۇڭ، بىزنىڭ شاھ جەمەتىمىز قانداق كۈتۈلۈشتىن بەھرىمەن بولسا، شۇنداق كۈتۈلۈشتىن بەھرىمەن بولسۇن، ھېچكىمگە، ھەر قانداق ئىشقا ھاجەتمەن بولمىسۇن، ــ دەپ ئەمىر قىلىپتۇ.

ھەسەن يىلان شاھزادىنىڭ يول باشلىشى بىلەن پادىشاھلىق ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان ھاممامغا بېرىپتۇ، ئۇلار ھاممامغا كىرىشىگە ھەر بىر ئىشىكنىڭ ئالدىدا ئىككىدىن مۇلازىم خىزمىتىگە تەييار بولۇپ تۇرۇپتۇ. ھەسەن يىلان شاھزادە كۆرسەتكەن ئىشىكلەرنىڭ بىرىگە كىرىپتۇ. ھەسەن ئۆيگە كىرىپ چاچراپ چۈشۈۋاتقان زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ، كۆزلىرى ئالا-چەكمەن بوپتۇ، دىمىغىغا ئەتىردەك خۇش پۇراق ئۇرۇلۇپتۇ. ھەسەن بۇ ئىللىق، خۇش پۇراق سۇدا شۇنچىلىك ھۇزۇرلىنىپ يۇيۇنۇپتۇكى، ئۇ ئۇستىگە ئۇنچە-مارجاندەك تۆكۈلۈۋاتقان سۇلارنىڭ قاچان توختاپ قالغانلىقىنى بىلمەي قاپتۇ. ئۇ قارىغۇدەك بولسا، ئۇستىگە ناھايىتى خۇش پۇراقلىق سۈت تۆكۈلۈپ چۈشۈۋاتقۇدەك، ئۇ سۈت ئىچىدە ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ. بىر ۋاقىتتا كۆزىنى ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا، پۈتۈن بەدىنى پاختىدەك ئاقىرىپ، نۇر تۆكۈلۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ئەينەكتىن قەددى-قامىتى كېلىشكەن، سۇباتلىق بىر يىگىتنى كۆرۈپ، بۇنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي ھەيران بولۇپ، يىلان شاھزادىدىن:

ــ بۇ يىگىت كىم بولىدۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

يىلان شاھزادە ھەسەنگە:

ــ ئۇ سەن. سەن گۈزەللىك ھاممامىدا يۇيۇنۇپ چىقتىڭ، بۇ ھاممامدا يۇيۇنسا، گۈزەل ۋە لاتاپەتلىك بولىدۇ. ئەمدى بۇ ئۆيدىكى ھاممامدا يۇيۇنۇپ چىققىن، چۈنكى بۇ ھاممام ئۆزىدە يۇيۇنغان ھەرقانداق ئادەمگە كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ، ــ دەپتۇ.

ھەسەن ھاممامغا كىرىپتۇ، ھاممامدا خۇددى قىزىل ياقۇتتەك سۇ ئۇنچە-مارجاندەك تۆكۈلۈشكە باشلاپتۇ. بۇ ھاممامدىمۇ ناھايىتى راھەتلىنىپ يۇيۇنۇپتۇ. ھەسەن يۇيۇنغانچە روھلىنىپ، كۈچ-قۇۋۋىتى ئۇرغۇشقا باشلاپتۇ. ھەسەن شۇ ھالەتتە خېلى ئۇزاقىچە يۇيۇنۇپتۇ. ھەسەن يۇيۇنۇپ ھاممامدىن چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنى يېنىك، كۈچ-قۇۋۋەتكە تولغان،

جاسارەتلىك ھېس قىلىپتۇ.

— شۇنىڭدىن كېيىن، ھەسەن يىلان شاھزادە بىلەن خېلى ۋاقىتلارغىچە شاھانە زىياپەتلەردە بوپتۇ، زىياپەتلەردە پەرى سۈپەت ساھىبجاماللار ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ، نەغمە - ناۋا قىلىپتۇ، شىكارغا چىقىپتۇ، تۈرلۈك مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپتۇ. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي ھەسەن ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ماكانىنى سېغىنىپتۇ، ئۇنىڭ چىرايىدىن كۈلكە ئۆچۈپ غەم قونۇپتۇ. ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، چىرايى سارغىيىشقا باشلاپتۇ، يىلان شاھزادە ھەسەندىكى بۇ ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ:

— دوستۇم، قانداق دەردىڭ بار؟ سېنى رازى بولغۇدەك كۈتەلمىدۇقمۇ - يا؟ كۆڭلۈڭنى شادلاندۇرالمىدۇقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ھەسەن خىجىل بولۇپ:

— ياق، شاھزادە، مەن سېنىڭ ماكانىڭدا ئۆزۈم ئويلاپ باقمىغان ھۆرمەتلەشكە، قەدىرلەشكە سازاۋەر بولدۇم. مەن ئۈچۈن قىلغان ھەممە ئىشلىرىڭ مېنى چەكسىز خۇرسەن قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا چىن دىلىمدىن تەشەككۇر ئېيتىمەن، — دەپتۇ.

يىلان شاھزادە ھەسەننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ:

— ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن چېھرىڭدىن كۈلكە ئۆچۈپ، غەمكىن يۈرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

ھەسەن بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن:

— كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم، بۇ ئويۇن - تاماشا، شاھانە بەزمىلەردىنمۇ ئارتۇقراق بىر نەرسە بار ئىكەن، ئۇ بولسىمۇ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ماكان، مەن ۋەتىنىمنى، ئىنسانلارنى سېغىندىم، رۇخسەت قىلساڭ، مەن ئىنسانلار ئارىسىغا كەتسەم، — دەپتۇ. يىلان شاھزادە بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن:

— بولىدۇ، دوستۇم، ئەگەر سەن ئۆزۈڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ماكانىنى دېمەكچى بولساڭ، سەندىن زادى ئايرىلغۇم يوق ئىدى. ھەر ئىككىمىزگە ئۆزىمىز تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يەر ئۇلۇغ ۋە قەدىرلىك. شۇڭا، ھازىر شاھ ئاتامنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئىجازەت ئالىمىز، شۇ نەرسە ئېسىڭدە بولسۇنكى، شاھ ئاتام ئۆز رازىلىقىنى بەرگەندىن كېيىن «بىزدىن نېمە تەلەپ قىلىسەن» — دەپ سورايدۇ، شۇچاغدا سەن ئويلانغان بولۇپ، شاھ ئاتام ئولتۇرغان تەختنىڭ ئۈستىگە قارا، ئۇ يەردە مەر - مەردىن ياسالغان بىر خىرۇستال ساندۇق بار، سەن ساندۇقنى كۆرسىتىپ، «ئاشۇ ساندۇقتا نېمە بولسا شۇنى ئالاي» دېگىن، ساندۇقنىڭ ئىچىدە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ۋە بىر - بىرىدىن چىرايلىق ئۈچ خىل رەڭدىكى قاپاق بار، ئۇنىڭ بىرى، كىرىستالدىن سۈزۈك ۋە سۈتتەك ئاق رەڭلىك قاپاق؛ يەنە بىرى، ئالتۇندەك نۇر چېچىپ تۇرىدىغان سېرىق رەڭلىك قاپاق؛ يەنە بىرى بولسا، ياقۇت رەڭلىك قىزىل قاپاق، سەن ئاشۇ قىزىل رەڭدىكى قاپاقنى تەلەپ قىلغىن، سەن ئۇ قاپاقنى ئالغاندىن كېيىن، مەن ساڭا ئۇ قاپاقنىڭ سىرىنى ئېيتىپ بېرىمەن، سەن ئۇ قاپاققا ئېرىشسەڭ، بىر ئۆمۈر پۇشايمان قىلماي بەختلىك ياشايسەن، — دەپتۇ.

ئۇلار بىرلىكتە شاھ ئوردىسىغا كىرىپ شاھقا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ سالام بەرگەندىن كېيىن، ھەسەن ئۇلارنىڭ مېھماندوستلۇقىغا، ئۆزىنى چەكسىز قەدىرلىگەنلىكىگە مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۆز مەقسىتىنى شاھقا ئېيتىپ:

— ماڭا ئىجازەت بەرسىلە، ئۆز يۇرتۇمغا قايتسام، — دەپتۇ.

يىلان شاھ ھەسەننىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

ـــ ئۆز ئېلىگە مۇھەببىتى بولمىغان، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ماكانىنى سۆيمىگەن ئىنسان بۇ جاھاندا ياشاشقا مۇناسىپ ئەمەس. مەن سېنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ماكانىڭغا قايتىش تەلىپىڭنى قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن، سېنى تارتۇقلاش يۈزىسىدىن يۇرتۇڭغا قايتىشىڭغا ئىجازەت بېرىمەن. لېكىن، ئىنسانلار ئازغىنا مەنپەئەتنى كۆزلەپ بىر ـ بىرىنى قەستلەيدۇ، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدۇ. بۇنى ئويلىسام، ساڭا ئىجازەت بەرگۇم يوق، بىراق سەن مېنىڭ ئارزۇلۇق ئوغلۇم ۋە تەخت تايانچىمنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىپ، شاھلىقىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى سەلتەنەتىنىڭ داۋام قىلىشى ئۈچۈن ناھايىتى زور تۆھپە كۆرسەتتىڭ. شۇنداق تۇرۇقلۇق سېنى ئارزۇيۇڭغا يەتكۈزمەي بۇ يەردە تۇتۇپ قالسام، ساڭا رەھىمسىزلىك قىلغان بولىمەن. مەن سېنىڭ ئوغلۇمغا قىلغان ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن ساڭا ھەرقانچە كۆپ دەپىنە ـ دۇنيا تەقدىم قىلسام ئازلىق قىلىدۇ. قېنى ئۆزۈڭ ئېيتقىن، ئوغلۇمغا قىلغان ياخشىلىقىڭنىڭ ئەجرىگە مەندىن نېمە تەلەپ قىلىسەن؟ ـــ دەپتۇ.

ھەسەن كۆپ ئويلانمايلا:

ـــ مەن ئۇ ئىشنى، بىرەر نەرسىگە ئىگە بولىمەن، دەپ قىلغان ئەمەس، پەقەت خالىس نىيەتتە قىلغانمەن، بۇنىڭ ئۈچۈن مەن شاھتىن ھېچ نەرسە تەلەپ قىلمايمەن، ـــ دەپتۇ.

يىلان شاھ شۇ زامان ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـــ ئوغلۇم، مېنى قىيامەت كۈنى، باشقىلارنىڭ ئەجرىنى قايتۇرمىغان، دەپ قارا يۈز بولۇپ ئورنىدىن تۇرسۇن دەمسەن، ياكى مېنىڭ تەلىپىمنى قوبۇل قىلامسەن؟ ـــ دەپتۇ.

ھەسەن يىلان شاھنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قاپتۇ. ئاخىر يىلان شاھزادىنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئويلانغان بولۇپ، تەخت ئۈستىدىكى مەرمەر ساندۇققا قاراپ تۇرۇپ:

ـــ ئۇلۇغ شاھ، ئەگەر مۇۋاپىق كۆرسىلە، ئاشۇ مەرمەر ساندۇق ئىچىدە ساقلاۋاتقان نەرسىدىن بىرنى بەرسىلە، ـــ دەپتۇ.

يىلان شاھ بىر ئاز جىمىپ كېتىپ:

ـــ ئۇ ساندۇقنىڭ ئىچىدە سەن ئالغۇدەك ياخشى نەرسە بارلىقىنى قانداق بىلدىڭ؟ ـــ دەپ سوراپتۇ.

ھەسەن كۆپ ئويلانمايلا:

ـــ ئەي ئۇلۇغ شاھ، ئەگەر شۇنداق ئېسىل نەرسە بولمىسا، ئۇ نەرسىنى مەرمەر ساندۇققا سېلىپ، بېشىلىرىدىن ئۈستۈن يەردە ساقلىماس ئىدىلە، ـــ دەپتۇ.

يىلان شاھ ھەسەننىڭ ئورۇنلۇق گېپىنى ئاڭلاپ، مەرمەر ساندۇقنى ئېلىپ ئېچىپتۇ. ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئېچىش بىلەن ئۆردىنىڭ ئىچى نۇرلىنىپ كېتىپتۇ. يىلان شاھ ساندۇقتىكى ئۈچ قاپاقنى كۆرسىتىپ:

ـــ ئوغلۇم، بۇ ئۈچ قاپاقتىن قايسىسىنى تاللايسەن؟ ـــ دەپتۇ، ھەسەن قاپاقلارغا بىر قۇر قاراپ چىقىپ:

ـــ قىزىل رەڭلىك قاپاقنى ئالاي، ـــ دەپتۇ، يىلان شاھ شۇ زامان يىلان شاھزادىگە قاراپ:

ـــ بوپتۇ ئوغلۇم، خۇدانىڭ ئىرادىسى شۇنداق ئوخشايدۇ، تەقدىرنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ، مەن ئۆز لەۋزىمدە تۇرۇشۇم كېرەك، بۇ قاپاقنىڭ قىممىتى ھەرقانچە يۇقىرى بولسىمۇ، ئوغلۇمنىڭ ھاياتىغا تەڭ كېلەلمەيدۇ، ـــ دەپتۇ. بىر ئەپسۇننى ئوقۇپ ساندۇقتىن قىزىل قاپاقنى ئېلىپ، قاپاقنى ئىككى قوللاپ ھەسەنگە بېرىپتۇ. ھەسەن قاپاقنى قولىغا ئېلىشىغا پۈتۈن جىسمى لەرزىگە كەپتۇ.

ھەسەن نۇر چاقناپ تۇرغان قاپاقنى كۆكسىگە بېسىپ، يىلان شاھقا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

ھەسەن يىلان شاھزادە بىلەن ئوردىدىن چىقىپ يىلان شاھزادىنىڭ خاس سارىيىغا كەپتۇ. يىلان شاھزادە ھەسەنگە بىر يۈرۈش قىممەت باھالىق شاھانە كىيىم ـ كېچەك، ئوق قىلىشتا ئىشلىتىدىغان ئوقيا، قىلىچ، شەمشەر سوۋغا قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى يولغا سېلىپ قويۇش ئۈچۈن باشلاپ مېڭىپتۇ. ئۇلار شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىشى بىلەن يىلان شاھزادە يىلان سۈرىتىگە ئۆزگىرىپتۇ. ئۇلار بىرمۇنچە مېڭىپ بىر جايغا كەلگەندە يىلان قەدىمىنى توختىتىپ:

— دوستۇم، ئىككىمىز ئايرىلىدىغان جايغا كەلدۇق. مېنى ئۇنتۇپ قالما، ماڭا قاچان ھاجىتىڭ چۈشسە «يىلان شاھزادە» دەپ چاقىرساڭ، ئالدىڭدا ھازىر بولىمەن. بۇ قاپاقنى ئوبدان ساقلىغىن، قاپاققا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپ قويما، قاپاق ساڭا بەخت ـ سائادەت ئاتا قىلىدۇ. ئەگەر بىرەر نەرسىگە ھاجىتىڭ چۈشسە، قاپاقنى ئوڭ قولۇڭغا ئېلىپ، قاپاققا قاراپ يىلان شاھزادىنىڭ ئەمرى دەپ ئۆزۈڭ ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىنىڭ نامىنى تىلغا ئالساڭ، شۇ ھامان تىلىگەن نەرسەڭ ئالدىڭدا پەيدا بولىدۇ، — دەپتۇ.

ھەسەن يىلان شاھزادىنىڭ دېگەنلىرىگە ماقۇل بوپتۇ. شۇچاغدا يىلان شاھزادە ھەسەنگە قاراپ:

— كۆزۈڭنى يۇم، — دەپتۇ.

ھەسەن كۆزىنى يۇمۇپتۇ. بىر چاغدا «كۆزۈڭنى ئاچ» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ، ھەسەن كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، ئۆزىنىڭ يەر ئۈستىدە ئورمانلىقنىڭ ئىچىدىكى يول بويىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ھەسەن ئۈستىبېشىدىكى كىيىم ـ كېچەكلەر، قورال ـ ياراقلارنىڭ شۇ پېتى تۇرغانلىقىنى، قولىدا ھېلىقى قاپاقنىڭمۇ بارلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ قاپاققا سىنچىلاپ قاراپتۇ؛ قاپاق يىلان شاھزادىنىڭ سارىيىدىكىدەك نۇرلىنىپ تۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ھەسەن ئۆزىنىڭ جاڭگالدىكى كېمىر ئۆيىنى ئىزدەپ خېلى ئۇزاق يول يۈرگەن بولسىمۇ، ئۆيىنى تاپالماپتۇ. ھاۋا قىزىپ ئۇسساشقا باشلاپتۇ، ئۇنىڭ لەۋلىرى قۇرۇپ، تامىقى چاپلىشىشقا باشلاپتۇ. ئۇ سۇ ئىچىشنى ئويلاپ ئەتراپىقا قاراپتۇ. ھەممە ياق چەكسىز كەتكەن چۆل بولۇپ، سۇنىڭ نىشانى كۆرۈنمەپتۇ. شۇچاغدا ھەسەن قاپاقنى يادىغا ئاپتۇ ـ دە، قوينىدىن قاپاقنى چىقىرىپ، قاپاقتىن سۇ ئىچمەكچى بوپتۇ، قاپاقتىن ھېچ نەرسە چىقماپتۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان، ھەتتا بىر تامچە سۇمۇ بەرمەيدىغان قاپاقنى ئالغانلىقىغا پۇشايمان يەپتۇ. ئۇ قاپاقنى تاشلىۋېتىشنى ئويلاپتۇ، لېكىن يىلان شاھزادىنىڭ ئايرىلىش ئالدىدا دېگەن سۆزلىرىنى يادىغا كەلتۈرۈپ، قاپاقنى چىڭ تۇتقىنىچە يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ھەسەن بەك ئۇسساپ كەتكەچكە، يولنى داۋاملاشتۇرۇشقا ماغدۇرى يەتمەي، ئولتۇرۇپ قاپتۇ ھەمدە ئاستا ـ ئاستا كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ، ھەسەن چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە يىلان شاھزادە پەيدا بولۇپ:

— ئەي دوستۇم، سەن ئۆز يۇرتۇڭغا بېرىپلا مېنى ئۇنتۇپ كېتىۋاتىسەن! مېنى ئۇنتۇپ قالما، بېشىڭغا ھەرقانداق كۈن چۈشسە، مېنى چاقىرساڭ، مەن يېنىڭدا ھازىر بولىمەن. قوپ، كۆزۈڭنى ئاچ، — دەپ ۋارقىراپتۇ. ھەسەن چۆچۈپ ئويغىنىپ، ئۆزىنى بىر گۈلزارلىق ئىچىدىكى سۇپىدا، قات ـ قات كۆرپە ئۈستىدە ياتقانلىقىنى، ئۇسسۇزلۇقى قېنىپ، ھاردۇقى چىقىپ

قالغانلىقىنى بىلىپتۇ. ئەتراپتا ھەر خىل گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەنىكەن. ھەسەن ئالدىدا يېقىنلا يەردا بىر تال قىزىل گۈلنىڭ پورەكلەپ ئېچىلىپ، ئۆزىگە ئېگىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. گۈلزارلىقتا زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقانىكەن، تۈرلۈك - تۈمەن قۇشلار چاڭىلداپ سايرىشىۋاتقانىكەن. ھەسەن ئۆزىگە ئىگىلىپ تۇرغان قىزىل گۈلنى پۇراپتۇ. قىزىل گۈلنىڭ خۇش پۇراق ھىدى دىمىقىغا ئۇرۇلۇشى بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدى كۈچكە تولۇپ روھلىنىپ كېتىپتۇ. گۈلنى ھىدلاپ پۇرىغانچە قىزىل گۈل ھەسەننى ئۆزىگە شۇنچە مەھلىيا قىلىشقا باشلاپتۇ. ھەمدە قىزىل گۈلدىن نۇر چاقناپ ئەتراپنى يورۇتۇشقا باشلاپتۇ، ھەسەن قولىنى سۇنۇپ ئاستا قىزىل گۈلنى تۇتقانىكەن، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە گۈلزارلىق كۆز ئالدىدىن غايىب بوپتۇ. ھەسەن بۇنىڭ نېمە ئالامەت ئىكەنلىكىنى بىلمەي قولىغا قاراپ، قولىدا يىلان شاھ ھەدىيە قىلغان قىزىل قاپاقنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ قاپاقنىڭ خاسىيىتىدىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ، قاپاقنىڭ خاسىيەتلىك قاپاق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ، قاپاقنى قوينىغا سېلىپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، ئۇ ئۇزۇن يول يۈرۈپ ئاخىر ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ. بۇلاق سۈيىنىڭ يولىنى لاۋا - چاتقاللا توساپ ئالغاچقا، بۇلاق سۈيى ھەر تەرەپكە ئېقىۋاتقانىكەن، ھەسەن دەرھال ئۆزىنىڭ كېمىر ئۆيىگە كىرىپ، قوينىدىكى قاپاقنى ئۆيىنىڭ تۆرىدىكى قوزۇقىغا ئېسىپ قويۇپ، قورال - ياراغلىرىنى يېشىپ، كەتمىنىنى ئېلىپ، بۇلاقنى ئوڭشاشقا چىقىپ كېتىپتۇ. ھەسەن قاراڭغۇ چۈشكۈچە ئىشلەپ، بۇلاقنىڭ ئېرىقىنى ئوڭشاپ، توسالغۇلارنى ئېچىپ، بۇلاق سۈيىنى راۋانلاشتۇرۇۋېتىپ ئۆيگە كىرىپتۇ. ئۆيدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. ئۆي پاكىز تازىلىنىپ، سۇپىغا ئوتقاشتەك چاقناپ تۇرغان گىلەم سېلىنغانىكەن. ئۆينىڭ تاملىرىغا جۇلالىنىپ تۇرغان گىلەملەر تارتىلغانىكەن. ئۆي ئىچى ھەر خىل ئۆي بېساتلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەنىكەن. كاڭدىكى شىرەگە شامدان قويۇلغان بولۇپ، شامنىڭ يورۇقىدا ئۆي ئىچى كۈندۈزدەك يورۇپ تۇرۇپتۇ، شىرەدە ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ھەر خىل تائاملار تىزىلغان بولۇپ، تائاملارنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئۆي ئىچىنى بىر ئالغانىكەن. ھەسەن بۇ كارامەتلەرنى كۆرۈپ، قىزىل قاپاق ئېسىلغان يەرگە قارىسا، قاپاق ئېسىلغان جايدا تۇرغانىكەن. ھەسەن بۇ كارامەتلىك ئۆزگىرىشلەرنىڭ قاپاقنىڭ خىسلىتىدىن بولغانلىقىنى بىلىپ، قاپاقنى ئېلىپ شىرەگە قويۇپ، تاماقلارنى ئىشتىھا بىلەن يەپتۇ.

ئەتىسى ھەسەن سەھەر ئورنىدىن تۇرسا، ئۆي ۋە ھويلىلار جانان چىنىدەك پاكىزە تازىلىنىپ، شىرەگە يەنە تۈرلۈك تائاملار تىزىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. تېخى ئۆزىنىڭ ئاددىي كىيىمىر ئۆيىنىڭ ئورنىدا ھەشەمەتلىك، ئېسىل بېزەلگەن، تۈرلۈك بېساتلارغا تولغان سارايىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھەيران بولۇپتۇ. ئۇ ئاخشام بېشىغا قويۇپ قويغان قىزىل قاپاقنىڭ ئىشىك بېشىدا ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ ھەيران بولۇپتۇ. ئۇ يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇشقا بۇلاق بويىغا بارسا، بۇلاق سۈيى كۆپىيىپ قالغان، ئەتراپتا گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەنىكەن، ھەسەن بۇلارنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھەسەننىڭ كۆڭلىرى راھەتتە ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. كۆڭلەرنىڭ

بىر يەردە، ھەسەننىڭ يەنە ئىچى پۇشۇپ ئوۋغا چىقىپتۇ. ھەسەن كۆپ يول يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئوۋلىغۇدەك ھېچقانداق نەرسە ئۇچرىماپتۇ. شۇڭا، ئۇ ئامالسىز قايتىپ كەپتۇ. ھەسەن ئۆيىگە يېقىن كەلگەندە، ئۆيىدىن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ، ھەسەن بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ، تىۋىش چىقارماي دېرىزە تۈۋىگە كەپتۇ، ئۇ دېرىزىنىڭ يوچۇقىدىن ئۆي ئىچىگە قاراپتۇ. قاپاق ئىچىدىن نۇر چىقىشقا باشلاپتۇ، نۇردىن ئىنتايىن چىرايلىق بىر ساھىبجامال قىز پەيدا بوپتۇ. ئۇ قىزنىڭ چېھرىدىن چاقنىغان نۇر بىلەن ئۆي ئىچى ۋىللىدە يورۇپ كېتىپتۇ، ئۇ قىز ئۆي ئىچىگە بىر قاراپ چىقىپ، ئىككى قېتىم چاۋاك چالغانىكەن، قاپاقتىن يەنە شۇنداق چىرايلىق ئىككى قىز چىقىپ، باشتا چىققان قىزنىڭ ئالدىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇ قىز قىزلارنى ئىشقا بۇيرۇپتۇ. قىزلارنىڭ بىرى تاماق قىلىشقا، يەنە بىرى ئۆيلەرنى تازىلاشقا باشلاپتۇ. باشتا چىققان قىز ئۆزى ئۆي ئىچىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ كەم نەرسىلەرنى تولۇقلاشنى بۇيرۇپ تۇرۇپتۇ. قىز بۇيرۇغان نەرسىلەر ئاشۇ قاپاقتىن چىقىپتۇ. ھەسەن بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ بولۇۋاتقان ئىشلارغا ھەيران بوپتۇ. قىزغا مېھرى چۈشۈپ كۆزىنى ئۇنىڭدىن پەقەت ئۈزەلمەپتۇ. قىزغا بولغان قىزىقىشى ئۇنى ئۆز ئورنىدا تۇرغۇزماپتۇ. ھەسەن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماپتۇ، ئۇ قىزلارغا تۇيدۇرماي ئۆيگە كىرمەكچى بولۇپ ئىشىكنى ئېچىشىغا قىزلار كۆز ئالدىدىن غايىب بوپتۇ. ئەمما ئۆيدىكى ھەممە نەرسە ئۆز پېتى تۇرۇپتۇ. قاپاقمۇ ئۆز جايىدا ئىسسىقلىق تۇرۇپتۇ. ئۇ ئويلا ـ ئويلا قاپاقنى ئۆيگە تاشلاپ قويسا بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ، قاپاقنى ئېلىپ قوينىغا سېلىپتۇ، قىزلار تەييارلىغان تاماقلارنى يەپ قورسىقىنى تويغۇزۇپتۇ. ھەسەن قورسىقى تويغاندىن كېيىن، قانداق قىلىش ھەققىدە كۆپ ئويلىنىپتۇ. ئاخىرى قاپاقنى ئۆزى يوشۇرۇنغان يەرگە يېقىنراق يەردىكى قوزۇققا ئېسىپ قويۇپتۇ ـ دە، ئۆزى يەنە يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. ئۇ كۈن پاتقاندىن كېيىن كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، قىز ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قولى ـ قولىغا تەگمەي، ئۆي ئىشلىرى بىلەن بەند بولۇۋاتقان ئىكەن. ھەسەن تىۋىش چىقارماي، قىزلارغىمۇ تۇيدۇرماي كېلىپ، چاققانلىق بىلەن قاپاقنى ئېلىۋاپتۇ. قىز شۇ چاغدا شەپىنى سېزىپتۇ. قىز كەينىگە بۇرۇلۇپ، ھەسەننىڭ قاپاقنى تۇتقىنىنچە، ئۆزىگە قاراپ، كۈلۈمسىرەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ھەسەن پەرى قىزنىڭ جامالىنى كۆرۈپ، تۇرغان ئورنىدا قېتىپ قاپتۇ. پەرى قىز خىجالەتچىلىكتە يۈزىنى قولى بىلەن ئېتىۋاپتۇ، ھەسەن خېلىدىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ، يەرگە قاراپ تۇرغان قىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— سىز كىم بولىسىز؟ سىز ئىنسانمۇ ياكى پەرىمۇ؟ ماڭا شۇنچىلىك ياردەم قىلىپ تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن يەنە بۇ قاپاققا كىرىپ يوشۇرۇنۇۋالىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ،

پەرى قىز بېشىنى كۆتۈرۈپتۇ. ھەسەننىڭ كۆز ئالدىدا ئاي پارلىغاندەك ئاجايىپ مەنزىرە پەيدا بولۇپتۇ. پەرى قىز تاتلىق كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مەن ئاستىنقى ئالەمدىكى يىلانلار شاھىنىڭ كەنجى قىزى ھۆسنىكامال بولىمەن. يېنىمدىكىلەر بولسا مېنىڭ كېنىزەك ـ خىزمەتكارلىرىم. سىز ئاكامنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، ئاكامنىڭ تەلىپى بويىچە مېنى ئاللانىڭ تەقدىر ـ قىسمىتى بىلەن سىزگە نىكاھلاپ قويغان، بىز

قولىڭىزدىكى «سېھىرلىك قاپاق» تىن ئايرىلىپ قالمىساقلا، مەڭگۈ بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلماي بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرىمىز. ھازىردىن باشلاپ مەن ۋە مېنىڭ كېنىزەكلىرىم سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە بولىمىز. بىراق، كۈندۈزى يەنىلا ئاشۇ « سېھىرلىك قاپاق»نىڭ ئىچىدە تۇرۇشىمىزغا ئىجازەت بەرسىڭىز، — دەپتۇ.

ھەسەن مەلىكىگە ماقۇل بولۇپ، پەرىنى باغرىغا بېسىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ بەختلىك تۇرمۇشى باشلىنىپتۇ، مەلىكە ھۆسنىكامال ھەر كۈنى كېنىزەكلىرى بىلەن ھەسەن ئورنىدىن تۇرغۇچە ئۆي ئىشلىرىنى تەلتۆكۈس تۈگىتىپ، تۇرلۇك تاماقلارنى تەييار قىلىپ قويۇپ، يەنە قاپاققا كىرىپ كېتىدىكەن، لېكىن، كەچتە قاپاقتىن چىقىپ، ئۆينى يورۇتۇپ، ھەسەن بىلەن تاڭ يورۇغىچە ھەمسۆھبەتتە بولىدىكەن. بەزىدە، كېنىزەكلەرنىڭ بىرى قولىغا دۇتار ئالسا، بىرى داپ ئېلىپ نەغمە - ناۋا قىلىدىكەن. ھەسەننىڭ بەختى ئېچىلىپ، غەم - قايغۇسى تۈگەپ، يالغۇز ياشاشتىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، مەلىكە ھۆسنىكامال ۋە ئۇنىڭ كېنىزەكلىرىنىڭ كۈندۈزى قاپاققا سولىنىۋېلىپ، پەقەت كېچىسىلا ئۆزى بىلەن بىللە بولۇشى ئۇنىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ ئىچ - پۇشۇقى تېخىمۇ ئېشىپتۇ، ھەسەن شۇ ئارزۇسىنىڭ كۈچىيىشى بىلەن بىر كۈنى مەلىكە ھۆسنىكامالغا:

— سىز بىردەم يېنىمدا بولمىسىڭىز، «سېھىرلىك قاپاق» قا كىرىۋالسىڭىز تولىمۇ بىئارام بولىدىكەنمەن، كەچ كىرگۈچە سىزنى سېغىنىپ، كۆرگۈم كېلىپ، تاقىتىم تاق بولۇپ كېتىدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن كۈندۈزىمۇ مەن بىلەن بىرگە بولسىڭىز، سىزنىڭ قاپاققا سولىنىۋېلىشىڭىزنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ، ھۆسنىكامال:

— بىزنىڭ بەختىمىز، خاتىرجەم، بىخەتەر ياشىشىمىز ئۈچۈن، ھېچبولمىغاندا، بىر مەزگىللىك بولسىمۇ، بۇ قاپاق ناھايىتى مۇھىم. مېنى ياخشى كۆرسىڭىز، قەدىرلىسىڭىز بۇنىڭ سەۋەبىنى ھازىرچە سورىماڭ، — دەپ «سېھىرلىك قاپاق»قا كىرىۋېلىشىنىڭ سىرىنى ئېيتقىلى ئۇنىماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەسەن بىر ئاز پەسكويغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتۈپتۇ. ئۇلار ئولتۇرغان ئۆينىڭ ئالدى - كەينى بۈك - باراقسانلىق باغقا ئايلىنىپتۇ. تۇرلۇك ئۇچار قۇشلار كېلىپ، بۇ بوستانلىقتا نەغمە - ناۋا قىلىشىدىغان بوپتۇ. ھەسەن ھۆسنىكامالدىن بىر قىز، بىر ئوغۇللۇق بوپتۇ، شۇنداقتىمۇ، ھۆسنىكامال كۈندۈزى بالىلىرى بىلەن «سېھىرلىك قاپاق» قا كىرىۋېلىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ھەسەن كۆپ قېتىم ھۆسنىكامالغا « سېھىرلىك قاپاق » قا كىرىۋالماسلىقنى ئۆتۈنۈپ يالۋۇرۇپتۇ، خاپا بوپتۇ، لېكىن ھۆسنىكامال زادىلا خاپا بولماي، ھەسەنگە سەۋر قىلىشنى، غەيرەت قىلىشنى ئېيتىپ:

— خۇدا ئىرادە قىلغان كۈنى سىز بىلەن كېچە - كۈندۈز بىللە بولىمەن، — دەپ ۋەدە بېرىپ تۇرۇپتۇ. لېكىن، ھەسەننىڭ سەۋر قاچىسى توشۇپ قاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھەسەن «مۇشۇ قاپاقنى يوقىتىۋەتسەمغۇ ھۆسنىكامال بىلەن كېچە - كۈندۈز بىرگە بولارمەن» دەپ ئويلاپتۇ. ھەسەن ئۆزىنىڭ ئويىنى توغرا بىلىپ، قاپاقنى سۇندۇرۇپ، يانچىپ تاشلاش ئۈچۈن تۇرلۇك

چارىلەرنى قوللىنىپ بېقىپتۇ. لېكىن ھەممە ئۇرۇنۇشلىرى بىكارغا كېتىپتۇ. قاپاق بولسا ئەسلىدىكىدەك تۇرۇۋېرىپتۇ. بىر كېچىسى ھۆسنىكامال قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەندە، ھەسەن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ قاپاقنى ئېلىپ، ئوچاقتىكى كۆيۈۋاتقان ئوتقا تاشلاپتۇ. شۇ چاغدا ھۆسنىكامال كېنىزەكلىرى بىلەن ئويغىنىپ:

— ئاھ ھەسەن! سىز ئۆزىڭىزگىمۇ قىلدىڭىز، ماڭىمۇ قىلدىڭىز، باللىرىم يېتىم قالدى، — دەپتۇ.

شۇ ھامان جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، ئاسماندىن بەھەيۋەت بىر مەخلۇق چۈشۈپ كەپتۇ. ھەسەن بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە، يىقىلىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. ھەسەن بىرچاغدا ھوشىغا كېلىپ قارىسا، يېنىدا ئىككى بالىسى ۋە ئەسلىدىكى كونا كېمىر ئۆيىدىن باشقا ھېچنېمىنىڭ ئىزناسى قالماپتۇ. باللىرى ئۇنىڭغا يېپىشىپ يىغلاپ ئولتۇرغانىكەن، ھەسەن خۇددى بېشىغا تاغ يىقىلغاندەك، غەم ـ غەپلەت ئاستىدا قاپتۇ، بىرنەچچە كۈنگىچە نېمە قىلارىنى بىلمەي، ئاچ ـ توق كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ، ئۆزىنىڭ قىلغان نادانلىقىغا كۆپ پۇشايمان قىلىپ يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، خۇداغا نالە قىپتۇ. ئەمما، بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ھېچ بىلمەپتۇ. بۇ تەقدىردىن قانداق قۇتۇلۇشقا ھېچ ئامال قىلالماپتۇ. ھەسەن باللىرىنىڭ نالە ـ زارىغا چىدىماي، ئاخىر قەيەردىن بولسۇن، ھۆسنىكامالنى تېپىشنى نىيەت قىلىپتۇ. ھەسەن ئۆز نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تەۋەككۈل قىلىپ، ئىككى بالىسىنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ نۇرغۇن يوللارنى بېسىپتۇ. چۆل ـ جەزىرىلەرنى كېزىپتۇ. ئۆزى يېمەي ـ ئىچمەي ئىككى بالىسىغا يېگۈزۈپ، ئىچۈرۈپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ يول يۈرۈپ بىر توغراقلىققا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ كېتىۋېتىپ، بۇلاق بېشىدىكى بىر ئۆينى ئۇچرىتىپتۇ، ئۇ ئۇدۇل ئاشۇ ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ، سالام بېرىپ ئۆيگە كىرىپتۇ. ھەسەن قارىسا ئۆيدە بىر بوۋاي بىلەن موماي ئولتۇرغانىكەن، بوۋاي بىلەن موماي ھەسەن ۋە ئۇنىڭ باللىرىنى كۆرۈپ، ھەسەننىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلىپ:

— كېلىڭلار، باللىرىم، — دەپ ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ ھەمدە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپتۇ. ئۆيدە بار نەرسىلىرى بىلەن ئۇلارنى كۈتۈپتۇ:

— بالام، بۇ نارەسىدە باللىرىڭنى بۇنچە كۈلپەتكە قويۇپ، ئادەم بالىسى ئاياغ باسمىغان يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ، ھەسەن بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى قىسقا قىلىپ سۆزلەپ بېرىپتۇ، بوۋاي يەنە:

— ئەمدى، قانداق قىلماقچىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

ھەسەن بېشىغا قانداق قىسمەتلەرنىڭ كېلىشىدىن قەتئىينەزەر ھۆسنىكامالنى ئىزدەپ تېپىش نىيىتىدىن يانمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، بوۋاي ئۇنىڭغا:

— بالام، سەن تولىمۇ مۈشكۈل ۋە خەتەرلىك سەپەرگە ئاتلىنىپسەن، ساڭا ئاللا مەدەت قىلسۇن، باللىرىڭنىڭ جېنىنى قىينىمىغىن، بىزنىڭ بالىمىز يوق. بالىلارنىڭ ئېغىرلىقىنى يەر كۆتۈرىدۇ، رىسقىنى خۇدايىم بېرىدۇ. بالىلار بىزدە قالسۇن، بارىنى تەڭ كۆرۈپ ئۆتىمىز. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، سەن ھۆسنىكامالنى تېپىپ، تىنچ ـ ئامان

قايتىپ كەلسەڭ. خۇدايىم بۇ بالىلىرىڭنى باغرىڭغا بېسىپ، بېشىنى سىلىشىڭغا ئىرادە قىلار، ــ دەپ ھەسەنگە يەتتە گىردە بېرىپ، ئاق يول تىلەپ دۇئا قىلىپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

ھەسەن ئاق كۆڭۈل بوۋاي بىلەن مومايغا ئىككى بالىسىنى قالدۇرۇپ قويۇپ، يولغا چىققاندىن كېيىن، كېچە ـ كۈندۈز توختىماي نەچچە ئاي يول يۈرۈپتۇ. نۇرغۇن چۆل ـ جەزىرىلەرنى، تاغ ـ ئورمانلارنى بېسىپ ئۆتۈپتۇ، ئاجايىپ ـ غارايىپ مۇشكۈلاتلارنى يېڭىپتۇ. ئۇ يول يۈرۈپ ئاخىرى سېپىللىرى ئاسمانغا تاقىشىدىغان ھەيۋەتلىك بىر باغقا يولۇقۇپتۇ، ھەسەن باغقا كىرمەكچى بولۇپ، باغنىڭ دەرۋازىسىنى ئىزدەپ كېتىۋېتىپ ناھايىتى ھەيۋەتلىك بىر ئىمارەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. ھەسەن دەرۋازا ئالدىدا كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ، دەرۋازا ساقلاۋاتقان ئىككى يولۋاسنى كۆرۈپتۇ. يولۋاسلار ھەسەننى كۆرۈشى ھامان يەرنى تىلغاپ، ئاسمان ـ پەلەك چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈپ، نەرە تارتىپ ئېتىلىشقا تەييارلىنىپتۇ، يولۋاسلارنىڭ نەرىدىن ئەتراپ تىترەپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا دەرۋازا ئېچىلىپ، ئىچىدىن بىر دېدەك چىقىپ يولۋاسلارنى تىنچلاندۇرۇپتۇ ھەمدە ھەسەننىڭ يېنىغا كېلىپ:

ــ بۇ يەرگە نېمە ۋەجىدىن كېلىپ قالدىڭىز؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ھەسەن ئۆزىنىڭ بىر مۇساپىر ئىكەنلىكىنى، يولدىن ئېزىپ قېلىپ كېلىپ قالغانلىقىنى، ساراي ئىگىسىدىن قونالغۇ سوراپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. دېدەك ھەسەننى چاچ ـ ساقاللىرى تامامەن ئاقارغان، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان بىر بوۋاينىڭ ئالدىغا باشلاپ بېرىپتۇ. بوۋاي بولسا بىر توپ قاپلاننىڭ گاھىدا موللاق ئېتىپ، گاھىدا سەكرەپ، گاھىدا چېلىشىپ ئويۇن چىقىرىشلىرىنى تاماشا قىلىپ ئولتۇرغانىكەن.

بوۋاي ھەسەننى كۆرۈپ، قاپلانلارغا بىر نەرسە دېگەنىكەن، قاپلانلار جىم بولۇپ قاپتۇ، ھەسەن بوۋاي بىلەن ھال ـ ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن، بوۋاي ھەسەننىڭ ئۈستىبېشىغا قاراپ:

ــ سەن ئادەتتىكى مۇساپىرلارغا ئوخشىمايسەن، بۇ يەرگە نېمە ۋەجىدىن كېلىپ قالدىڭ؟ ــ دەپ سوراپتۇ، ھەسەن بوۋاينىڭ ئۆزىنى بىلىپ بولغانلىقىنى چۈشىنىپ، ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن كەچمىشلىرى بىلەن بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى بايان قىلىپتۇ. بوۋاي ھەسەننىڭ قىسمەتلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپتۇ، ھەمدە ئۇنىڭغا كۆيۈنگەن ھالدا:

ــ بالام، سەن تولىمۇ مۈشكۈل سەپەرگە ئاتلىنىپسەن. ئالدىڭدىكى يول ئۇزۇن ھەم خەتەرلىك ئىكەن. ئالدىڭدا تۈرلۈك ـ تۈمەن توسالغۇلار بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن، سەن ھۆسنىكامالنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەيسەن، مەيلى، ئۇنى چار يىلانلار شاھلىقى ئېلىپ كەتتىمۇ دەيلى، ئەمما سەن ئۇ شاھلىقنىڭ يەر ئۈستىدىمۇ ياكى يەر ئاستىدىمۇ بۇنى بىلمەيسەن، شۇنىڭ ئۈچۈن، سەن خالىساڭ مېنىڭ يېنىمدا بىر مەزگىل تۇرغىن، مېنىڭ بېغىمدا بۇ جاھاندىكى مەيلى يەر يۈزىدىكى ياكى ھاۋادىكى جەمئىي ھايۋان ۋە ئۇچار قۇشلارنىڭ ھەممىسى بار. مەن شۇلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولىمەن. ئۇلار مېنى بۇ دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرىدىن بەھرىمەن قىلىدۇ، بۇ دۇنيانىڭ دۈشمەنلىرىدىن ساقلايدۇ. سېنىڭ كەچمىشلىرىڭنى ئاڭلاپ، ساڭا ياردەم قىلغۇم كەلدى، شۇڭا مېنىڭ يېنىمدا تۇرۇپ، مېنىڭ بېغىمدىكى جان ـ جانىۋارلارنىڭ تىلىنى

ئۆگىنىۋال، مۇشكۇلۇڭ ئاسان بولۇپ، مۇرادـ مەقسىتىڭگە يەتسەڭ ئەجەب ئەمەس، ــ دەپتۇ.

ھەسەن بوۋايغا چەكسىز مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئۇچار قۇشلارنىڭ، ھايۋانلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ. بوۋاي بىرنەرسە دېگەنىكەن، قاپلانلار ئۆز ئۇۋىلىرىغا كىرىپ كېتىپتۇ. بوۋاي ھەسەننى باغقا باشلاپ كىرىپ، باغدىكى بارلىق ئۇچار قۇش، ھايۋانلارنى كۆرسىتىپتۇ ھەم بەزى ھايۋانلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ھەسەن ئۇ بوۋايىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئاشۇ باغدا تۇرۇپ قاپتۇ. ھەسەن ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە ئادەتتىن تاشقىرى تىرىشچانلىقى بىلەن ئۇزاق ئۆتمەي ھەممە ھايۋانات ۋە ئۇچار قۇشلار بىلەن چىقىشىپ دوست بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى ھەسەن بوۋايدىن ئۆزىگە ئىجازەت بېرىشنى سوراپتۇ ھەمدە ھۆسنىكامالنى تاپقاندىن كېيىن بوۋايىنى يوقلاپ كېلىشكە ۋەدە بېرىپتۇ. بوۋايىنىڭ ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىسىمۇ، ئۆز رازىلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. ھەسەن يولغا چىقىش ئالدىدا بوۋاي:

ــ مۇشۇ باغنىڭ قىبلە تەرىپىدىكى يولنى بويلاپ 40 كۈن ماڭساڭ، ئاكامنىڭ سارىيىغا يېتىپ بارىسەن. ئاكام دەريا ـ دېڭىز، كۆل ـ بۇلاقلاردا، يەر ئاستىدا ياشايدىغان ھەممە ھايۋانلارنىڭ تىلىنى بىلىدۇ. ئاكامنىڭ ئاشۇ ھايۋانلىرى يىلانلار شاھلىقىنىڭ خەۋىرىنى بىلىشى مۇمكىن، شۇڭا سەن ئاكامدىن چوقۇم تەلىم ئالغىن، ــ دەپ ئاق يول تىلەپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. ھەسەن بوۋاي كۆرسەتكەن يول بىلەن سەپەرگە چىقىپتۇ.

ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى ھۆسنىكامالنىڭ ئەھۋالىدىن ئاڭلايلى. ئەسلىي يەر ئاستىدا بىر ـ بىرىگە قوشنا بولغان ئىككى يىلانلار شاھلىقى بار ئىكەن، بۇلارنىڭ بىرى، ئىلگىرى ھەسەنگە «سېھىرلىك قاپاق»نى تەقدىم قىلغان، ھۆسنىكامالنىڭ دادىسى شاھلىق قىلىۋاتقان ئاق يىلانلار شاھلىقى ئىكەن. يەنە بىرى، چار يىلانلار شاھلىقى ئىكەن. چار يىلانلار شاھلىقىنىڭ نۇرغۇنلىغان لەشكىرى سېھرىي كۈچ بىلەن خىلمۇخىل ئۆزگىرەلەيدىغان بىر سەركەردىسى بار ئىكەن، چار يىلانلار شاھلىقىنىڭ پادىشاھى بولسا، ئۆزىنىڭ سېھىر ـ ئەپسۇنلىرى ئارقىلىق بۇ سەركەردە ۋە باشقا ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرىنى بويسۇندۇرۇپ، يۇرتنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدىكەن. كىمىكى پادىشاھلىق پەرمانىغا بويۇنتاۋلۇق قىلسا، ھەممىگە قادىر بولغان سېھىر ـ ئەپسۇنىنى ئوقۇپ، بويۇنتاۋلۇق قىلغۇچىنىڭ ئەدىپىنى بېرىدىكەن. چار يىلان شاھىنىڭ ئازۇر ئىسىملىك بىر شاھزادىسى بولۇپ، ئۇ قوشنىسى ئاق يىلانلار شاھلىقىنىڭ كەنجى قىزى ھۆسنىكامالغا ئاشىق ئىكەن. ئۇلار كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ھۆسنىكامال ئۇ شاھزادىنى ياقتۇرمىغاچقا، ھەمدە چار يىلانلار شاھلىقىنىڭ زوراۋان، ئاچ كۆز، قوشنىلىرىغا يامان نىيەتتە بولىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغانىكەن. چار يىلانلار شاھىنىڭ ئەپسۇنى ئۆز ماكانى ئىچىدىلا كۈچىنى كۆرسىتىپ، ماكانىدىن ئايرىلسا كارغا كەلمەيدىكەن ۋە «سېھىرلىك قاپاق»نىڭ كارامىتى تۈپەيلىدىن ھۆسنىكامالنى قولغا چۈشۈرۈش نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانىكەن. چار يىلانلارنىڭ شاھى ئۆزىنىڭ 72 خىل ئۆزگىرەلەيدىغان سەركەردىسىنى نۇرغۇن لەشكەر بىلەن كۆپ قېتىم ھۆسنىكامالنى قولغا

چۈشۈرۈشكە ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ھۆسنىكامالنىڭ دادىسى ئۆزىنىڭ ئارزۇلۇق ئۈچ قىزىنى ئۈچ دانە «سېھىرلىك قاپاق» تا ساقلىغانلىقى، «سېھىرلىك قاپاق» لارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئاجايىپ كارامەتلىرى، ھېكمەتلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغانىكەن. «سېھىرلىك قاپاق»لارنىڭ ھېكمىتى شۇ ئىدىكى، كىم بولسۇن، غەرەزى دوستلۇق، مېھرىبانلىق، بۇرادەرلىك مەقسىتىدە بولسا، ئۇلارغا مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ ۋە ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالىدىكەن، ئۇلارنىڭ تەلىپى قاندۇرۇلۇپ، تۇرلۇك ھاجەتلىرى «سېھىرلىك قاپاق»لار ئارقىلىق ئورۇندىلىدىكەن. ئەگەر كىمدە كىم دۈشمەنلىك قىلسا، بۇ «سېھىرلىك قاپاق »لار كارامەتلىرى ئارقىلىق قاتتىق زەربە بېرىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، چار يىلانلار شاھلىقىنىڭ ھەممە ئورۇنۇشلىرى بەربات بولغانىكەن. ئازۇر دادىسىغا ھۆسنىكامالنىڭ ۋەسلىگە يېتىش تەلىپىنى قويغاندىن كېيىن، پادىشاھ ئۆز سەركەردىسىگە ھۆسنىكامالنى ئوغرىلاپ بولسىمۇ قولغا چۈشۈرۈشنى بۇيرۇغانىكەن. ئەمما، بۇ سەركەردە كۆپ قېتىم ھەرىكەت قىلىپ ھۆسنىكامالنى قولغا چۈشۈرەلمىگەنلىكتىن پادىشاھ غەزەپلىنىپ، ئۇ سەركەردىنى ئۆزىنىڭ سېھىر ئەپسۇنى ئارقىلىق ئادىمىزات دۇنياسىغا ھەيدىۋەتكەنىكەن. شاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان سەركەردە يەر ئۈستىدە دەردىنى ئېچىگە يۇتۇپ يۈرگەندە، ئاق يىلان شاھنىڭ شاھزادىسى ئۆزى ماكانىدىن ئايرىلىپ، يولدىن ئادىشىپ قېلىپ، سەركەردىگە ئۇچراپ قاپتۇ، سەركەردە ھۆسنىكامالنىڭ ئاكىسىنى پادىشاھىغا تۇتۇپ بېرىپ، كەچۈرۈمگە ئېرىشىش ئۈچۈن شاھزادە بىلەن ئۇرۇشقانىكەن. ئۇلار ئىككىسى ئۇرۇشۇۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە ھەسەن كېلىپ قېلىپ، شاھزادىنى بالا ـ قازادىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغانىكەن. لېكىن، ئۇلار ھۆسنىكامالنى قولغا چۈشۈرۈش نىيىتىدىن يانمىغانىكەن. ھۆسنىكامال ئۇلارنىڭ يامان نىيىتىنى «سېھىرلىك قاپاق»نىڭ ھېكمىتى ئارقىلىق بىلىپ تۇرغانىكەن. ئۇلارمۇ «سېھىرلىك قاپاق» نىڭ كارامىتىدىن قورقۇپ ھۆسنىكامالغا زىيان يەتكۈزەلمەي يۈرگەنىكەن. ھەسەن بىلەن ھۆسنىكامالمۇ «سېھىرلىك قاپاق» نىڭ كارامىتى بىلەن ئامان ـ ئېسەن ياشىغانىكەن. لېكىن ھەسەننىڭ «سېھىرلىك قاپاق»نى يوق قىلىش ئويى ئۇلارغا ئۇمىد ئېلىپ كېلىپ پەيت كۈتۈپ يۈرگەنىكەن. شۇڭا، چار يىلان شاھى ئۆزىنىڭ ئەپسۇنى ئارقىلىق سەركەردىسىنى ھەسەننىڭ «سېھىرلىك قاپاق» پەيدا قىلغان ئۆيىنىڭ ئەتراپىغا يوشۇرۇپ قويغانىكەن. ھەسەن «سېھىرلىك قاپاق»نى كۆيدۈرۈش نىيىتىگە كەلگەن ھامان، بۇ سەركەردە ئەپسۇن بىلەن ئۆزگىرىپ، ئوت كۆيۈۋاتقان ئوچاقنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئاغزىنى ئېچىپ، پۇرسەت كۈتۈپتۇ. ھەسەن «سېھىرلىك قاپاق»نى ئوچاقتىكى ئوتقا تاشلىدىم دەپ، ئاشۇ سەركەردىنىڭ ئېغىزىغا تاشلاپتۇ. سەركەردە شۇ ھامان «سېھىرلىك قاپاق»نى ئېلىپ ئۆز ماكانىغا قايتىپتۇ ھەم ئۆز شاھىغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. چار يىلان شاھ بۇ «سېھىرلىك قاپاق»نى باشقىلارنىڭ ئېلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، شۇ ھامان يۇتۇۋاپتۇ. ئۇلار ھۆسنىكامالنى قولغا چۈشۈرۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن مەخسۇس ساراي بەلگىلەپ، بىر نەچچە كېنىزەكنى ئۇنىڭ خىزمىتىگە سېلىپ بېرىپتۇ. لېكىن، ھۆسنىكامال ئېرى بىلەن باللىرىنىڭ دەرد ـ

پىراقىدا ئاش ـ تاماقتىن قاپتۇ، چىرايى سامانىدەك سارغىيىپ، ماغدۇرىدىن كېتىپتۇ. ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن چار يىلان شاھى ئۇستا تېۋىپ ـ ھەكىملەرنى چاقىرتىپ، ھۆسنىكامالنى كۆرسىتىپتۇ. تېۋىپلار قۇۋۋەتلىك دورا ـ تائاملار بىلەن ھۆسنىكامالنى داۋالىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ «كېسىلى» گە شىپا تېپىلماپتۇ. چار يىلان شاھ ھۆسنىكامالنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، پەرمان بىلەن ھۆسنىكامالغا چاھارباغ بىنا قىلدۇرۇپ بېرىپتۇ. ھۆسنىكامال ئاشۇ باغقا چىققاندىن كېيىن، چىرايىغا بىرئاز قان يۈگۈرۈپتۇ، ئانچە ـ مۇنچە غىزا ـ تائاملارغا كۆڭلى تارتىپتۇ. بىر كۈنى شاھزادە ئازۇر ھۆسنىكامالنىڭ چېھرىدىكى قىزىللىق ۋە تەبەسسۇمنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا نىكاھلىنىش تەلىپىنى قويۇپتۇ. ھۆسنىكامال ئۇنىڭغا:

ـــ شاھزادىنىڭ ماڭا توي قىلىش تەلىپىنى قويۇشى، ئۇلۇغ شاھنىڭ ماڭا قىلغان ئەڭ چوڭ ھىممىتى، مەن بۇنىڭدىن چەكسىز مىننەتدارمەن. لېكىن، مېنىڭ كېسىلىم تېخى سەللىمازا ساقىيىپ كەتمىدى، شۇڭا شاھزادىنىڭ نىكاھلىنىش توغرىسىدىكى تەلىپىنى بەجا كەلتۈرۈشكە ھازىرچە ئامالسىزمەن. يەنە بىر تەرەپتىن، مەن خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن يەر ئۈستى پادىشاھلىقىدا نىكاھلىق بولغان ئايالمەن، سىلەر مېنى ئۆز ئىرادىمدىن مەجبۇرىي ئايرىۋەتكەن بولساڭلارمۇ، مەن ئېرىدىن ئايرىلغان ئاياللار ئادا قىلىشقا تېگىشلىك شەرتنى ئادا قىلاي، چۈنكى ئايال كىشى ئەردىن چىققاندا 100 كۈن ئىددەت تۇتىدۇ. بۇ ۋاقىت ئىچىدە توي قىلسا ياكى يات ئەرگە يېقىنلاشسا، ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولۇپ، خۇدانىڭ ئېغىر جازاسىغا ئۇچراپ جېنىدىن جۇدا بولىدۇ، يەر ئۈستىدىكى 100 كۈن يەر ئاستىدىكى 3 يىلغا تەڭ كېلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، شاھزادىنىڭ بۇ ۋاقىت ئىچىدە توي قىلىش تەلىپىنى قايتا ئېغىزغا ئالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن، ـــ دەپتۇ.

شاھزادە ھۆسنىكامالنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

ـــ ئۈچ يىل توشقاندىن كېيىنچۇ ؟ ـــ دەپ سوراپتۇ. ھۆسنىكامال:

ـــ ئۈچ يىلدىن كېيىن شاھزادىنىڭ دېگىنىدەك بولسۇن، ـــ دەپتۇ.

شاھزادە ئامالسىز ھۆسنىكامالنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بوپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ھۆسنىكامال ئەقىل ئىشلىتىپ ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ، لېكىن، شاھزادە ھەر ئايدا بىر نۆۋەت باغقا كىرىپ، ھۆسنىكامال بىلەن بىر ۋاقلىق تاماقنى بىرگە يېيىش تەلىپىنى قويۇپتۇ. ھۆسنىكامال ئامالسىز ماقۇل بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ھۆسنىكامال ئېرى، بالىلىرىنى خىيال قىلىپ كۈن ساناپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈپتۇ. ئەمدى گەپنى ھەسەندىن ئاڭلايلى.

ھەسەن ئۆزىگە ئۇچارقۇش، ھايۋانلارنىڭ تەلىنى ئۆگىتىپ قويغان ئۇستازى بىلەن خوشلىشىپ، ئۇ كۆرسىتىپ قويغان نىشان بويىچە نۇرغۇن يوللارنى بېسىپ، ئاخىرى قېلىن بىر ئورمانلىققا كېلىپ توختاپتۇ. ئۇ چەكسىز كەتكەن ئورمانلىقنى كۆرۈپ، ئورمانلىقنى ئايلىنىپ ئۆتمەي، ئورمانلىقنىڭ ئىچى بىلەن يولنى داۋاملاشتۇرۇشنى نىيەت قىلىپتۇ. ئۇ ئورمانلىقتا بىر ئاش پىشىم ماڭغاندىن كېيىن، ئۈچى ئاسمان ـ پەلەككە تۇتاشقان، شاخلىرى يەتتە پاتمان يەرگە سايە تاشلاپ تۇرغان يوغان بىر توپ چىنارنىڭ تۈۋىگە كېلىپ قاپتۇ.

هەسەن ئاشۇ چىنارنىڭ سايىسىدا بىر ئاز ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئولتۇرۇپتۇ. شۇ هامان ئۇنى ئۇيقۇ بېسىپ، كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ، ئۇ ئۇخلاپ چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ئۆزىگە قانات چىقىپ، كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ، ئۇ ئورمانلىقنىڭ ئۈستىدىن پەرۋاز قىلىپ ئۆتۈپ، ئېگىز بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپتۇ، ئۇ تاغدا تۇرۇپ قارىغۇدەك بولسا، ئەتراپنىڭ هەممىسى بىر گۈللۈك باغدەك كۆرۈنۈپتۇدەك، ئۇ تاغنىڭ باغرىغا قارىغانكەن، تاغ باغرىنىڭمۇ پۈتۈنلەي گۈللەر بىلەن ئورالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ، ئاشۇ گۈللەر ئارىسىدا، يالتىراپ نۇر چېچىپ تۇرغان بىر دەستە قىزىل گۈلنى تۇتۇپ هۆسنىكامالنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. هەسەن هۆسنىكامالنى كۆرۈپ «هۆسنىكامال، هۆسنىكامال» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ ئۇچۇپتۇ. ئۇ هۆسنىكامالنىڭ يېنىغا ئەمدى يېتەي دېيىشىگە، بىر توپ قاناتلىق يىلانلار پەيدا بولۇپ ئۇنىڭغا ئېتىلىپتۇ. هەسەن «هۆسنىكامال» دەپ ۋارقىرىغىنىچە چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئەتراپقا قارىغۇدەك بولسا، ئۆزىنىڭ هېلىقى چىنارنىڭ تۈۋىدە ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. هەسەن چىنارغا چىقماقچى بولۇپ يول ئىزدەپتۇ. چىنارنىڭ شاخلىرىدا خىلمۇخىل قۇشلار نەغمە ـ ناۋا قىلىشىۋاتقانىكەن، بىر چاغدا يېقىنلا بىر يەردىن جاراڭلىق كۈلكە ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. هەسەن بۇ يەردە ئادەم بار ئوخشايدۇ دەپ ئەتراپقا قاراپتۇ. ئىككى كاككۇك ئۇچۇپ كېلىپ، قۇشلارنىڭ قاتارىغا قوشۇلۇپتۇ، ئۇلاردىن بىرى چىنارنىڭ تۈۋىدىكى چىرايىدىن مۇڭ ۋە مىسكىنلىك چىقىپ تۇرغان هەسەننى كۆرۈپ، يېنىدىكى هەمراهىغا:

— بۇ بىچارىمۇ خۇددى بىزگە ئوخشاش يار دەردىدە مۇڭغا پېتىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەگەر ئۇ ئۆزى يۆلىنىپ ئولتۇرغان چىنار تۈۋىدىن كۈنپېتىشقا قاراپ يېرىم كۈن يول يۈرسە، هەيۋەتلىك بىر تاغقا يېتىپ بارىدۇ، قاپتىلىدا بىر ئۆڭكۈر بار، ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى بىلەن تاغنىڭ كەينى تەرىپىگە ئۆتسىلا يايلاقتا بىر توپ يىلقا ئوتلاپ يۈرىدۇ. ئۇ يىلقىلارنىڭ ئىچىدىن ئاق قاشقىلىق بىر چىلان تورۇق ئاتنى تۇتۇپ مىنسىلا، كۆزلىگەن نىشانىغا جاپا تارتماي بارالايدۇ، — دەپتۇ.

هەسەن كاككۇكلارنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ـ دە، كۈنپېتىش تەرەپكە قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇ چۈشكىچە مېڭىپ، دېگەندەك بىر تاغ تۈۋىگە يېتىپ بېرىپتۇ، هېرىپ چارچىغىنىغا قارىماي تاغقا يامىشىپ چىقىپتۇ. ئۇ مىڭ تەسلىكتە هېلىقى ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىغا چىقىپتۇ، ئۇ ئازراق ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن «بىسمىللا» دەپ ئۆڭكۈر ئىچىگە قەدەم بېسىپتۇ. خېلى ئۇزاق يول يۈرگەندىن كېيىن، ئالدى تەرەپتىن غۇۋا يورۇقلۇق كۆرۈنۈپتۇ. شۇ يورۇقلۇقنى نىشان قىلىپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، ئۇ خېلى يول يۈرۈپ، ئۆڭكۈردىن چىقىشىغا، ئالدىغا ئاپپاق ساقاللىق، نۇرانە چىراي بىر بوۋاي چىقىپ كەپتۇ. هەسەن ئۇ بوۋايغا هۆرمەت بىلەن:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بوۋا، — دەپ سالام بېرىپتۇ.

بوۋاي هەسەننىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلىپتۇ. هەمدە هەسەندىن:

— سەن قاياققا ماڭدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

هەسەن ئۆزىنىڭ كەچمىشلىرىنى، سەپەر قىلىش مەقسىتىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ، بوۋاي ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ:

— ئاق يول بولسۇن، بالام. سەن تولىمۇ خەتەرلىك يولغا مېڭىپسەن. ئاللاتائالا ساڭا مەدەت

قىلغاي، سېنىڭ خۇدا قوشقان ھالال جۈپتۈڭ تولىمۇ خەتەرلىك جايدا. خەۋپ ئىچىدە تۇرۇۋېتىپتۇ. سېنىڭ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىمىقىڭ تولىمۇ مۇشكۈل، — دەپتۇ.

ھەسەن بوۋاينىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، كۆز ياشلىرىنى باھار يامغۇرىدەك تۆكۈپ تۇرۇپ:

— ئەي بوۋا، ئاشۇ ئىككى نارەسىدە بالامنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن ماڭا يول كۆرسىتىڭ، — دەپتۇ.

ھەسەننىڭ ھالىغا قاراپ بوۋاينىڭ ئىچى ئاغرىپ:

— بالام، بۇنىڭ پەقەت بىرلا يولى بار، ئۇ بولسىمۇ، سەن ھازىر كەلگەن غارنىڭ بۇ تەرىپىدىكى يايلاقتا ئوتلاۋاتقان يىلقىلارنىڭ ئىچىدە ئاق قاشقىلىق چىلان تۇرۇق ئاتنى تۇتۇپ مىنىپ، ئۇ ئاتنىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ بەرسەڭ، ئۇ ئات سېنى دەريا - دېڭىز، كۆللەردىكى بېلىق ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ تىلىنى بىلىدىغان بوۋاينىڭ سارىيىغا يەتكۈزۈپ قويىدۇ. ئۇ بوۋاي بىلەن كۆرۈشسەڭ، ئۇ بوۋاينىڭ ناھايىتى چوڭ بىر چاھار بېغى بار. باغنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا بىر چوڭ كۆل بولۇپ، بۇ كۆلدە نۇرغۇن بېلىقلىرى بار، شۇ بېلىقلارنىڭ ئارىسىدا بويىنى ۋە گەجگىسىدە يالى بار بىر ئاق لەھەڭ بار. بۇ لەھەڭ كۆلنىڭ نەق ئوتتۇرىسىدىكى مىڭ يىللىق چىنار تۈۋىنى ماكان تۇتقان. لەھەڭ ماكان تۇتقان يەردىكى چىنار يىلتىزىنىڭ ئارىسىدا بىر كىچىك قۇتا بار. ئەگەر سەن شۇ قۇتىنى قولغا چۈشۈرەلىسەڭ، ئاندىن ھۆسنىكامالنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يولىنى تاپقان بولىسەن، — دەپتۇ.

ھەسەن بوۋايدىن چەكسىز مىننەتدار بولۇپ، بوۋايغا چىن دىلىدىن تەشەككۈر ئېيتىپتۇ. بوۋاي:

— ساڭا ئاق يول تىلەيمەن، بالام، — دەپ دۇئا قىلىپ كېتىپ قاپتۇ.

ھەسەن غار بىلەن كەينىگە قايتىپ، غاردىن چىقىپ، تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تۈزلەڭلىككە قارىسا، چەكسىز كەتكەن يايلاقتا سانسىزلىغان يىلقىلار ئوتلاپ يۈرگەنىكەن، ھەسەن يىلقىلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن سالام بېرىپتۇ. يىلقىلار ئۇنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ھەسەن ئۆزىنىڭ ھاجىتىنى بىلدۈرۈپتۇ. شۇ چاغدا، يىلقىلار ئارىسىدىن ئۆزى ئىزدىگەن ئاق قاشقىلىق چىلان تۇرۇق ئات ئويناقشىغىنىچە ئاتلار ئارىسىدىن چىقىپ، ئۇزاقتىن بويان ئايرىلىپ كەتكەن ئىگىسىنى تاپقاندەك ھەسەننىڭ يېنىغا كېلىپ ئەركىلەپ، يېنىك كىشنەپ تۇرۇپتۇ. ھەسەن ئاتنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئاتنىڭ باش - كۆزىنى، يالىنى سىلاپتۇ، ھەسەن ئاتنى چاققانلىق بىلەن مىنىپ، يالىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ھەسەن ئاتنى مىنگەن ھامان، ئات دەسلەپتە يېنىك يورغىلاپ مېڭىپتۇ. ئاتنىڭ يورغىسى ئاستا - ئاستا تېزلىشىپ ئۇچقاندەك چېپىشقا باشلاپتۇ. ھەسەن ئاتنىڭ يالىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ، ئاتنى ئىختىيارىغا قويۇۋېتىپتۇ. ئات ھەسەننى تاغ - ئېدىر، چۆل - جەزىرىلەردىن شامالدەك ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرى چوڭ بىر باغنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ توختاپتۇ. بۇ باغ ئەسلى ھەسەنگە تۇرلۇك ئۇچار قۇش، ھايۋانلارنىڭ تىلىنى ئۆگەتكەن ئۇستازىنىڭ قېرىندىشىنىڭ بېغى ئىكەن. ھەسەن ئاتتىن چۈشۈپ ئاتنى قويۇپ بېرىپتۇ، ئات قاتتىق بىر كىشنىگەنىكەن، سارايىنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلىپ بىر بوۋاي چىقىپتۇ. ھەسەن بوۋايغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن سالام بېرىپتۇ ھەمدە بوۋايغا قېرىندىشىنىڭ، يەنى

ئۆزىنىڭ ئۇستازىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈپتۇ، بوۋاي ھەسەننى سارىيىغا تەكلىپ قىلىپ، ئۇنى تۈرلۈك ئېسىل نېمەتلەر بىلەن مېھمان قىلىپ، ئۇنىڭ بۇ يەرگە نېمە مەقسەت بىلەن كەلگەنلىكىنى سوراپتۇ. ھەسەن ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ھەمدە كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ:

— ئاشۇ ئىككى نارەسىدە بالامنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن، مېنىڭ ھۆسنىكامالنى تېپىشىمغا ياردەم قىلغان بولسىلا، — دەپ ئۆتۈنۈپتۇ.

ئۇ بوۋاي ھەسەننىڭ ئېيتقانلىرىنى ۋە ئىلتىماسىنى ئاڭلاپ:

— بالام، ھەقىقەتەن سارىيىمنىڭ يېنىدا ئۇ چېتىدىن ـ بۇ چېتىگە توقسان كۈندە يېتىپ بارىدىغان بىر چار بېغىم بار. بۇ باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەتراپىنى ئوتتۇز كۈندە ئايلىنىپ بولغىلى بولىدىغان بىر كۆل بار، كۆلنىڭ مەركىزىدە ئۈچ ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتمەيدىغان بىر تۈپ چىنار دەرىخى بار. لېكىن، چىنارنىڭ يىلتىزىدا، سۇنىڭ ئاستىدا نېمە بارلىقىنى بىلمەيمەن، ئۇ يەردە نېمە بارلىقىنى شۇ كۆلنى ماكان تۇتۇپ ياشاۋاتقان بېلىقلارنىڭ پادىشاھى ياللىلىق ئاق لەھەڭ بىلىشى مۇمكىن. ئۇ يەردە نېمە بارلىقىنى بىلىشنى خالىساڭ، پۇرسەت تېپىپ شۇ بېلىقلار پادىشاھىدىن سوراپ باقاي، — دەپتۇ.

بوۋاينىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ھەسەننىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتى تېخىمۇ ئېشىپتۇ. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى قانغا ئايلىنىپتۇ، ھەسەن قانلىق كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ:

— ئەي بوۋا، ھازىر ھۆسنىكامال خەتەر ئىچىدە، مېنى دەرھال چارباغقا باشلاپ بېرىڭ، — دەپ ئۆتۈنۈپتۇ.

ھەسەننىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بوۋاينىڭ ئىچى ئاغرىپتۇ. ھەسەننى چار باغدىكى كۆلگە باشلاپ بېرىشقا ماقۇل بوپتۇ. بوۋاي ئۆزىنىڭ ئېتىغا مىنىپتۇ. ھەسەن ئۆزى مىنىپ كەلگەن ئاق قاشقىلىق چىلان تورۇق ئاتقا مىنىپتۇ، ئاتلار ئۇلارنى شامالدەك ئۇچۇرۇپ كۆل بويىغا ئېلىپ بېرىپتۇ، ھەسەن چەكسىز كەتكەن كۆلدىكى زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇدا نۇرغۇن بېلىقلارنىڭ بەھۇزۇر ئۈزۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. ھەسەن كۆلنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ئاسمان ـ پەلەك بوي تارتقان، كۆلنىڭ يېرىمىغا سايە تاشلاپ تۇرغان بىر تۈپ چىنارنى كۆرۈپتۇ. بوۋاي كۆلگە قاراپ، بېلىقلارنىڭ تىلىدا، بېلىقلار پادىشاھىنى چاقىرىپتۇ، شۇ ھامان تىپتىنچ تۇرغان كۆل سۈيى مەۋج ئۇرۇپ دولقۇنلاپ كېتىپتۇ. دولقۇن ئىچىدە بويىنى ۋە گەجگىسىدە يالى بار غايەت زور بىر ئاق لەھەڭ پەيدا بولۇپ، بوۋايغا سالام بېرىپ، باش ئېگىپ تۇرۇپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ كېلىش مەقسىتىنى بايان قىلىپتۇ. لەھەڭ بوۋايغا قاراپ زۇۋان سۈرمەي بىرھازا تۇرۇۋېتىپ، بوۋايغا ئۆز تىلى بىلەن بىرنەرسىلەرنى دەپتۇ ـ دە، بىر شۇڭغۇپ چۆكۈپ كېتىپتۇ. ھەسەن بوۋايدىن لەھەڭنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى سوراپتۇ، بوۋاي ھەسەنگە قاراپ:

— بۇ ئالەمدە ئىنسان ھەممە مەخلۇقاتلاردىن ئەزىز، مەن ئادەم بالىسى ئۈچۈن ئۆز ئەھدەمنى بۇزاي دەيدۇ، — دەپتۇ.

ھەسەن خىجىل بولۇپ يەرگە قاراپتۇ، شۇ چاغدا يەر تىترەپ، كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چىنار ئىككى تەرەپكە چايقىلىشقا باشلاپتۇ. كۆل سۈيى دەھشەتلىك دولقۇنلاپ، قىرغاققا ئۇرۇلۇشقا

باشلاپتۇ، كۆلدىكى بېلىقلار ھەر تەرەپكە ئۆزىنى ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. ھەسەن بىلەن بوۋاي بۇنىڭ نېمە ئالامەت ئىكەنلىكىنى بىلمەي ھەيران بولغانچە ئۆز ئورنىدىن تەۋرەشكە پېتىنالماي تۇرۇپتۇ. خېلىدىن كېيىن، كۆل سۈيى دولقۇنلاشتىن توختاپ، چىنارمۇ ئەسلىي ھالىتىدە جىممىدە تۇرۇپتۇ، شۇ چاغدا ھېلىقى ئاق لەھەڭ كىچىككىنە بىر قۇتىنى چىشلىگەن پېتى كۆلدىن چىقىپ، ئېغىزىدىكى قۇتىنى ھەسەننىڭ ئالدىغا تاشلاپ بېرىپتۇ، ھەسەن قۇتىنى ئېلىپ، قۇتا ئىچىدە پىلە قۇرتىدىن چوڭراق بىر تال قۇرت بارلىقىنى كۆرۈپتۇ. ھەسەن قۇتىنىڭ ئېغىزىنى ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا، ئاسماندىن بېشىدا تاجىسى بار بەدھەيۋەت بىر يىلان چۈشۈپ، ھەسەننىڭ ئالدىدا توغرا بولۇپ يېتىۋاپتۇ. ئۇ يىلان ھەسەنگە قاراپ، ئادەمگە ئوخشاش سۆزلەپ:

— ئەي رەھىمدىل ئادەم بالىسى، بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن، ئۆمۈر بويى سېنىڭ خىزمىتىڭدە بولاي، پۈتۈن تاجۇ - تەختىم، بارلىق بايلىقىم سېنىڭ بولسۇن، ماڭا ئازراق مۆھلەت بەرسەڭ، مەن بېلىقلار شاھى بىلەن ئىككى ئېغىز سۆزلىشىۋالسام، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

ھەسەن بوۋايغا قاراپتۇ، بوۋاي ماقۇللۇق بىلدۈرۈشكە ئىشارەت قىلىپتۇ. ھەسەن بوۋاينىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ ماقۇل بوپتۇ. ئۇ بەھەيۋەت يىلان كۆلدىكى ئاق لەھەڭگە قاراپ:

— سەن ئەھدىمىزنى بۇزدۇڭ، مەن ساڭا ئىشىنىپ، جېنىم بەند قىلىنغان قۇتىنى ساڭا ئامانەت بەرسەم، سەن نېمە ئۈچۈن ئەھدىمىزگە خىلاپلىق قىلىپ، مېنىڭ جېنىم قاچىلانغان قۇتىنى ئادىمىزاتنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەردىڭ؟ سەن گۇناھىڭنى قانداق چۈشەندۈرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئاق لەھەڭ يىلانغا قاراپ:

— دۇنيادىكى جىمى مەخلۇقاتلار ئىنسانلارغا خىزمەت قىلىدۇ. تەڭرىم ئادەمنى ئاپىرىدە قىلغاندىن تارتىپ شۇنداق، سەنمۇ بۇنىڭدىن باش تارتساڭ بولمايدۇ. لېكىن، سەن ئادىمىزاتنىڭ ھالال جۈپتىنى بۇلاپ كېتىپسەن، باللىرىنى يېتىم قىلىپ، ئۆزىنى ۋەيران قىلىپسەن. سېنىڭ بۇ گۇناھىڭ ئالدىدا مەن ئۆتكۈزگەن گۇناھ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، — دەپتۇ - دە، سۇنىڭ تېگىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىپتۇ.

ھەسەن قۇتىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ، ئىچىدىكى قۇرتنى ئەمدىلا سىقىشىغا، ھېلىقى يىلان پادىشاھى داد - پەرياد ئېتىپ، تېرىسى قورۇلۇپ، ئاستا - ئاستا كىچىكلەشكە باشلاپتۇ ھەمدە ئازابلىق تولغىنىپ، ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇپ، ھەسەننىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ. ھەسەن ئۇنىڭ ھالىنى كۆرۈپ:

— سەن دەرھال، ھۆسنىكامالنى ئالدىمغا كەلتۈر، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

يىلان ھەسەنگە يالۋۇرۇپ:

— ماڭا ئازراق مۆھلەت بەرسەڭ، مەن ھۆسنىكامالنى ئالدىڭغا ئېلىپ كەلسەم، — دەپتۇ.

ھەسەن ماقۇل بوپتۇ. يىلان دەرھال ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپتۇ - دە، بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ھۆسنىكامالنى چوڭ بىر ئالتۇن تەختىراۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ ئېلىپ كەپتۇ. ھەسەن بىلەن ھۆسنىكامال يىغلاپ كۆرۈشۈپتۇ. ئۇلارنىڭ كۆز ياشلىرى ئاسماندىكى بۇلۇتلارنى تەسىرلەندۈرۈپتۇ. بۇلۇتلارمۇ ياش تۆكۈپتۇ. بوۋاي ئۇلارغا تەسەللى بېرىپتۇ. ھەسەن ئېسىگە كېلىپ، بوۋايغا چەكسىز تەشەككۈر بىلدۈرۈپتۇ. ھەسەن بىلەن ھۆسنىكامال بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ

ماڭماقچى بولغاندا بوۋاي:

— بۇ ئاق قاشقىلىق چىلان تورۇق ئات، مەندىن سىلەرگە سوۋغا بولسۇن، — دەپتۇ.

ھەسەن بىلەن ھۆسنىكامال چەكسىز خوشال بولۇپ، بوۋايغا رەھمەت ئېيتىپتۇ، بوۋاي ئۇلارغا ئاق يول تىلەپ دۇئا قىلىپتۇ. يىلان شاھ ئۇلارنى ئۇچار قۇش، ھايۋانلارنىڭ تىلىنى بىلىدىغان بوۋاينىڭ يېنىغا ئېلىپ كەپتۇ. ھەسەن ئۇ ئۇستازى بىلەنمۇ خوشلىشىپتۇ، يىلان شاھ ئۇلارنى ئىككى بالىسى قالغان بۇلاق بويىغا ئېلىپ كەپتۇ. ھەسەن بىلەن ھۆسنىكامال ئىككى بالىسى بىلەن زار - زار يىغلاپ كۆرۈشۈپتۇ. بوۋاي بىلەن مومايغا رەھمەت بىلدۈرۈپتۇ. يىلان شاھ ئاخىر ئۇلارنى ئۆز ماكانىغا ئېلىپ كەپتۇ. شۇ چاغدا ھەسەن يىلان شاھقا:

— سېنىڭ بىر قوشۇق قېنىڭدىن كېچەي. لېكىن، مەن قاچان چاقىرسام شۇچاغدا دەرھال مېنىڭ ئالدىمدا ھازىر بولىسەن! — دەپ ئۇنىڭ ئۆز ماكانىغا قايتىشىغا روخسەت قىلىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، ھەسەن ھۆسنىكامال، بالىلىرىغا قوشۇلۇپ بىر مەزگىل ئەركىن، ئازادە، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. بىر كۈنى ھۆسنىكامال ھەسەنگە:

— مەن ئاتا - ئانامدىن ئايرىلغىلى ئۇزۇن زامان بولدى، ئۇلارنى بەك سېغىندىم. ئاتا - ئانام مېنىڭ بالىلىرىمنى، مېنىڭ بالىلىرىم ئاتا - ئانامنى كۆرۈپ باقمىدى. ئۇلار بىر - بىرىنى كۆرۈشى كېرەكتى، لېكىن «سېھىرلىك قاپاق» بولمىسا، ئاتا - ئانامنىڭ ئالدىغا قانداق بارىمىز، — دەپ مۇڭلىنىپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ.

ھەسەن ھۆسنىكامالنىڭ مۇڭلۇق تۇرقىنى كۆرۈپ، قانداق قىلىشنى بىلمەي غەمگە پېتىپتۇ. بىر چاغدا، ئۇنىڭ خىيالىغا چار يىلان شاھنىڭ جېنى بەند قىلىنغان قۇتا كەپتۇ، ھەسەن قۇتىنى يوشۇرۇپ قويغان جايدىن ئېلىپ ھۆسنىكامالغا كۆرسىتىپ:

— بىزنىڭ مۇشكۇلىمىزنى مۇشۇ قۇتا ئاسان قىلىدۇ، — دەپ قۇتىدىكى قۇرتقا قول تەگكۈزۈپتۇ. شۇئان چار يىلان شاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بوپتۇ. ھەسەن ئۇنىڭغا:

— بىزنى ئاق يىلان شاھلىقىغا ئېلىپ بارغىن! — دەپ بۇيرۇپتۇ.

چار يىلان شاھ ھەسەننىڭ ئالدىدا گاھى تىزگۈلۈپ، گاھى تولغىنىپ، ئاھ ئۇرۇپ، نالە قىلىپ :

— مەن ئۇ يەرگە بېرىشقا ئاجىزلىق قىلىمەن، — دەپتۇ.

ھەسەن قۇتىدىكى قۇرتنى تېخىمۇ بەكرەك سىقىپتۇ، چار يىلانلار شاھى قورۇلۇپ كىچىكلەپ، جېنى تومشۇقىغا كەلگەندە:

— ماڭا بىرئاز مۆھلەت بەرگىن، — دەپ ئۆتۈنۈپتۇ.

ھەسەن بىر كۈنلۈك مۆھلەت بېرىپتۇ، چار يىلان شاھى شۇ ھامان ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ئارىدىن بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، چار يىلان شاھ ئۆزىنىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ھەسەننىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇرۇپتۇ، ئۇلار گۆھەر، ئۈنچە - مەرۋايىتلاردىن كۆز قويۇپ زىننەتلىگەن شاھانە تەختىراۋاننى ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ئېلىپ كەلگەنىكەن. ھەسەن بالا - چاقىلىرى بىلەن تەختىراۋانغا ئولتۇرۇپتۇ ۋە چار يىلان شاھقا ئاق يىلان شاھنىڭ ماكانىغا ئېلىپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇلار كۆپ ۋاقىت ئۆتمەيلا ئاق يىلان شاھنىڭ

ماكانىغا يېتىپ بېرىپ، ئاق يىلان شاھنىڭ ئوردىسى ئالدىدا تەختىراۋاندىن چۈشۈپتۇ. ئاق يىلان شاھ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، بارلىق ئوردا ئەركانلىرى بىلەن ئۇلانىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئاپتۇ. ئاق يىلان شاھ چار يىلان شاھنى كۆرۈپ ئەجەبلىنىپتۇ. ھەسەن چار يىلان شاھنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپتۇ. ئاق يىلان شاھ ئەھۋالنى بىلىپ:

— سەن بۇگۈنكى ھالغا چۈشۈپ قېلىشنى ئويلىمىغان بولغىيتتىڭ، قېنى، تېزدىن «سېھىرلىك قاپاق»نى چىقار، — دەپتۇ.

چار يىلان شاھ شۇ ھامان ئاق يىلان شاھنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ، كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ ئۆزىنىڭ جېنىنى تىلەپتۇ. ئاق يىلان شاھنىڭ ئۇنىڭ ھالىغا قاراپ ئىچى ئاغرىپتۇ، غەزىپى پەسىيىپتۇ. چار يىلان پادىشاھ ئۆزىنىڭ سېھرىي كارامىتى بىلەن ئاق يىلان شاھنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋېلىپ، قاچماقچى بوپتۇ. چار يىلان شاھ بىر دومىلاپ ئۇچقۇر يىلانغا ئايلىنىپتۇ، بۇنى كۆرگەن ھەسەن چاققانلىق بىلەن، چار يىلان شاھنىڭ جېنى بەند قىلىنغان قۇتىنى ئېلىپ، قۇتىدىكى قۇرتنى بىر سىققانىكەن، چار يىلان شاھ شۇ ھامان قان قۇسۇپتۇ. چار يىلان شاھنىڭ ئىچىدىن قىزىل «سېھىرلىك قاپاق» چىقىپتۇ. چار يىلان شاھ ئۆلۈپتۇ.

— ئاق يىلان شاھ چار يىلان شاھنىڭ باشقا ھەمراھلىرىنى ئۆز جېنىنى ئۆزى بېقىشقا رۇخسەت قىلىپ تارقىتىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ غەم - ئەندىشىسى تۈگەپ، ھەسەن بىلەن ھۆسنىكامال ئۈچۈن يەتتە كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا قىلىپ بېرىپتۇ. ھەسەن ئۇ يەردە قىرىق بىر كۈن تۇرغاندىن كېيىن، ئاق يىلان شاھتىن ئۆز ماكانىغا قايتىپ كېتىشكە ئىجازەت سوراپتۇ. ئاق يىلان شاھ ئۇلارنىڭ قايتىشىغا رۇخسەت قىلىپتۇ. ئۇلار «سېھىرلىك قاپاق»نىڭ كارامىتى بىلەن ساق - سالامەت ئۆز ماكانىغا قايتىپ كەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بۇ يەرگە سۇ باشلاپ كېلىپ، ئېتىز - ئېرىقنى كېڭەيتىپتۇ. ئۆي - ئىمارەت، شەھەرلەرنى بەرپا قىپتۇ. شەھەر ئەتراپىغىمۇ ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى چېپىپ، باغ - ئورمانلارنى كۆپەيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ھەسەننىڭ ئەسلىي يۇرتىدىكى كىشىلەر بۇ يېڭى شەھەرگە كەينى - كەينىدىن كېلىپ، يۇرتنى ئاۋاتلاشتۇرۇپتۇ. ئۇ يۇرتتىكى پادىشاھ پۇقرالىرىدىن تامامەن ئايرىلىپ، ئاچارچىلىقتا ئۆلۈپتۇ. شەھىرى ھىسارمۇ شۇنىڭ بىلەن خارابىلىككە ئايلىنىپ ھۇۋقۇش، يىلان - چايانلارنىڭ ماكانىغا ئايلىنىپتۇ.

ھەسەن پەيدا قىلغان يېڭى شەھەردىكى يۇرت ئەھلى ئۇنى پادىشاھ قىلىپ تەختتە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ھەسەن پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، مەرھۇم ئاتىسىنىڭ ئادالەت يولىنى تۇتۇپ، يۇرتنى ئەدلى - ئادالەت بىلەن سوراپ، ئۇزاق زامانلارغىچە پاراۋان - بەختلىك، تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچىلەر پىچان ناھىيە لەمجىن بازىرى ئاستانە كەنتىدىن: قاسىم سابىت، توختى موخپۇل)

(توپلاپ رەتلىگۈچى تۇرپان ۋىلايەتلىك مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى ئازسانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ئىشلەيدۇ)





نان    رەسسام: مۇساجان ۋاھاب


源泉 (布拉克)

（维 吾 尔 文） 总136期

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

主编:阿布来提·伊明 副主编: 买买提吐尔地

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路348号）
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

国内统一连续出版物号:CN65-1063/I
国际标准连续出版物号:ISSN 1005-0876
国外发行号:Q1118 邮政编码:830001
邮政代号:58-108 定价:7.50元
广告经营许可证号: 6500006000043

بۇلاق

(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 136 - سان

باش مۇھەررىرى: ئابلەت ئىمىن    مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزىدۇ ۋە نەشر قىلىدۇ
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر)
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118    پوچتا نومۇرى: 830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 108-58    باھاسى: 7.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى: 6500006000043